
# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

## 6

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان



1989 - يىل 10 - ئاي

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

**(6)**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ
40 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى

# مۇندەرىجە


ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ 40
يىللىقى.........تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى ( 1 )

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىسلاھات داۋامىدا
ئىلگىرىلىمەكتە......... تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى (24 )

ئىكرانىدىكى زەپەر مارشى... ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى (37 )

يۇكسىلىۋاتقان ئۇرۇمچى تىببىي داۋالاش — سە-
ھىيە ئىشلىرى......تۇرسۇن ئەمەت تەرجىمىسى (68 )

يېشىللىققا پۈركەنگەن چېگرا شەھەر
.................باتۇر ئابدۇللا تەرجىمىسى (102)

يولى تۈز، چىرىغى يورۇق، سۈيى پاكىز
...................گوەن يىڭۇن تەرجىمىسى (142)

ئۈرۈمچىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان توقۇمىچىلىق
سانائىتى ......... ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى (157)

كۈنسايىن يۇكسىلىۋاتقان 2 - سودا
...............شەمشىدىن ئابلىتىپ تەرجىمىسى (181)

ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى زور ئۆزگىرىش
...............ئىبادەت تۇردى تەرجىمىسى (236)

يېڭى مۇساپىغا ئۇچۇش
.............. زەپەر ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى (255)

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۈرۈمچى پوچتا ئىشلىرى
.................... ئابلىمىت تەرجىمىسى (268)

تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى
.................. باتۇر ئابدۇللا تەرجىمىسى (287)

ھاياتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا بې-
غىشلىغان ئابدۇرېھىم ھاجى
.................... ئابلىمىت تەرجىمىسى (324)

ھاياتىنى جۇڭيى ئىشلىرىغا بېغىشلىغان چېن خاۋ-
رەن.................. ئابلىمىت تەرجىمىسى (348)

# ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ 40 يىللىقى

### فەن جەۋبىڭ

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى: «تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش»، «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش»، «مائارىپ ئىنقىلابى»نى قانات يايدۇرۇش، مائارىپ ئىشلىرىنى «كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك» بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» ئېلىپ بېرىلغان 17 يىلنى؛ «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش»، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش، شۇنىڭدەك تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان، قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن 10 يىلنى؛ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان

كىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى بىر قەدەر ياخشىلاندى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تولۇقلىنىپ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدا يېڭى قىياپەت بارلىققا كەلدى. بۇ 40 يىلدا، باشلانغۇچ مەكتەپ 61 دىن 304 كە، ئوتتۇرا مەكتەپ 5 تىن 189 غا كۆپەيدى. بۇ تەرەققىيات سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ئاز كۆرۈلىدۇ؛ بۇ 40 يىلدا، 508 مىڭ 556 نەپەر ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپنى، 394 مىڭ 427 نەپەر ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى، 152 مىڭ 23 نەپەر ئوقۇغۇچى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنى، 9170 ئوقۇغۇچى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ھەر قايسى كەسىپ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئۈچۈن زور تۈركۈمدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە لاياقەتلىك يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى، نەتىجە ناھايىتى زور.

تۆۋەندە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى، مەكتەپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قوشۇنى، ئوقۇتۇش بىناسى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

13 يىلنى بېشىدىن كەچۈردى. يېتەكچى ئىدىيە جەھەت-
تىن بىر ئۆزگىرىش جەريانىنى يەنى دەسلەپتە «ماارىپ —
دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، مەكتەپ
ئىشىكىنى ئىشچى - دېھقانلارغا ئېچىش»تىن «ماارىپ -
پرولېتارىيات سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ماا-
رىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش»،
«سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچى-
لەرنى تەربىيىلەش»نى ھەتتاكى «ماارىپ سىنىپىي
كۈرەشنىڭ قورالى»، «مەكتەپنى ئىشچىلار، كەمبەغەل،
تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار باشقۇرۇش» جەريانىنى بېشى-
دىن كەچۈردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-
مىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېتەكچى ئىدىيە-
دە سەكرەش بولدى. ماارىپنى تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش،
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ماارىپقا تايىنىش،
«ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاندا ماارىپنى ئاساس قىلىش» تەك
ستراتېگىيىلىك ئىدىيە تەدرىجىي ئورنىتىلىپ، ماارىپ-
نى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش،
كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاندى.

40 يىلدىن بۇيان، ماارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەق-
قىياتىدا ئەگرى - توقايلىق، داۋالغۇش بولغان بولسىمۇ
ئومۇمەن ئېيتقاندا تەرەققىيات سۈرئىتى تېز، نەتىجى-
لەر يەنىلا زور بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەر-

57 مىڭ 613 نەپەرگە يەتتى؛ 1965 - يىلى ئومۇملاش-تۇرۇش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان دېھقانچى-لىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تېرىقچىلىق قىلىش - ئوقۇش باشلانغۇچ مەك-تىپى، كۆچمە ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى كۆپەيتىلدى. شۇ يىلى پۈتۈن رايوندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 282 گە، مەك-تەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 89 مىڭ856 نەپەرگە يەتتى، ئوقۇش-قا كىرىش نىسبىتى: شەھەر رايونىنىڭ 102%، دېھقانچى-لىق، چارۋىچىلىق رايونىنىڭ 94.5%كە يېتىپ، ئاپتو-نوم رايونىمىز بويىچە مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى رايون بولۇپ قالدى.

17 يىلدا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 4.6 ھەسسە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1949 - يىل-دىكىدىن 8.5 ھەسسە ئاشتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، كونا ئازاد رايونلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلىپ، باشقۇرۇش تۈزۈمى، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى ۋە دەرسلەرنىڭ ئو-رۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىسلاھ قىلىندى؛ 1952 - يىلى مەركەز ئېلان قىلغان «باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق نى-زامى (لايىھىسى)» بويىچە قويۇلۇپ مائارىپ سۈپىتى تەد-رىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە، مائارىپ ئىنقىلابى

## بىرىنچى. تەرەققىيات ئەھۋالى

### 1. باشلانغۇچ مەكتەپ

ئازادلىق ھارپىسىدا كۆلىمى ناھايىتى كىچىك، ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق بولمىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن پەقەت 61لا بار ئىدى (شەھەر رايونىدا 21ى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 40 ى).

ئازادلىقتىن كېيىن، مائارىپقا ياردەم بېرىش جەھەتتە تۈرلۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ ئىشچى - دېھقانلار پەرزەنتلىرى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغاچقا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپلەپ ئاشتى. مەسىلەن، 1949 - يىلى 10 مىڭ 597 نەپەر ئىدى. 1952 - يىلى 17 مىڭ 89 نەپەرگە، 1956 - يىلى 29 مىڭ 527 نەپەرگە يېتىپ 7 يىل ئىچىدە 3 ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. 1958 - يىلدىن كېيىن، نوپۇسنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ۋە ئىگىلىكنىڭ كۈنسايىن تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، «ئىككى پۇتلاپ يول يۈرۈپ» مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. 1958 - يىلى 89 باشلانغۇچ مەكتەپ 34 مىڭ 192 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى؛ 1962 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 162 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار

سىنىپ، ئۇستەل - ئورۇندۇق كەمچىل بولۇشتەك سەۋەب-
لەر مائارىپ سۈپىتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كې-
تىش ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 -
ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوقۇتۇش بىنالىرىنى كېڭەي-
تىش، ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىي-
لەش قاتارلىق تەدبىرلەر قوللىنىلىپ باشلانغۇچ مەك-
تەپ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1980 - يىلى، مەركەز،
باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش «چوڭ سىياسەت،
فاڭجېن» دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ھەرقايسى
باشلانغۇچ مەكتەپ «تۆت نىسبەت» نى يۇقىرى كۆتۈرۈش
خىزمىتىنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. نۇرغۇن قېتىم ئېلىپ
بېرىلغان تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش باشلان-
غۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە كۆ-
رۈنەرلىك ئۇتۇق ھاسىل قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

پىلانلىق تۇغۇتتا كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق ھاسىل قى-
لىنغانلىقتىن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈش مەزگىلىدىن
ئۆتۈپ كەتتى. 1978 - يىلى، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئو-
قۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 165 مىڭغا يەتكەنىدى،
1980-يىلدىن كېيىن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى يىل-
دىن - يىلغا ئازايدى، 1988-يىلغا كەلگەندە پۈتۈن شە-
ھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 304 (بۇ، 9 يىللىق، 12 يىل-

قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ۋە ئوقۇ-
ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلدى؛
1961 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە، «8 خەتلىك فاڭجېن»-
نىڭ روھىغا ئاساسەن، سىناق قىلىش كۆلىمى تەڭشەلدى؛
1963 ـ يىلى «پۈتۈن كۈن ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەك-
تەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامى (لايىھە)» ئىزچىل-
لاشتۇرۇلۇپ، مائارىپ خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەي-
تىلدى، مائارىپ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلى — نوپۇسنىڭ
تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئۈچقاندەك ئېشىپ، ئوقۇش
يېشىدىكى باللار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ سانى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىل بولدى.
1969 ـ يىلى ئوقۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، چوڭ
سىنىپ ئېچىش، ئىككى، ئۈچ سىمېناغا بۆلۈپ ئوقۇتۇش
تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، «ياپونغا قارشى ھەربىي-مەمۇرىي دا-
شۆ» چە سىنىپ ئېچىش قاتارلىق جىددىي ئېھتىياجنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، نەچچە يىلدىن
بېرى توپلىنىپ قالغان ئوقۇش يېشىدىكى ۋە ئوقۇش
يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن باللار ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زىيالىي ياشلار، ئائىلە قاتار-
لىقلاردىن ئوقۇتقۇچىلىققا نۇرغۇن ئادەم قوبۇل قىلىندى.
يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتى نىس-
پەتەن ناچار بولغانلىقى، دەرسلىك يېتىشمىگەنلىكى،

سېلىش، مۇستەھكەملەش، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرى-لەش» ئىزچىللاشتۇرۇلدى. 1953 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى. 1956 - يىلدىن باشلاپ، مۇكەممەل ئوت-تۇرا مەكتەپ كۆپەيتىلدى ھەمـدە دېھقانچىلىق، چارۋى-چىلىق رايونلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپ تـەسىس قىلىنىشقـا باشلىدى. 1958 - يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا مەكتەپ كۆپـ-يىپ 13 كە (بۇنىڭ ئىـچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپتىن 5 ى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرى بار)، ئوقۇغۇچىسى 8158 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ-غۇچىسى 1958 نەپەر) گـە يەتتـى. 1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچـە بولغان ئارىلىقتا يېرىـم ئىشلەپ (دېھقانچىلىق قىلىپ) يېرىـم ئوقۇيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئېچىلىپ، زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ پەرزەنتلەر ئوتتۇرا مەكتەپـ-لىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ 33 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكـ-تەپ 12) گە، ئوقۇغۇچىسى 19 مىـڭ 632 نەپـەر (بـۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 4095 نەپەر)-گە يەتتى.

بـۇ 17 يىلدا، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانـى 6.6 ھەسسە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1949 - يىلدىكـى-دىن 19.7 ھەسسە ئاشتى. ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە ئومۇمەن مۇنداق 3 باسقۇچ بېسىپ ئۆتۈلدى؛ ئازادلىقنىڭ دەسلە-

لىق مەكتەپلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كەيىنتىپ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 112مىڭ 30 نەپەرگە ئازايدى. شۇ يىلى ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى 98.5% كە كۆتۈرۈلدى، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 98.1%، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 97.4%، ئومۇملىشىش نىسبىتى 95.4% بولدى.

2. ئوتتۇرا مەكتەپ:

ئازادلىق ھارپىسىدا پەقەت بەشلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئۈچى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ)، 995نەپەر ئوقۇغۇچىسى(بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى 284 نەپەر) بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، 3 يىل ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە «تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاكچېنى ۋە مائارىپ دۆلەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، مەكتەپ ئىشىكىنى ئىشچى ـ دېھقانلارغا ئېچىش فاكچېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلى تۈزۈمى (ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش نىسبىتى يۇقىرىراق بولدى) يولغا قويۇلغاچقا ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىشچى ـ دېھقان پەرزەنتلىرى، ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ نىسبىتى كۆپەيدى. 1953 ـ يىلدىن كېيىن، «تەرتىپكە

1961 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە، تەكشەش ئارقىلىق سىناق دائىرىسى قىسقارتىلدى. 1963 ـ يىلدىن باشلاپ، «پۈتۈن كۆڭلۈك ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق خىزمەت نىزامى (لايىھىسى)» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مائارىپ سۈپىتى پۈختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 3 يىلغا يېقىن ئوقۇش توختاپ قالدى. 1969 ـ يىلى، ئوقۇش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، تۆت قەرەلدە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. مۇنداق ۋەزىيەتتە مائارىپ تارماقلىرى ۋە باشقا تارماقلار تولۇقسىز ئوتتۇرىنى كۆپەيتىپ ئاچتى ھەمدە ئەسلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. شۇندىن كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى سىنىپقا چىقىش سادىسى ئاستىدا ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنى قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇش خاھىشى بارلىققا كەلدى. 1976 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ 159 (بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 90) غا، ئوقۇغۇچىلىرى 99 مىڭ 483 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 32 مىڭ 78 نەپەر) گە يەتتى. 10 يىلدا، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 4.8

پىدە كونا ئازاد رايونلارنىڭ مائارىپ تەجرىبىلىرى ئۆگىنىلىپ، تەدرىجىي ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەكتەپلەر يېڭى قىياپەتكە كىردى، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، «ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق نىزامىسى (لايىھىسى)» يولغا قويۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مائارىپ تەجرىبىسى ئۆگىنىلىپ ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى، گۈزەللىك، ئەمگەك تەربىيىسى، ئۇنىۋېرسال تېخنىكا تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، مائارىپنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1955 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي نومۇرى غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 97% كە يەتتى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە، مائارىپ ئىنقىلابى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش ئېلىپ بېرىلىپ مەكتەپلەر، زاۋۇت، (دېھقانچىلىق مەيدانى) ئاچتى ياكى زاۋۇت (يېزا، دېھقانچىلىق مەيدانى) بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ مائارىپنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ باردى. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي پائالىيەتكە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىشى نىسبەتەن كۆپ بولغاچقا مەدەنىيەت دەرسىنى ئۆگىنىشكە تەسىر يەتتى؛

قۇغۇچىلار سانى 108 مىڭ 125 نەپەرگە (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) يېتىپ 1949 ـ يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 38 ھەسسە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ئا- زادلىقنىڭ دەسلەپكى يىلىدىكىدىن 108 ھەسسە ئاشتى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان،ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ياخشى باش- قۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە ـ تەدبىرلەر ئىشقا سې- لىندى. مەسىلەن؛ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن،قائىدە ـ تۈزۈملەر ئورنىتىلدى ۋە مۇ- كەممەللەشتۈرۈلدى؛ ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك دەرسلىكلەر تۈزۈلدى؛ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ياخشىلاندى؛ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى؛ ئوقۇتقۇچىلار مەدەنىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۇيۇشتۇ- رۇلدى؛ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى خىزمىتى كۈچەيتىلدى؛ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلى- غان بىر قاتار ئىسلاھات سىناق تەرىقىسىدە قانات يايى- دۇرۇلدى. نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق مەك- تەپلەر يېڭىچە تۈس ئېلىپ ئوقۇتۇش سۈپىتى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، 80 ـ يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ- لەرگە كىرىش ئىمتىھانىدائۈرۈمچى رايونىنىڭ نەتىجىسى خېلى ياخشى بولدى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار سانى يىلسا- يىن ئاشتى، 1988 ـ يىلى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن

ھەسسە، ئوقۇغۇچىلىرى 5 ھەسسە (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 7.8 ھەسسە) ئاشتى. تەرەققىيات سۈرئىتى بەك تېز بولۇپ كېتىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە«ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ ئوقۇ- ئوقۇتۇش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن مائارىپنىڭ سۈپىتى تېز تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېزگىنلەنمىگەنلىكتىن مائارىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيات نىسبىتىدە ماسلىشالماسلىق ۋەزىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن مەزگىلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈش ئۈچۈن، يەنە بىر تۈركۈم ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىندى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى قۇرۇلما ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ تەرەققىياتى دەسلەپكى قەدەمدە تورمۇزلاندى. كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا ۋە باشقا كەسپىي، تېخنىك مەكتەپلەر پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1988- يىلغىچە، پۈتۈن رايوندىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ سانى 189 (باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئېچىلغان ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)غا، مەكتەپتىكى ئو-

قا تارماقلار رايونىدا زىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. بەزى سانلىق مەلۇماتلار بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

(1) مىللىي مائارىپ جەھەتتە: ئازسانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي (ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل) مەكتەپلەر تەسىس قىلىندى؛ مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي، خەنزۇلار ئارىلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ (مىللىي ۋە خەنزۇ سىنىپلار بار مەكتەپلەر) ئېچىلدى؛ ھەر خىل تىل سېستېمىسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە نەچچە ياكى ئون نەچچە مىللەتنىڭ پەرزەنتلىرى بىر سىنىپتا ئۆگىنىش، تۇرمۇش، ئەمگەكتە بىرگە بولۇپ ئورتاق ئىلگىرىلىمەكتە. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت تىل سېستېمىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن 100 ى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي، خەنزۇلار ئارىلاش مەكتەپ 66)، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 48 ى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي، خەنزۇلار ئارىلاش مەكتەپ 21) بار. بۇ مەكتەپلەر شەھەر رايونى، زاۋۇت-كان رايونلىرى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە تاغلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىلدى.

ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا 3194 نەپىرى قوبۇل قىلىنىپ، قوبۇل قىلىنىش نىسبىتى 26% بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپ قۇرۇلما ئىسلاھاتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 1981 - يىلىدىن باشلاپ، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلىپ، 1988 - يىلغىچە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار 9170 نەپەرگە يەتتى، 1988 - يىلى كۈزدە، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىغا قوبۇل قىلىنغىنى 56%نى، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغىنى 44% نى ئىگىلىدى.

40 يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئىچىدە مۇنداق ئىككى نەتىجە گەۋدىلىكرەك: بىرى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرا ئىزچىل ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، ئازسانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېز بولدى؛ يەنە بىرى، «دۆلەت مەكتەپ ئېچىش بىلەن زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مەكتەپ ئېچىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش» فاكچىنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، باش-

ئاچقان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى ئومۇمىي سانىنىڭ 54.6% ىنى، بۇ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 47.7% ىنى؛ باشقا تارماقلار ئاچقان ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى ئومۇمىي سانىنىڭ 70.4% نى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 54.4% ىنى ئىگىلىگەن، بۇ نىسبەت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

## ئىككىنچى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

ئازادلىقتىن كېيىن، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىمۇ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاش قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى: باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 671 ئادەمدىن 3751 ئادەمگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 4.6 ھەسسە، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 167 ئادەمدىن 1640 ئادەمگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 9 ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىزچىل تۈردە تەڭشەش، تولۇقلاش، تەربىيىلەش ئارقىلىق 1965 - يىلغا كەلگەندە ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت بەلگىلىگەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تەلىپىنىڭ

1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باشلانغۇچ مەك-
تەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئازسانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى
37 مىڭ 683 نەپەرگە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 9 ھەس-
سىگە يېقىن؛ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 23 مىڭ
240 نەپەرگە يېتىپ، 1949- يىلدىكىدىن 149 ھەسسە ئاش-
تى (1949 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3923
نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 156 نەپەر ئىدى)،
ئېشىش سۈرئىتى ئومۇمىي ئېشىش سۈرئىتىدىن زور بولدى.

(2) باشقا تارماقلار مەكتەپ ئېچىش جەھەتتە: ئازاد-
لىقنىڭ دەسلەپىدە دۆلەت مەكتەپ ئېچىش ئاساس قى-
لىندى، مائارىپ تارماقلىرى مەكتەپ ئاچقاندىن سىرت،
باشقا تارماقلار كەمدىن - كەم مەكتەپ ئاچتى. 1956 -
يىلىغىچە باشقا تارماقلار باشلانغۇچ مەكتەپتىن يەتتى-
نى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن بىرنى ئاچقان ئىدى، 1958 -
يىلىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايون، شەھەر، ھەرقايسى چوڭ
سىستېما، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار مەر-
كەزنىڭ چاقىرىقىغا پائال ئاۋاز قوشۇپ باشلانغۇچ، ئوت-
تۇرا مەكتەپلەرنى كۆپلەپ ئاچتى. 1988- يىلىنىڭ ئاخىرىغى-
چە، 40 نەچچە چوڭ سىستېما، 200 دىن ئارتۇق زاۋۇت، كان،
كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ نۇرغۇن باش-
لانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىپ، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى.
1988 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، باشقا تارماقلار

كە تەڭشىگەندىن سىرت، يېڭىدىن زور بىر تۈركۈم زىيالىي ياشلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشقانلار، ئىشچى، دېھقان، مەھەللىدىكى ئاھالىلاردىن ئوقۇتقۇچىلىققا ئادەم قوبۇل قىلىنغاچقا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار 30% كە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوتتۇرا سىفەن، تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار 46% كە چۈشۈپ قالدى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، لاياقەتلىك يېڭى ئوقۇتقۇچىلار تولۇقلانغاندىن تاشقىرى، خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارى تۆۋەن ھەمدە تەربىيەلەش ئىستىقبالى يوقلار تەڭشەلدى، مەلۇماتى دۆلەتنىڭ تەلىپىگە يەتمىسىمۇ لېكىن تەربىيەلەش ئىستىقبالى بارلار ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى، كەسپىي ئىقتىدارى نىسبەتەن ناچار ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىك، ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھازىر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1988 - يىللىق ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن تەلەپكە يەتكەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 72.7%-

70% تىن يۇقىرىراققا يەتتى. ئىچكى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق كەسپىي ئىقتىدارىمىز ئۆزلۈكسىز ئۆستى؛ نورمال سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ھەر قېتىمقى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ سىنىقى ئارقىلىق جاپا-مۇشەققەت ۋە تاپا-تەنىلەرگە قارىماي ئىشلەپ پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشتەك ئىدىيىۋى-ئەخلاق ئورنىتىلدى. 17 يىلدا، بەلگىلىك سىياسىي، مەدەنىيەت، كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە مائارىپ خىزمەتچىلىرى قوشۇنى بارلىققا كەلدى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ئوقۇتقۇچىلارنى بۇرژۇئا زىيالىيلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ «سېسىق توققۇزىنچى» دەپ ھاقارەتلەپ «ئىنقىلاب»نىڭ ئوبيېكتى قىلدى. بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلار جىسمانىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئوقۇتقۇچىلارنى «نەس» باسقانلىقتىن بىر قىسىملىرى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ۋاز كېچىپ باشقا كەسىپلەرنى تاللىدى، شۇ مەزگىلدە ئوقۇتقۇچىلىقتىن ۋاز كەچكەن لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار 15% تىن ئېشىپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەسلىدىكى تۆۋەن سىنىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يۇقىرى سىنىپلارغا دەرس بېرىش-

ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىنىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتاقلىرى قەۋەتلىك بىنالارغا ئۆزگەرتىلدى. كۆپلىگەن مەكتەپلەرنىڭ كونا، خەتەرلىك ئۆيلىرى رېمونت قىلىندى ياكى قايتىدىن سېلىندى. مەسىلەن، 80 - يىللاردا شەھەرلىك مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ قاتارلىق مەكتەپلەرگە 130 بىنا سېلىپ بېرىلدى (بۇنىڭ يېرىمى ئوقۇتۇش بىناسى، يېرىمى ياتاق بىناسى) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 73 مىڭ 957 كۋادرات مېتىر كونا، خەتەرلىك ئۆي ئۆزگەرتىپ ياسالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى راسخوتى كۆپەيتىلدى (مەسىلەن، 1979 - يىلى ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا ئاجرىتىلغان راسخوت ئومۇمىي راسخوتنىڭ 12% نى ئىگىلىدى)، ئوقۇتۇشقا كېرەكلىك ئۈستەل - ئورۇندۇق، كىتاب - ژۇرنال، تەجرىبە ئەسۋاپلىرى، تەنتەربىيە سايمانلىرى، ئېلېكترلاشقان مائارىپ ئۈسكۈنىلىرى تولۇقلاندى، مەكتەپ ئۈسكۈنىلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىكى سەۋىيىدىن بىر قەدەر ئاشتى.

40 يىلدىن بۇيان، دۆلەت، يەرلىكنىڭ ئاساسىي مائارىپقا ئاجراتقان مەبلىغى پەقەتلا شۇ يىلدىكى قىسمەن جىددىي ئېھتىياجلىق تۈرلەرنىڭ راسخوتى ئۈچۈن

نى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 69.5% نى ئىگىلىگەن. ھازىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن 8758 نەپەر (ئوقۇتقۇچى 7516 نەپەر)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن 11 مىڭ 700 نەپەر (ئوقۇتقۇچى 8234 نەپەر) بار. 1949-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 40 يىلدا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 7 ھەسسىگە يېقىن (ئوقۇتقۇچىلار 14 ھەسسىگە يېقىن)، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 69 ھەسسە (ئوقۇتقۇچىلار 102 ھەسسىگە يېقىن) ئاشتى. نۆۋەتتە بۇ، 20 مىڭغا يېقىن كىشىدىن تەركىب تاپقان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمەتچىلىرى چوڭ قوشۇنى مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەر تەربىيىلەشكە ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلماقتا.

**ئۈچىنچى. ئوقۇتۇش بىناسى، ئۈسكۈنىلەر:**

40 يىلدىن بېرى، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان، دۆلەت، يەرلىك، كوللېكتىپ نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ ئوقۇتۇش بىنالىرىنى يېڭىدىن سېلىپ، كېڭەيتىپ، قايتىدىن سېلىپ ۋە رېمونت قىلىپ مەكتەپنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تاش تام، ياغاچ ئۆيلەر، يېپىز بىنالاردىكى سوقما تام، كېسەك ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن خىش، سېمونتتىن قوپۇرۇلغان قەۋەتسىز ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىلدى. شەھەردىكى كۆپلىگەن

ھۆكۈمىتى چوڭ يىغىن ئېچىپ، جەمئىيەتنى مەبلەغ توپلاپ ماڭارىپ مەبلىغىنى كۆپەيتىشكە سەپەرۋەر قىلدى، ماڭارىپتىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە بەلگىلىمە چىقىرىپ، ستراتېگىيىلىك پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 90 – يىللاردا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىش، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

ئىشلىتىلىپ كەلدى. گەرچە ھەر يىلى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن يىلدا قىيىنچىلىق، دائىم جىددىي بولۇش ئەھۋالىمۇ ئەمەلىيەت. نۆۋەتتە، گەرچە كۆپلىگەن مەكتەپلەردە خەتەرلىك ئۆيلەر يوق، سىنىپلار، ئۈستەل - ئورۇندۇقلار تولۇق بولۇش تەلىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان ئوقۇتۇش بىناسى، ئۇسكۈنە، مەيدان، مۇھىت تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا، پەرق يەنىلا زور. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت پۇلى، يېتەرلىك بولماي ۋاتىدۇ، ئۇسكۈنە راسخوتىنىڭ ئومۇمىي راسخوتتا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. مەسىلەن، (1988 - يىللىق ئۇسكۈنە پۇلى ئومۇمىي راسخوتنىڭ 5.6%نى تەشكىل قىلىپ، 1979 - يىلدىكىدىن 6.4% تۆۋەنلەپ كەتتى)، جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەقىقەتەن ئىمكان بولماي ۋاتىدۇ.

1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - ئايغىچە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەرەققىيات ئەھۋالى ياخشى بولسىمۇ لېكىن ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس دېگەن تەسىراتقا كەلدى. 1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق

بىر خىللا زورلاش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. ئوقۇ ـ ئوقۇ-تۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاساسي جەھەتتىن فېئو-داللىق شەكىلدە ئىدى. سىنىپ ۋە ياتاقلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى كېسەك ئۆيلەر، يورۇتۇش ئەسلىھەلىرى نا-چار، ئوت قالاپ ئىسسىتىلاتتى.

1949 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىر شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئا-دەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى يېڭى ھاياتقا ئېرىش-تى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيى-تىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رايونىمىز نوپۇسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارى-پى كۆلىمى يۈكسىلىش، پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىش يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويىدى، مائارىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئۈرۈمچى رايونىدا مەكتەپ ئېچىش جەھەتتە ئىك-كى پۇتلاپ يول يۈرۈش فاكچىنى پائال ئىجرا قىلىنىپ، زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئاكتىپچانلىقى يۈكسەك دەرىجىدە سەپەرۋەر قى-لىندى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 78 تو-لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، 1782 سىنىپ، 111 تولۇق ئوت-تۇرا مەكتەپ، 693 سىنىپقا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇ-چىلار ئومۇمىي سانى 108 مىڭ 125 نەپەرگە تەرەققىي

# ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىسلاھات داۋامىدا ئىلگىرىلىمەكتە

جاڭ شۆجۇڭ

ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە پە-
قەت بەشلا ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، بۇنىڭدا
995 نەپەر ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچى-
لار 156 نەپەر) ئوقۇيتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى
ئوقۇتقۇچىلىقنى قوشۇمچە ئۆتەۋاتقانلار بولغانلىقتىن
ئوقۇتۇشنىلا بىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى بىلەن كارى بول-
مىغاچقا ئوقۇ - ئوقۇتۇش سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. دەرس-
لىك مەزمۇنى قالاق، بىرەر مۇكەممەل ئوقۇ - ئوقۇتۇش
پروگراممىسى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دەرسلىكمۇ
يوق ئىدى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن
ئاددى، پۈتۈن رايوندا بىرەر تولۇقراق تەجرىبىخانا ھەتتا
تا فىزىكا، خىمىيە دەرسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىشلەيدى-
غان ئادەتتىكى تەجرىبە ئەسۋاپلىرىمۇ يوق ئىدى. ئوقۇ-
ئوقۇتۇش مېتودىنى ئېلىپ ئېيتساق خۇددى قوي بوردىغانىدەك
قارا دوسكا ۋە بورغا تايىنىپ دەرس سۆزلەشتىن ئىبارەت

دۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەھىرىمىزنىڭ ماتارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا شەھىرىمىزدە سان جەھەتتىن يېتەرلىك، سۈپەتتە خېلى يۇقىرى بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. 1988 - يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى سانى 8234 نەپەرگە يېتىپ، ئازادلىق ھارپىسىدىكىدىن 100 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقان. ئوقۇتقۇچىلار سان جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئوقۇش تارىخى جەھەتتىن قارىغاندا، داشۆ پۈتتۈرگەنلەر 2378 نەپەرگە، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 3380 نەپەرگە يېتىپ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قويۇلىدىغان ئوقۇش تارىخى ئۆلچىمىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆلچەنگەندە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 60.3%كە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ لاياقەتلىك نىسبىتى 88.9%كە يەتكەن. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى ئازادلىقنىڭ ئالدىدىكى 14 ئادەمدىن 1988 - يىلغا كەلگەندە 1412 نەپەرگە يېتىپ، 100.8 ھەسسە ئاشقان.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ئەھۋالى جەھەتتە، بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى-

قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 14، ئوقۇغۇچىسى سانى 14 مىڭ 77 نەپەرگە يەتتى. ئازادلىقنىڭ ئالدىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 110 ھەسسە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 104 ھەسسە ئاشتى.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ساپاسى ياخشى، سەۋىيىسى يۇقىرى، تۇراقلىق بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى مۇھىم ھالقا. 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ساپا، ئوقۇتقۇچىلىق ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىش، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، دەرسلىك مەزمۇنى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش مېتودى ۋە مائارىپ پەن تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى، ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا بولغان كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتتى. مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى مائارىپ شۆبىسىنى قۇرۇپ سىستېمىلىق ھالدا مۇددەت ۋە تۈركۈملەرگە بۆلۈپ خىزمەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى

دەرسلىك قوللىنىلدى. ھازىر ھەر قايسى پەن ۋە ھەر قايسى يىللىقلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋەزىپىسى يېڭى ئوقۇ - ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دەرسلىك بويىچە ئورۇنلانماقتا. بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپ سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىك مەزمۇنىنى يۇقىرى سەۋىيىدە تاماملاش شەھىرىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە پائال رول ئوينايدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، سوتسىيالىستىك ۋەتەن ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە خەلقنى بېيىتىش ئۈچۈن جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئۆزىنى پىداقىلىش روھىغا ئىگە، يېڭى بىلىملەرنى ئىزدىنىپ تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئىجاد قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىلمىي روھقا ئىگە قىلىپ تەربىيىلەش- پۈتكۈل مائارىپنىڭ نىشانى. ئوتتۇرا مەكتەپمائارىپى مانا مۇشۇنىشان ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، شەھىرىمىزدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر قەتئىي، توغرا سىياسىي نىشاننى باشتىن - ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ كەلدى،

نى ئىزچىل ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، كەسپىي ئىدىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇستەھكەملەندى. ئۇلار بىلىم ئۆگىنىپ ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنى پائال ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە ئۇلارنى ئاسرىغانلىقى ئۈچۈن، مائارىپ سۈپىتى مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى ئىچىدە 10.6% يولداش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، 22.3% يولداش كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىردى.

مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە چوقۇم بىر يۈرۈش يۇقىرى سەۋىيىدىكى زامانىۋى ئوقۇ - ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىلانى ۋە دەرسلىك بولۇشى لازىم.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۇنيا ئىقتىسادى، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىمۇ كۆپ قېتىم تۈزىتىلدى. 1953 - يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دەرسلىكى قوللىنىلغان ئىدى، 1958 - يىلى ئۆزىمىز تۈزگەن دەرسلىك ئىشلىتىلدى. 1960 - يىلىدىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئەمەلىيەت جەريانىدا تونۇشى ئۆستى. ئىدىيىۋى تەربىيىدە سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۆۋەتتە، شەھىرىمىزدە خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق، خىزمەتنى باش چۆكۈرۈپ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم سىنىپ مۇدىرلىرى قوشۇنى يېتىلىپ چىقتى.

ساغلام بەدەن — تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. مەكتەپلەردە «ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كومىتېتى»، «سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش» تەشكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بەدەننى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇردى. تەنتەربىيە، سەھىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. «دۆلەت تەنتەربىيە ئۆلچىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر قايسى مەكتەپلەر بۇنى ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مەشقىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، كىچىك تىپتىكى، ھەر خىل شەكىللەردىكى «ئۆلچەمگە يېتىش مۇسابىقىسى» نى قانات يايدۇرۇپ، قەرەللىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. 1985 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن 31 مىڭ 49 نەپىرى ئۆلچەمگە يەتتى. شەھىرىمىزدە يىلدا بىر نۆۋەت

تەلىم ـ تەربىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئىس-
لاھ قىلدى ۋە يـۇقىرى كـۆتۈردى. ئـاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم بىلەن شەھەرلىك پارتكوم ئوتتۇرا مەكتەپلەر-
نىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە ئەزەلدىن
كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. 1950 ـ يىلى، پارتكومنىڭ ئا-
ساسلىق مـەسئۇللىرى ئـوقۇغۇچىلارغا شـەخسەن ئـۆزى
دوكلات بەردى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەر-
بىيە مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشقا قـاتناشتى.
تەلىم ـ تەربىيە مـەزمۇنى جەھەتتە كوممۇنىزمنى ئوقۇ-
غۇچىلارغا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ يادروسى
قىلدى، «بەشنى قىزغىن سـۆيۈش» تـەربىيىسى، «بەش
بولۇش»، «تۆتتە گۈزەل» تەربىيىسى، ئىنتىزام، قانۇن-
تۈزۈم تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تـەربىيىسىنى
ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئۈزۈنغىچە ئۈزۈلدۈرمەس-
تىن ئېلىپ باردى. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئاسا-
سلىقى سىياسىي دەرس، ھـەر قايسى پەنلەر، ھەر قايسى
دەۋردىكى ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر، ھـېيت ـ بـايراملار-
دىكى پائالىيەت، قەھرىمانلار، نـەمۇنىچىلارنىڭ ئىلغار
ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىش، سىنىپ يىغىنى، ئىتتىپاق، ئەت-
رەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق يوللار ئار-
قىلىق ئېلىپ بېرىلدى. تەلىم ـ تەربىيىنى مەزمۇن قىل-
غان پائالىيەتلەر داۋامىدا ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيەت بىلەن
ئۇچرىشىش، ئىشچى ـ دېھقانلار، سودا، ھەر قايسى كەسىپ،

رۇش جەھەتلەردە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مەكتەپلەرنىڭ كىتاب - ژۇرنال، دەرسلىكلەر بىلەن تەمىنلىنىش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. كىتاب، ماتېرىيال سېتىۋېلىش، گېزىت - ژۇرنال لارغا يېزىلىش ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، كۇتۇپخانا، ماتېرىيال بۆلۈملىرىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر قايسى پەنلەردە ماتېرىيالغا بولغان ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى، كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئوقۇيدىغان كىتاب، ژۇرناللار بىلەن تەمىنلىدى. 1985 - يىلغىچە مەكتەپلەردىكى چوڭ - كىچىك كىتاب ئىسكىلاتى 117 گە، ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىسى 196 گە، ساقلانغان كىتاب سانى 779 مىڭ 576 نۇسخىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي يېزىقتىكى كىتابلار 45 مىڭ 989 نۇسخا، چەتئەل يېزىقىدىكى كىتاب 15 مىڭ 76 نۇسخا. يېزىلغان گېزىت 3039 خىل - قېتىم، ھەر تۈرلۈك ژۇرنال 3626 خىل - قېتىم.

دۇنيا پەن - تېخنىكىسى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا ياخشىلاندى، ئېلېكتىرلەشكەن ئەسلىھەلەر زامانىۋى ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى. شەھىرىمىزدە ئېلېكتىرلەشكەن ماتارىپ ئەسلىھەلىرى 1979 - يىلدىن باشلاپ سېتىۋې-

ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەن-تەربىيە يىغىنىدا ھەر يىلى يېڭى نەتىجە كۆرۈلۈپ تۇر-دى. ھەر قايسى مەكتەپلەر تەنتەربىيە خىزمىتىدە تەن-تەربىيە دەرسى، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش خىزمىتى، سە-ھىيە ساقلىنىقنى ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دەرس، ئىككى گىمناستىكا، ئىككى پائالىيەت تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەن ساغلاملىقى ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈ-لۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى.

شەھىرىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە تەجرىبە سايمانلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى. شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىلىكتىرلەشكەن مائارىپ سايمانلىرى پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سايمانلار بىلەن تەمىنلەش، سايمان-لارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1985 - يىلىغا قەدەر شەھەرگە قاراشلىق 28 ئوتتۇرا مەكتەپكە 3 مىليون 170 مىڭ يۈەنلىك دىداكتىك سايمان سەپلەندى، 99 تەجرى-بىخانا، 98 ئىبتىز دىداكتىك سايمان ئۆيى سېلىندى، 1201 دانە سايمان جازىسى، 1541 تەجرىبە ئۈستەلى يا-سالدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن تەبىئىي پەن تەجرىبىلىرىنى ئىشلەش تەلىپى ئۆلچەمگە كاپالەتلىك قىلىندى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى-يەت ئىقتىدارى ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈ-

ۋە ياكى يېتەكچىلىك قىلىش دىداكتىكا مېتودى. بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى، مۇزاكىرە قىلىشى ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكلەپ يېڭى بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئىگىلەش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈلىدۇ. ئۈچ باسقۇچلۇق مېتودىكا (ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، سوراش، خۇلاسىلاش). دەرسلەرنى تۈر بويىچە ئۆتۈش مېتودى (بۇنىڭدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئاساسەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش دەرسى، ئىلھاملاندۇرۇش دەرسى، تاپشۇرۇق ئىشلەش دەرسى، تەكرارلاش دەرسى، خاتاسىنى تۈزىتىش دەرسى ۋە قىسقىچە خۇلاسىلاش دەرسىدىن ئىبارەت 6 تۈرگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ). ئارىلاشما مېتود (بۇنىڭدا بىر تەرەپ-تىن سۆزلەش، بىر تەرەپتىن كۆرسىتىش، بىر تەرەپتىن كۆزىتىش، بىر تەرەپتىن خۇلاسىلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ). ئوچۇق مېتودىكا (بۇنىڭدا دەرسنى دەرس سىرتىدىكى نەق مەيدانغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ). پاراڭلىشىش، مۇھاكىمىلىشىش ئاساسىدىكى مېتودىكا (بۇنىڭدا كۆپىنچە سۆھبەتلىشىش، مۇھاكىمە قىلىش، سۆزلەش، يېشىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ). تاپقۇزۇش مېتودىكىسى (بۇنىڭدا تەجرىبە، كۆزىتىش، مۇزاكىرە، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ).

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى

لىنىشقا باشلىدى، پروييېكسىيە ئاپپاراتى، سىنئالغۇ، كىنو ئاپپاراتىدىن تېلېۋىزىيىلىك سىنئالغۇ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىغا تەرەققىي قىلدى. ئېلېكترلەشكەن مائارىپ پونكىتى بىلەن شەھەرگە قاراشلىق 28 ئوتتۇرا مەكتەپ 8 يىل ئىچىدە 135 تىپلىق ئاپتوماتىك پروييېكسىيە ئاپپاراتىدىن 175 نى، تۈرلۈك پروييېكسىيە ئەسۋابىدىن 460 نى، ھەرخىل ئۈنئالغۇدىن 488 نى، تېز سۈرئەتتە ئۈنئالغۇ كۆچۈرۈش ئاپاراتىدىن 3 نى، 16mm لىق كىنو ئاپپاراتىدىن 59 نى، يەككە لامپىلىق سىنئالغۇ كامېرىسىدىن 6 نى، سىنئالغۇدىن 15 نى، رەڭلىك كۆزىتىش ئاپپاراتىدىن 66 نى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىدىن 121 نى سېتىۋالدى. زامانىۋى ۋاستىلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىشى ئوقۇ - ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ئاساس سالدى.

ئوقۇ - ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتە، ئىلگىرىكى نوقۇل چۈشەندۈرۈش مېتودى كۆپ خىل ئوقۇ - ئوقۇتۇش مېتودىغا تەرەققىي قىلدى. ھازىر شەھىرىمىزدىكى مەكتەپلەردە ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل دىداكتىكا مېتودى قوللىنىلماقتا: ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە كونسولتاتسىيە قىلىش دىداكتىكا مېتودى ياكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش دىداكتىكا مېتودى

# ئېكراندىكى زەپەر مارشى

## جاڭ سۇڭجۇن، لى ۋېنجۇڭ

بۇ يىل، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى. 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتىنىمىزنىڭ چېگراشەھەرلىرىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، كىنوچىلىق ئىشلىرىدىمۇ باشقا مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىدىكىگە ئوخشاشلا زور تەرەققىياتلار بولدى. كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش قوشۇنى كۆنسايىن زورايدى، كىنو فىلىم قويۇش تورلىرى شەھەر - يېزىلارنى قاپلىدى، كىنو ئىشلەش، كىنو تەربىيىسى، كىنو مېخانىزملىرىنى رېمونت قىلىش قاتارلىق تارماقلىرىمۇ ئۇرۇمچى شەھىرىدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قۇرۇلدى ۋە راۋاجلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ كىنوچىلىقىدا گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

1989 - يىل 2 - ئايغا قەدەر، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ 3424 ھېكايە فىلىمى، خەۋەر، پەن - تېخنىكا تەربىيىسىگە ئائىت ھۆججەتلىك فىلىمدىن 407سى (تۆت

شەھىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدا گەرچە ئېگىز - پەسلىك-
لەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا
زور تەرەققىيات بولدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان،
مەكتەپ ئېچىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.
ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى ۋە ساپاسى
يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن شەھەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرى-
دا «زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش»
يېتەكچى قىلىنىپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى»نىڭ
روھى، پارتىيىنىڭ ئەخلاق، بىلىم، جىسمانىي، گۈزەل-
لىك، ئەمگەكتە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن
ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، سالماق
قەدەم بىلەن ئۈزۈنغىچە تەرەققىي قىلىشتەك يېڭى ۋەز-
يەت بارلىققا كەلدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى يۇقىرى
بىر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن زور
تۈركۈمدىكى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك،
ئىنتىزاملىق بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ
بەردى.

دەرىجىدە ئېشىشقا يۈزلىنىپ، 1988 - يىلى، كىنودىن كىرگەن كىرىم ئەڭ كۆپ بولغان 1979 - يىلىنىڭكى بىلەن تەڭلىشىپ تۆت مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى (پىلاندىن ئاشۇرۇۋەتكەن قىسمىدىن ئېلىنغان پىرسەنت سومىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شەھەر رايونىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى 20.9 قېتىم كىنو كۆرگەن، بىلەت باھاسى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا يىلىغا ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىنو كۆرۈشكە ئىشلەتكەن خىراجىتى 7.24 يۈەنگە يېتىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئۆلكە، رايون مەركىزىي شەھەرلىرى ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەھۋالنى ئەسلىگىنىمىزدە، تارىختا قەدىمىي شائىرلار تەرىپىدىن «ناخشا - ئۇسسۇل ساياھەت ماكانى» دېيىلگەن ئۈرۈمچى چېگرا رايونغا جايلاشقانلىقى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بىۋاستە قاتنايدىغان زامانىۋى قاتناش سايمانلىرىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى قاتارىدىكى كىنوچىلىق ئىشلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەردىن 20 نەچچە يىل ئارقىدا قالغان. ئازادلىق ھارپىسىدىكى 1949 - يىلدا ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ھەر مىللەت مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا كىنو قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان

چاستىن تۆۋەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) تارقىتىلمىدى ۋە قويۇلدى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ئورتاق راۋاجلاندى، رىقابەتلىشىش، ئۆز ئارا تولۇقلاشتەك يېڭى ۋەزىيەتتە ھازىر تۈرلۈك شەكىلدىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرىدىن 161ى بار (تېلېۋىزور، سىنئالغۇ تېخى تەرەققىي تاپمىغان 1977 - يىلى ئەڭ كۆپىيىپ 304 كە يەتكەن)، بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىللىمېترلىق ئاپپارات ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار 139 (كىنوخانا 4، تىياتىرخانا 5، يېزا بازىرى كىنوخانىسى 2، سىرتقا ئېچىلغان كۇلۇب 25، ئىچكى قىسىمدىكى كۇلۇب 103)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 16 مىللىمېترلىق ئاپپارات ئىشلىتىدىغان كۆچمە كىنو قويۇش ئەترىتىدىن 22 سى بار (1977 - يىلى 84 ئىدى). ئۇنىڭدىن باشقا كىنو - سىنئالغۇ قويۇش ئورۇنلىرىدىن 63 ى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بەرپا بولغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، تەكشى تارقالغان كىنو قويۇش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرماقتا. كىنو بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان سەنئەت- تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭەيىۋاتقان ئەھۋالدا ئۈرۈمچى رايونى بويىچە كىنودىن كىرگەن كىرىم 1984 - يىلدىن باشلاپ بىر قەدەر زور

يىچە تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنوخانا ــ خەلق كىـ
نوخانىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئـايدا، جـۇڭگو كىنو
فىلىم تىجارەت شىركىتى غـەربىي شىمال رايونلۇق شىر-
كىتىنىڭ شىنجاڭ ئىش بېجىرىش باشـقـارمىسى قۇرۇشقا
جىددىي تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 11 ـ ئايـنىڭ 1 ـ كۈنى
رەسمىي قۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىسـ
تىك پارتىيىسى شىنجاڭ بيۇروسى ۋە ئـۆلكىلىـك ھۆكۈ-
مەتنىڭ رەھبەرلىكىدە «كونا فىلىملـەرنى تەكشۈرۈش،
پۈتۈن شىنجاڭدىكى كىنو فىلىم تىجارىتىنى باشقۇرۇش،
كىنو فىلىم تارقىتىش؛ ھۆكۈمەت ئـىگـىدارچىلىقىدىكى
كىنوخانىلار قۇرۇش، شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى كىنو-
خانىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالـ
غانىدى. مەركەزنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىلـ
لەت خەلقىغە قىلغان غەمخورلۇقى بىلەن شەھىرىمىز كىـ
نو فىلىم تارقىـتـىـلىدىغـان 14 چوڭ شەھەر قاتارىدىن
ئورۇن ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەملىكەت خاراكتېر-
لىك كىنو كۆرگەزمىسى (ھەپتىلىكى) ۋە يېڭى فىلىملەر-
نى تارقىتىش، شۇنىڭدەك كىنو مېخانىزملىرىنـى تەقسىم
قىلىش جەھەتلەردە مەركەزنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىـ
شىپ كەلدى. 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، شەھـ
رىمىزدىن بىرلا خەلق كىنوخانىسى قاتناشقان مەملىكەتـ
لىك «يېڭى كىنولار كۆرگەزمە ئېيى» باشلانـدى، بۇنىڭـ
دا 1950 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنو ستـودىيىلىرى

ئورۇنلاردىن ئاران 3 ـ 4 ى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى، مەيدانلىرى ئىنتايىن ئاددى ئىدى، فىلىم بىلەن تەمىنلەشتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن پات ـ پات توختىلىپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن، ئاممىنىڭ كۈن ئالىمقى تەس بولغاچقا، كىنو تاماشىبىنلىرى ئاساسلىق جەمئىيەتتىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ كىنو كۆرۈشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. دەرۋەقە سوۋېت ئىتتىپاقى فىلىملىرىنىڭ بىر مەركىزى ئۈرۈمچى رايونىغا مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچراپ تۇراتتى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلق مەيدانىدا تۇنجى رەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نەنجىڭگە ھۇجۇم باشلىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭ تىپتىكى ھۆججەتلىك فىلىم «مىليونلىغان قەھرىمانىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشى» قويۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو كىنوئىشلىرىنىڭ شەھىرىمىزدىكى تەرەققىياتىغا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا، خەنزۇ ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىنىڭ ئورنىدا دىخۇا شەھىرى بو-

«تىنچلىق» تىياتىرخانىلىرىمۇ كىنو ـ تىياتىرخانا خاراكتېرىنى ئېلىپ، يەرلىك بىر مەزگىل فىلىم بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارمۇ سىرتقا بېلەت سېتىپ ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىر مۇنچە تاماشىبىنىنىڭ كىنو كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زاۋۇت، كان، ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپلەرنىڭ كۇلۇبلىرى، كىنو قويۇش ئەترەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، كىنو قويۇش ئورنى 54 كە يەتتى. شۇ يىلى 4 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە بىۋاستە قاراشلىق كىنو قويۇش 14 ـ ئەترىتى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، 11 ـ ئايدا، سوۋېت مۇھاجىرلىرى كۇلۇبى ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ دوستلۇق كىنوخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

كىنو قويۇش تورلىرى تەدرىجىي شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش ئاپپاراتلىرىمۇ مۇناسىپ هالدا قۇرۇلۇشقا، مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. 1957 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق تۆت رايوندا كىنو ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مەخسۇس كادىر قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كەسپىي باشقۇرغۇچى خادىملارنى شەھەرلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىغا كىنو ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى مەخسۇس كادىر قىلىپ يۆتكەپ، شەھەر دەرىجىلىك كىنو ئىشلىرى-

ئىشلىگەن يېڭى كىنولاردىن 27 سى قويۇلۇپ، ئازادلىق-
نىڭ دەسلەپپىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى
ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، خەلق كىنو ئىشلىرىنىڭ شانلىق نە-
تىجىلىرى نامايەندە قىلىندى، بۇ، جۇڭگونىڭ كىنو ئىش-
لىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلى-
قىدىن دېرەك بەردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا، شەھىرىمىز-
دىكى بەش كىنوخانا «سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ 34
يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سوۋېت
ئىتتىپاقى كىنو كۆرگەزمىسى» گە قاتناشتى. بۇ، يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىم-
لىق چەت ئەل كىنو كۆرگەزمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ دوستا-
نە ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى
ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە شەھىرىمىزدە دوست دۆلەتلەر-
نىڭ كىنو ھەپتىلىكى (كۆرگەزمىسى) ئۆتكۈزۈلۈپ، مۇ-
ناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ كىنولىرى قويۇلدى. ۋەزىيەت
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 1956 - يىلى شەھىرىمىزدە ئاپ-
تونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ۋە شەھىرىمىز مە-
دەنىيەت تارماقلىرىغا قاراشلىق «خەلق»، «مەدەنىيەت»،
«شىنشىن»، «1 - ماي»، «دوستلۇق جەمئىيىتى»،«دوست-
لۇق» قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، كەسپىي خاراكتېر-
دىكى يەتتە كىنوخانا قۇرۇلدى؛ ھەر-
بىر رايوننىڭ «1 - ئاۋغۇست»، بىڭتۇەننىڭ

ئۇيغۇنلىشىش ئۇچۇن كۆپ خىل بىلەت باھاسى يولغا قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۇلۇبلارنىڭ بىلەت باھاسى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە باھا بەك تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى تۈزىتىلدى؛ شۇنىڭدەك دەرىجىگە ئايرىش روھى بويىچە كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنى فىلىم بىلەن تەمىنلەش نۆۋىتى ۋە ئۇسۇلى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كىنو قويغۇچى ئورۇنلار 75 كە يەتتى، نوپۇس سانى بويىچە ھېسابلىغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5600 ئادەمگە بىر كىنو كۆرۈش ئورنى توغرا كەلدى، ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا كىنو كۆرۈشكە قولايلىق بولۇش، كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارنى ئىگىلىدى.

1960 - يىل 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىنو فىلىم تارقىتىش، قويۇش شىركىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سالغاندا شەھەر دېمىزدىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى ئازايمىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىيىپ، 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرى 113 كە يەتتى. شۇنىڭ ئارقىسىدا كىنو قويۇش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن فىلىم تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى (ئەينى ۋاقىتتا فىلىم لېنتىلىرى ئاساسەن چەتتىن ئىمپورت قىلىناتتى). مەركەزنىڭ تەرتىپكە سېلىش مەركەز قىلىنغان «تۆت سۆزلۈك فاڭجېن»ى بو-

نى باشقۇرغۇچى ئاپپارات قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. شۇ
يىلى «كەسپلەر بويىچە باشقۇرۇش» روھى بويىچە
«شىن شىن»، «1 ـ ماي»دىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئارما قىلىرى
باشقۇرمايدىغان ئىككى كىنوخانا ئۆتكۈزۈۋېلىنغاندىن
سىرت، پۈتۈن بىر يىل كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنى تىزىم-
لاش ۋە كىنو قويغۇچى خادىملارنى تېخنىكا جەھەتتىن
تەكشۈرۈش خىزمىتى تۇتۇلدى. مۇشۇ تەدبىرلەر ئار-
قىلىق شەھىرىمىزدىكى كىنو قويۇش تورلىرى ئۈنۈملۈك
باشقۇرۇلدى. 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايون-
لۇق مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدىكى «خەلق»، «مە-
دەنىيەت» كىنوخانىلىرى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاپتونوم
رايونلۇق كىنو ـ فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتى
ئۇرۇمچى تارقىتىش پونكىتى شەھەرنىڭ رەھبەرلىكىگە
ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 9 ـ ئايدا، يەنە شەھەرلىك كىنو
سايمانلىرى رېمونت پونكىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن
شەھىرىمىزدە مەدەنىيەتنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تار-
ماقلار رەھبەرلىكىدىكى كىنو ـ فىلىم تارقىتىش، قويۇش،
رېمونت قىلىش ئىشلىرى تولۇق بولغان كىنو ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ئاپپاراتى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى شەھەر
بويىچە كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنى دەرىجىگە ئايرىش،
بېلەت باھاسىنى بىرتۇتاش تەڭشەش خىزمىتى ئىشلە-
نىپ ئەلالىرى يۇقىرى باھادا بولۇشتەك بېلەت باھاسى
سىياسىتى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كونكرېت ئەھۋالغا

قويۇش ئەترىتىنى 6گە يەتكۈزدى. ناھىيە بويىچە كىنونى ئومۇملاشتۇرۇشتا، «ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كىچىك ئەترەتلىرىگە يۈزلەندۈرۈش» قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 118 كىنو قويۇش نۇقتىسى قۇرۇلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى يايلاقلار ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى تارقاق، چەت - يىراق جايلاردىمۇ ۋاقىتلىق نۇقتىلار ۋە ئومۇملاشتۇرۇش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىندى. كىنو قويۇش نۇقتىلىرىنىڭ كىنو قويۇش قېتىم سانى جەھەتتە ھەر قايسى ئەترەتلەرنىڭ چامىسىغا قاراپ، چەت - يىراق جايلاردىكى ئادىمى ئاز كىچىك نۇقتىلارنىڭ ھەر يىلى ئەڭ ئاز دېگەندە كۆرىدىغان كىنو قېتىم سانىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئادەم كۆپ، چوڭ نۇقتىلاردىكى كۆپرەك كىنو كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلارغا ئېتىبار بېرىش؛ ئادەتتىكى نۇقتىلارنىڭ نورمال كىنو قېتىم سانىنى تەكشۈلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «بىر باشقا كاپالەتلىك قىلىش، يەنە بىر باشقا ئېتىبار بېرىش، ئوتتۇرىنى تەكشۈلاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. كىنو ھەققى ئۆلچىمى «چوڭ نۇقتىلاردىن كۆپ ئېلىش، كىچىك نۇقتىلاردىن ئاز ئېلىش، پايدا ئالماسلىق زىيانىنى تولۇقلاش، بىر تۇتاش تەڭشەش» پرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 1965 - يىل ئەتىيازدا چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى

يىچە كىنو قويۇش ئورۇنلىرى مۇناسىپ تەرتىپكە سې-
لىندى، كىنو لېنتىسى نورمىلىق ئەھۋالدا تېخىمۇ كۆپ
كىشىنى كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسى-
تىدە، ئىچكى قىسمىدىكى تاماشىبىنلار بىر قەدەر ئاز،
تەكرار پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدىغان 23 ئىچكى كۇلۇب
ۋە كىنو قويۇش ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە
سىرتقا يۆتكىۋېتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
شەھەر رايونىدىكى كىنو قويغۇچى ئورۇنلارنىڭ جايلى-
شىشى مۇۋاپىق پىلانلاندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شەھەر-
دىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، يېزا ئى-
گىلىكىگە خىزمەت قىلىش» روھىغا ئاساسەن، دېھقانچى-
لىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش پائالى-
يەتلىرىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، «كىنونى
ئومۇملاشتۇرۇش، كىنو قويۇلمايدىغان ئورۇن قالدۇرماس-
لىق»، ئەزەلدىن كىنو كۆرۈپ باقمىغان دېھقان-چارۋى-
چىلارنى كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى تى-
رىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شەھەرلىك
مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى شەھەرلىك
كىنو قويۇش ئەترىتىنىڭ 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش
ئەترىتىدىن ئىككىنى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك كىنو قويۇش
ئەترىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار
قىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو

لىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. 1971-يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك كىنو قويۇش چوك ئەترىتى ناھىيىلىك كىنو ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977 - يىلىدىن كېيىن دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى كىنوقويۇش ئەترەتلىرىدىن باشقا، كۆچمە ئەترەت، چارۋىچىلىق فېرمىلىرى قارمىقىدا كوللېكتىپ باشقۇرۇشىدىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش ئەترىتى 46 غا، يىللىق قويغان كىنو قېتىم سانى 21 مىڭغا يېتىپ، رېكورت يارىتىلدى. 1981 - يىلى بۇ پونكىت ئۈرۈمچى ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 60 - يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىلدە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن تېمىسى ھەر خىل، مول مەزمۇنلۇق كىنولار تۇركۇملەپ مەيدانغا كېلىپ، شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ۋە 50 - يىللارنىڭ بېشىدىكى چەت ئەل فىلىملىرىنى كۆپ قويۇشتەك ئەھۋال ئۆزۈل - كېسىل تۈگىتىلدى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن فىلىملەر كۆرگەزمىسىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم ئۆزۈن، قىسقا ھۆججەتلىك فىلىملەر، ئالايلۇق،

تارقاق، قاتناش قولايسىز بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاسەن،
چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشلەشكە باپ كېلىدىغان
بىر كىنو قويۇش ئەترىتى (قازاقچىدىن خەۋىرى بار،
تېخنىكىدا پىششىق خادىملاردىن تەشكىللەنگەن، ئۈس-
كۈنلىرى يېنىك، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك) مەخسۇس
چارۋىچىلىق رايونلىرى ئۈچۈن ئىشلەشكە مۇقىم ئاج-
رىتىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا، شەھەر، ناھىيىدىكى كىنو
ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان
خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىككى ئايدىن
كۆپرەك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ تەركىبىدە
يەنە كىنو قويۇش ئەترىتى ۋە چەتتىن ئېغىزچە تەر-
جىمە قىلىپ بېرىدىغان خادىملار بار ئىدى. بىر تەرەپ-
تىن تەكشۈرۈپ، ناھىيىنىڭ كىنو قويۇش پىلان لايىھىسى
ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، بىر تەرەپتىن كىنوئومۇملاشتۇرۇلۇپ
كىنو يېتىپ بارالمايدىغان نۇقتىلار تۈگىتىلىپ، ۋاقتىنى،
ئورۇننى، سەييارە كىنو قويۇش لېنتىسىنى، كىنو مەزمۇ-
نىنى، ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى، كىنو قېتىم سانىنى بې-
كىتىشتىن ئىبارەت «ئالتىنى بېكىتىش» ئۈچۈن ئاساس
سېلىندى. شەھىرىمىز تەۋەسىدىكى ئورمانچىلىق، سۇ ئىش-
لىرى ۋە بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچى-
لىق رايونلىرىدىكى كىنو قويۇش ئەترەت (گۇرۇپپا) لىرى
ئۆز سىستېمىسىدىكى ئاممىغا قويۇپ بەرگەن كىنو يەر-

شاشلا كىنو ئىشلىرىمۇ ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ھارپىسىدىلا «باش باھار ــ فېۋرال» فىلىمىنى پەپپەن قىلىش باشلاندى، 1965 ــ يىلىنىڭ ئاخىرى «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىدە «يېڭى تۈزۈلگەن تارىخىي تىياتىر (خەي رۈينىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» غا باھا» ئېلان قىلىندى؛ ئارقىدىنلا تارىخىي تېمىدىكى فىلىملەرنى قويۇش توختىتىلدى. 1966 ــ يىلى يازدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئورنىنى «قوبۇل قىلىش»، «زىيارەت قىلىش» دېگەندەك ھۆججەتلىك فىلىملەر باستى. سەككىز «ئۈلگىلىك تىياتىر» ئارقا ــ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، قايتا ــ قايتا، مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇلدى، «كۆرگەنىنى يېڭى تۈيۈلۈش» تەلەپ قىلىندى، ھەتتا ھۆججەت چۈشۈرۈلۈپ ئومۇمنىڭ پۇلىغا كۆرۈش ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئامما بۇنى «800 مىليون خەلق سەككىز يىل سەككىز ئۈلگىلىك تىياتىرنى كۆردى» دەپ تەرىپلەشتى. ھېكايە فىلىملەردىن پەقەت ئالبانىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام قاتارلىق دۆلەتلەر ئىشلىگەن بىر قانچە فىلىملا بار ئىدى. ئۇيۇن ــ تاماشىنىڭ مەززىسى يوق، ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، كىنو قويۇش ئورۇنلىرى نورمال پائالىيەت ئېلىپ بارالمايتتى. شەھەرلىك كىنو شىركىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، 1966 ــ يىلىدىن 1969 ــ يىلىغىچە بولغان تۆت يىلدا مۇكەممەل مالىيە پىلانى، ستاتىستىكا ماتېرىيالى يوق. 1970 ــ يىلى كىنو فىلىم

ئەينى چاغلاردىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇ-
شى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جۇڭگو ـ ھىن-
دىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى»، «جۇڭ-
گو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن
ھەل قىلىش ئۈچۈن»، شىزاڭدىكى توپىلاڭ ئەھۋالى ئەي-
نەن خەۋەر قىلىنغان «شىزاڭدىكى توپىلاڭنى تىنجىتىش»،
شۇنىڭدەك «دۆلىتىمىز تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىپ
مۇۋەپپەقىيەت قازاندى» قاتارلىقلار تاماشىبىنلارنىڭ
قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بىر نەچچە قېتىملىق
ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم كۆرگەزمىسى ئارقىلىق پەن -
تېخنىكا بىلىملىرى تارقىتىلىپلا قالماي، دېھقانچىلىق،
تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ياخشىلاش، كېسەللىك، ھاشارات-
لارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇرۇش،
زاۋۇتلاردا سايمان ۋە مەشغۇلات ھۈنەر- سەنئىتىنى ياخ-
شىلاش قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا
ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. كىنو فىلىم تارقىتىش
تارماقلىرىدىمۇ «ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتىپلارغا
ئاساسەن، كەسىپلەر بويىچە گۇرۇپپىغا ئايرىپ مەركەز-
لەشتۈرۈپ قويۇش» جەھەتتە تەجرىبىگە ئىگە بولدى.

1966 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1976 ـ يىل 10 ـ ئاي-
غىچە داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خەلق
ئىگىلىكىنىڭ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە چېكىنىشىنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى، باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئوخ-

لەن ھالاكەتكىرداۋىغا بىرىپقالغان كىنو فىلىم تارقىتىش-قويۇش ئىشلىرى قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشتى. 1977 - يىلدىن 1979 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يىلىغا كىنو قويۇش قېتىم سانى 28.3%، تاماشىبىنلار 30.7%، كىرىم 58.8%لىك ئۆتتۈرىچە سۈرئەتتە ئاشتى. 1979 - يىلى كىنو فىلىم تارقىتىشتىن كىرگەن كىرىملا تۆت مىليون 270 مىڭ يۈەنگە، شەھەرگە قاراشلىق ئالتە ئاساسىي قاتلام كىنو كارخانىسىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدىسى 650 مىڭ يۈەنگە يىتىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، ئاممىنىڭ كىنو كۆرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زاۋۇت، كان، ئورگانلارنىڭ 20 نەچچە كۇلۇبى سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. 1977 - يىلى تاماشىبىنلارنىڭ كىنوخانىغا كىرىشتىكى قىستاقچىلىق ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلۇپ، كىنوخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا «ئىشىك توسىماسلىق، بىلەت يىغماسلىق، رەت نومۇرىغا قاراپ ئولتۇرۇش، مەيداننى قاتتىق تەكشۈرۈش» تىن ئىبارەت كىنوخانا باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرى شەھەر بويىچە تىنىز يىلىكتىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرى 304 كە يەتتى. بۇمۇ شەھىرىمىزنىڭ كىنو قويۇش تورلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى پەللە بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

تارقىتىشتىن كىرگەن كىرىم ئاران 390 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق بولۇپ، 1965 ـ يىلدىكىنىڭ 1/3 قىسمىغىمۇ يەتمىگەن. كىنو كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە زىيان تارتىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. 1966 ـ يىلدىن ئىلگىرى شەھەرلىك كىنو شىركىتى، ھەرقايسى كىنوخانىلار ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرگەن بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك قائىدە ـ تۈزۈملەر «قىسىش، بوغۇش، بېسىش» دەپ قارىلىنىپ، تامامەن بىكار قىلىنغان. خىزمەتتە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بىر تۈركۈم كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى قارا يىپلار» دەپ بېكىتىلىپ زەربىگە ئۇچرىغان. كىنو ئىشلىرى ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالغانىدى.

1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ياسالدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش سېپىدە ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت خىزمەتچىلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنى، سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكى، ئىلھامىدا قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇپ، كونكرېت ۋە ئۈنۈملۈك بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بى ـ

كەسپىي كۆرسەتكۈچلەر قايتىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. 1986 ـ يىلى تاشقى شارائىتلارنىڭ تۈرلۈك تـوسالغۇسى تۈپەيلىدىن مەلۇم ئوڭۇشسىزلىقلار بولغان بـولسىمۇ، 1987 ـ يىلى تېزلا بۇسۇش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1988 ـ يىلى كىنو فىلىم تارقىتىشتىن قىلىنغان كىرىم تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى بولغان 1979 ـ يىلدىكىگە يېقىنلىشىپ، دولقۇنسىمان سىخېما شەكىللەندى.

كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش تورلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى بىلەن بىرگە كىنو سېپىدە ئىشلەۋاتقان قوشۇننىڭ ساپاسى ۋە خىزمەت سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، كەسپىي جەھەتتىكى ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇپ، كىنو ئەدەبىياتى كۇرسى، ئىككى يىللىق كىنو تېخنىك ئىشچىلار سىنىپى، كىنو تەشۋىقاتى سەنئەت سىنىپى، ئۇيغۇرچە كونا يېزىق سىنىپى ۋە كىنوتېخنىكلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى بولۇپ جەمئىي 29 قەرەل (1989 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە) ئېچىلىپ، بىرمىڭ 78 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1988 ـ يىلى شاڭخەي شەھەرلىك تەشۋىقات ـ مەدەنىيەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەركىزى، شاڭخەي شەھەرلىك ئويۇن قويۇش شىركىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، شەھىرىمىز ئۈچۈن بىرئايلىقتىن ئىككى قەرەل كىنو (تىياتىر)خانا دىرېكتور (مۇدىر)لىرى

پارتىيىنىڭ «ھەممە گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىش، ھەممە بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنى ۋە تۈرلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەتلىرىنىڭ پەيدىن-پەي ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان» كەسكىن رىقابەت ۋەزىيىتى كىنونىڭ «يالغۇز گۈل پۇراق چېچىش»تەك ئالاھىدە تارىخىي ئورنىنى ئىگىلىدى. 1980 - يىلدىن تارتىپ تېلېۋىزور، سىنئالغۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتتە تانسا سورۇنلىرىنىڭ ھەممىلا جايدا پەيدا بولۇشى ۋە ئائىلىلەردىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئومۇملىشىشى بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا كىنو ئىشلىرىدىكى كەسپىي كۆرسەتكۈچ يىلسايىن تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. شەھىرىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەزىيەتنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ تەڭشەش رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ھۆددىگە بېرىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، قوشۇن مۇقىملاشتى. ئۈرۈمچى رايونىدىكى كىنو كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئىتتىپاقلىشىپ، بىرياقىدىن باش چىقىرىپ قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈش ئۈچۈن جانلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە 1985 - يىلى ھەرقايسى

خىزمىتى ئىلىپ بېرىلدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك-
كادىرلار نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈپ،
شەھىرىمىزدىكى 63 كىشىگە كىنو قويۇش مېخانىكى،
6 كىشىگە لېنتا تەكشۈرۈش مېخانىكى ئۇنۋانى بېرىل-
دى ۋە كېنىشكا تارقىتىلدى. شەھەرلىك كىنو قويۇش
خادىملىرىنى تېخنىكا جەھەتتىن دەرىجىگە ئايرىش تەك-
شۈرۈپ باھالاش كومىتېتى كىنو قويغۇچى، لېنتا تەك-
شۈرگۈچى خادىملارنى تەكشۈرۈپ باھالاپ، شەھەرلىك
ئەمگەك ئىدارىسىغا يوللاپ 266 نەپەر كىنو قويغۇچى،
لېنتا تەكشۈرگۈچىنىڭ دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى
(بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك 97 نەپەر، 2 - دەرى-
جىلىك 139 نەپەر، 3 - دەرىجىلىك 20 نەپەر، لېنتا
تەكشۈرگۈچى 10 نەپەر)، شۇ ئارقىلىق تېخنىكا قوشۇنى
مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان
ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارى ئاشۇرۇلۇپ، ئۆز ئىش ئورنىدا
تېخىمۇ زور رول ئوينىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ھازىر-
لاندى.

كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇشتا ھۆددىگەرلىك
مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش
سەۋىيىسى ۋە خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى پەيدىنپەي ئۆستۈ-
رۈلدى. كىنو تەشۋىقاتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم داۋاملىق
تەشۋىق قىلىنىپ، دۆلەت پىلانىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشقا ئې-
شىشى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، كىنونىڭ سوت-

بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىلدى. ھەر قەرەلىنىڭ مۇددى-
تى بىر ئاي بولۇپ، بىرىنچى تۇركۇمدىكى 27 كىشى
1988 - يىلى 11 - ئايدا ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ
كەلدى. 1989 - يىل 3 - ئايدا ئىككىنچى تۇركۇمدىكىلەر
ئەۋەتىلمەكچى. 1983 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايون-
لۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن -
تېخنىكا كومىتېتى ئۇنئۋان باھالاش ئىشخانىسى (1 -
ئۇنئۋان باھالاش ئىشخانىسى)نىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش-
نىڭ روھىغا ئاساسەن، شەھەرلىك كىنو قويۇش خادىم-
لىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنئۋانىنى باھالاش كومىتېتى تەرىپى-
دىن 1966 - يىلدىن بۇرۇن 2 - دەرىجىلىك كىنو قويغۇ-
چى بولۇپ باھالانغان، ھازىرمۇ كىنو قويۇش تېخنىكىسى
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەم يولداشلارغا كىنو قويۇش
مېخانىكى ئۇنئۋانىنى بېرىلدى. 1986 - يىل 4 - ئايدىن
7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كىنو قويۇش، لېنتا
تەكشۈرۈش خادىملىرىغا تېخنىكا ئۇنئۋانى بېرىش كومى-
تېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاپتونوم
رايون بويىچە بىر تۇتاش سوئال چىقىرىش، بىر كۈندە
ئىمتىھان ئېلىش، پېچەتلىك ئىمتىھان قەغىزىدە ئىمتى-
ھان بېرىش، قەغەز تەكشۈرۈش، نومۇر قويۇش ئۇسۇلى
قوللىنىلىپ شەھىرىمىزدىن مېخانىكلىق، 1 - دەرىجىلىك
كىنو قويغۇچى، لېنتا تەكشۈرگۈچىلىككە ئىمتىھان بېرىش-
كە تىزىملاتقانلارنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ باھالاش

گىرىلمىگەن ھالدا ئاتـەرەپ (كىنو شىركىتى) تەمىنلىنىـ
دىغان يېڭى كىنو سانىغا كاپالەتلىك قىلىش، «تۆتنى
بىكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش - جازالاش»قا بىر تۇتاش
ئۆزگەرتىش، مۇقىم ئىجارە ھەققى ئالىدىغان ئورۇنلارنى
ئومۇمىي كىرىمگە قوشماسلىق، شەھەرگە قاراشلىق كەسـ
پىي كىنوخانىلارغا ئايرىم پايدا كۆرسىتكۈچى ئاشۇرۇش
قاتارلىقلار بەلگىلەندى. مۇكاپاتلاش - جازالاشنى نەقـ
لەشتۈرۈش تەكىتلىنىپ، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.
شۇ يىلى شەھەر بويىچە دۆلەتنىڭ پىلان ۋەزىپىسى ئاـ
شۇرۇپ ئورۇنلىنىپ خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1985-
يىل كېلىشىمنامە ماددىلىرىغا ئۇيغۇنلا ئەھۋالى، مۇلازىـ
مەت سۈپىتى، باشقۇرۇش سەۋىيىسى قاتارلىقلاردا ئىگىـ
لىگەن باشقۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ نىسبەت قالدۇرۇش ۋە
ئاساسىغا كاپالەتلىك قىلىغان ھالدا نىسبەت قالدۇرۇشـ
تەك ئىككى خىل نىسبەت قالدۇرۇشنى يولغا قويۇش،
شۇنىڭدەك مۇكاپاتلاش - جازالاشنى دەرىجىگە ئايرىش
ئارقىلىق كۆپ ئاشۇرغانلارغا كۆپ مۇكاپات بېرىش،
كۆپ كېمەيتكەنلەردىن كۆپ تۇتۇپ قېلىش كىرگۈزۈلدى.
ئىجرا قىلىنىش نەتىجىسىدە شۇ يىلى تۈرلۈك كۆرسەتـ
كۈچلەر ئالدىنقى يىلدىكىدىن يەنە ئاشتى. 1986 - يىلى
سۇبىيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھۆددىگەرـ
لىك كېلىشىمنامىسى ۋاقتىدا ئىمزالانمىغانلىقتىن تۈرلۈك
كۆرسەتكۈچلەر تۆۋەنلەپ كەتتى. 1987 - يىلى كىنو تۈـ

سىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى مۇھىم رولى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇلدى. 1983 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، شەھەرلىك كىنو شىركىتى كونكرېت لايىھە تۈزۈپ، شەھەرلىك مال باھا ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى: كىنو قويغۇچى ئورۇنلار بىلەن «ئۈچنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش ـ جازالاش»تىن ئىبارەت ھۆددىگەرلىك كېلىشىمنامىسى ئىمزالاپ، تۈلار تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر ۋە يىللىق كىرىم پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىسا، ئاشۇرغان سوممىسىنىڭ 15% ى بويىچە قوشۇمچە ھەق بېرىش، ھەر بىر تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ 1% كەملىسە شتاتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئۆلچەملىك مائاشىنىڭ 0.25% نىنى تۇتۇپ قېلىش، قالغانلىرىنى شۇ بويىچە ھېسابلاشتىن ئىبارەت. شۇ يىلدىكى ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا بۇ چارە ئارقىلىق ھەرخىل كۆرسەتكۈچلەر داۋاملىق زور ھەجىمدە تۆۋەنلەشتەك ئەھۋال بىر قەدەر ئۆزگىرىپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ يىللىق پىلان ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغان. ئەمەلىيەت ئارقىلىق ياخشى چارىلەر داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ناچارلىرى چىقىرىۋېتىلىپ، «ھۆددىگەرلىكنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» پەيدىنپەي تۈزۈلۈپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى يەنىمۇ ئىل-

فىلىم تارقىتىش پىلانىدا فىلىم يـۆتكەشنى جانلىق باشـ
قۇرۇپ، ئالدىن بېكىتىلگەن لىنىيىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر
يەتـكۈزمىگەن ئەھۋالدا ئۆز ئارا فىلىم ئـالماشتۇرۇشقا
يول قويۇلدى. ئايلىق پىلاننى ئورۇنلاشتا قىيىنلىدىغان
ئورۇنلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يار - يۆلەك بولۇپ،
ئايرىم مۇئامىلە قىلىندى. ئـۇلارغا «فىلىمنى بېكىتىپ
بېرىش، ئاشۇرسا مۇكاپاتلاش» (مۇكـاپات قويـۇلمىغان
يېڭى كىنونى بېرىش ياكى فىلىم ئىجارىسىنى كېمەيتىشـ
تىـن ئىبـارەت) يولغا قويۇلۇپ، ئۇلارنىـڭ ئاكتىپچانـ
لىقى قوزغىتىلدى.

تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىپ، تاماشىبىنلارنى
بەھـوزۇر كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، رىقابەت
ئىقتىـدارىنى ئاشۇرۇش. نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەپ، قوشۇننىڭ ساپاسى ئۆستۈـ
رۈلگەندىن تاشقىرى، ھەردەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقـ
لىرى يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېـ
رىپ، كىسېنون چىراغ قاتارلىق يېڭى يورۇقلۇق مەنبەئى
ۋە مېتال ئېكران ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئومۇمـ
لاشـتۇرۇپ، كىنونىڭ ئاۋاز، يورۇقلۇق سۈپىتىنـى ئۆسـ
تۈردى. شەھەردىكى 30 نەچچە كىنو قويـۇش ئورنـىنىڭ
85% تىن كۆپرەكىدە كىسېنون چىراغ ۋە مېـتال ئېكران
20 نەچچە ئورۇنـدا نەنجىڭـدا ئىشلەنگـەن Jy 2 × 40
قوش لىنىيىلىك ئاۋاز چوڭايتقۇچ كونا ئاۋاز چوڭايتقۇچـ

زۇلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق شەھەرلىك كىنو شىركىتى مۇستەقىل ھېسابات قىلىش، مالىيىنى شەھەردىن باشقۇ- رۇش، ئىگىلىكنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلى- يەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كېلىشىم ماددىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىسىدا گەۋ- دىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1988- يىلى تارقىتىش ئورۇنلىرى بىلەن قويۇش ئورۇنلىرى ھۆددىگەرلىك كېلىشىمنامىسىنى داۋاملىق ئىمزالىغاندىن سىرت، يولداش ماگوخۇەن قانۇنىي ۋەكىل بولغان شە- ھەرلىك كىنو شىركىتى شەھەر دەرىجىلىك تۆت رەھبەر- لىك تارمىقى بىلەن ھۆددىگەرلىك كېلىشىمى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىز كىنو خىزمىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى جەھەتتە كىنو فىلىم تارقىتىش كىرىمى ئەڭ يۇ- قىرى بولغان 1979 - يىل بىلەن تەڭلەشتى. بۇندىن كېيىن ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلار- نىڭ ئىچكى - تاشقى قىسمىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆد- دىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا تازا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

كىنو فىلىم تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشىلاش. ئال- دى بىلەن كىنو قويۇش ئورۇنلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش پوزىتسىيىسى ياخشىلىنىپ، تارقىتىش - قويۇش ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ماسلاشتۇرۇلدى.

نىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق»نى تۈگىتىش خىزمىتىدە مۇھىت تازىلىقى چىڭ تۇتۇلۇپ، كىنو قويۇش سورۇنىنىڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. تۇرلۇك مۇسابىقىلەردە رايونلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن كەسىپكە قويۇلىدىغان تەلەپ ئورگاننىڭ بىرلەشتۈرۈلۈپ تۇرلۇك خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. 1979 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە، شەھەر بويىچە كىنو سىستېمىسىدا 422 ئىلغار ئورۇن (مەملىكەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدۇ)، 1391 ئىلغار خىزمەتچى باھالىنىپ، ماددى ۋە مەنىۋى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مىللىي رايونلار كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى (بۇرۇنقى نامى شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى) 1959 - يىلى 1 - ئايدا شەھىرىمىزدە قۇرۇلۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۇنىۋېرسال كىنو ئىشلەش بازىسى بولۇپ قالدى. 1956 - يىلىلا ئاپتونوم رايوندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇقى ئارقىسىدا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى ۋە ئىش بېجىرىش ئورگىنى قۇرۇلۇپ، تايانچ خادىملار سەپلىنىشكە، مىللىي تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلۈشكە، زاۋۇت ئۆيلىرى سېلىنىشقا باشلاندى. 1959 - يىل كىرىش بىلەنلا ئۈسكۈنىلەر تولۇق بولمىغان، سۈرەتكە

نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ئىككى كىنوخاناۋە ئىككى كۇلۇبقا ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلدى، سەككىز ئورۇندا ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلدى. بۇندىن كېيىن يېڭى تېخنىكىلار پەيدىنپەي كىرگۈزۈلۈپ، تېخنىكا، ئۈسكۈنىلەر ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلگۈسى.

مۇسابىقە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. 1979 - يىلى «ئۈرۈمچى رايونىدىكى كىنو قويۇش ئورۇنلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقە نەتىجىسىنى باھالاش چارىسى» ئېلان قىلىنىپ، مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن؛ 1980 - يىلى يەنە شەھەرلەردىكى كىنو خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1982 - يىلى شەھەر بويىچە سىرتقا كىنو قويىدىغان ئورۇنلاردا «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983 - يىلى شەھەر بويىچە كىنوچىلىق ئورۇنلىرىدا «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»نى باھالاش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1986 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىدە ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇش، قەرەللىك تەكشۈرۈش، تەدبىر كۈچلۈك بولۇش، ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىندى. «پاسكى-

لىمى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر فىلىم بولۇپ باھالاندى، «ئارتىس بولمايدىغان قىز» فىلىمى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر فىلىم شەرەپ مۇكاپاتىغا ۋە 1985ـ يىلى ئىستامبۇل خەلقـ ئارا كىنو فېستىۋالىدا مۇنەۋۋەر فىلىم مۇكاپاتىغا ئېـ رىشتى. 1987ـ يىلى سۈرەتكە ئېلىنغان كومېدىيىلىك ھېكايە فىلىم «مۇھەممەت ھەققىدە پارا» رادىئو، كىـ نو، تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1986 ـ، 1987ـ يىللىق مۇنەۋۋەر فىلىم مۇكاپاتىغا ۋە 8 ـ نۆۋەتلىك «ئالتۇن خوراز مۇكاپاتى»دا ئالاھىدە فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1986ـ يىلى، تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى تەيـ ۋەن فاڭجو كىنوشىركىتى بىلەن بىرلىشىپ «باياۋاندىكى خان يارلىقى» فىلىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتكە ئالدى، بۇ، ئىككى قىرغاقتىكى كىنو خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەمكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن ـ قىسقا ھۆججەتلىك فىلىمدىن 40 نەچچە نى، 60 چاستىن ئارتۇق خەۋەر فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىشلەنگەن 600 دىن ئارتۇق فىلىمنى ئۇيغۇر، قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت تاماشىبىنلارنىڭ كىـ نونى تولۇق چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈش ئېھتىياجىنى قانـ دۇرۇش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 1984ـ يىل 11 ـ

ئېلىش، ئاۋاز ئېلىش سېخلىرى تېخى پۈتمىگەن ئەھۋال-
دا «بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىش، بىر تەرەپتىن
ستۇدىيە قۇرۇش، بىر تەرەپتىن تەربىيىلەش» پرىنسىپى
بويىچە ھېكايە فىلىم، ھۆججەتلىك فىلىم، ئىلمىي تەربىيىۋى
فىلىم ۋە مىللىي تىلدىكى تەرجىمە فىلىم ئىشلەشكە كىرىشتى.
ئالدى بىلەن تۇنجى ھېكايە فىلىم «ئىككى ئەۋلاد» نى
سۈرەتكە ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ، شىنجاڭنىڭ كى-
نو ئىشلەشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. شۇنىڭدىن تار-
تىپ ھېكايە فىلىم ۋە ھۆججەتلىك فىلىملەر سۈرەتكە
ئېلىندى، بىر تۈركۈم فىلىملەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قى-
لىندى. 1962-يىلى دۆلىتىمىز تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچ-
راپ، خەلق ئىگىلىكى تەڭشىلىۋاتقاندا ھېكايە فىلىم
ئىشلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 50 تەك ئىشچى - خىز-
مەتچى تەرجىمە فىلىم ئىشلەشكە قالدۇرۇلدى.
1979-يىل 1-ئاينىڭ 14-كۈنى، گوۋۇيۈەن ھې-
كايە فىلىم ئىشلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەس-
تىقلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ستۇدىيە يېڭى باسقۇچقا قە-
دەم قويدى. قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە ھېكايە فىلىم-
دىن 31نى، سەھنە بەدىئىي فىلىمدىن بىرنى ئىشلىدى.
بۇ فىلىملەر ئىدىيە جەھەتتىن ساغلام، ۋەقەلىك دائىرى-
سى كەڭ بولۇپ، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك
ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئال-
قىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە «يول باشلىغۇچى» فى-

مەھسۇلى. كېيىن ئىشلىرىمىز ئىلگىرىكى چاغلاردا شەھە-
رىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى، مىللەت-
لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دوستلۇقى ئۈچۈن ئىجابىي رول
ئويناپلا قالماي، ئىسلاھات دولقۇنى گۈركىشەۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە مەردانە ياڭراق ئېكران زەپەر مارشى
ئاممىنى جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشقا قوزغايدىغان
مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر.

ئايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ئاچقان «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى تەرجىمە فىلىم خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ ھەم مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىملەرنى مۇكا-پاتلاش يىغىنى»دا تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»، قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «شەھەر باشلىقى چېن يى» فىلىملىرى مىللىي تىلدىكى مۇنەۋۋەر تەرجىمە فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى شۇ-نىڭدەك «تەكلىپ قىلىپ ئەكىرىش، سىرتقا چىقىرىش» قاتارلىق كۆپ يوللار ئارقىلىق بىر تۈركۈم بەدىئىي ئى-جادىيەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا تايانچ كۈچلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئى-گىلەيدۇ. شۇڭا تىيانشان كىنو ستۇدىيىسى «مىللەتلەر-نىڭ كىنو سەنئەت ئائىلىسى» دەپ نام ئالدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كىنو ئىشلىرىدا ئۆزگىچە 40 يىلىنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ۋە ئۇچقانىدەك راۋاجلانغانلىقى پارتىيە ۋە ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلارنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنىڭ بولغانلىقى، بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر خىل قىيىن شارائىتلاردا تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ

دەك ئۆلۈك چىقىپ، ئۆلۈك ساندۇقىنىڭ بازىرى چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭدىن يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ نەقەدەر ئېغىر دەرىجىدە تارقالغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. خەلقىنىڭ سالامەتلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقتىن ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئاران 35 ياشلا بولغان.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزۇن يىللىق تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك تارىخىغا ئىگە بولسىمۇ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى، نادانلىقى تۈپەيلىدىن تەرەققىي تاپالمايلا قالماستىن، ئەكسىنچە بارغانچە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە: 1876 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 2 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتكەندە قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن سودىگەرلەر ئىچكىرىدىن جۇڭيى دورىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىخۇا (ئۈرۈمچى)نىڭ كوچا دوخمۇشلىرىدا يايمىچىلىق قىلىپ كېسەل كۆرگەن. شۇ يىلى شەنشىنىڭ خۇايلىڭ ناھىيىسىدىن كەلگەن لى جەنتاڭ دىخۇادا «نىڭدېتاڭ» دورا دۇكىنىنى، شەنشى ۋېينەنلىك چاڭ فامىلىلىك كىشى «يۈەنتەيتاڭ» دورا دۇكىنىنى، 1892 - يىلى خېبېي باۋدىڭلىق ئەن فامىلىلىك كىشى «دېشېڭتاڭ» دورا دۇكىنىنى؛ 1917 - يىلى سەنشىلىك

# يۇكسەلىۋاتقان ئۈرۈمچى تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى

تيەنشۇشون

شىنجاڭ ــ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىغا جايلاشقان. ئازادلىقتىن ئىلگىرى قاتتىق قولايسىز، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى قالاق، سەھىيە ئىشلىرىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. كونا جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار پۇقرالىق قان ـ تەرىنى شوراشنىلا بىلىپ، خەلقنىڭ مۇڭ ـ زارى بىلەن كارى بولمىغانىدى. تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى ئىنتايىن قالاق ئىدى. شەھەرنىڭ تازىلىق شارائىتى، سەھىيە ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن ناچار، پاسكىنىچىلىققا تولغان، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، تىببىي خادىم ۋە دورا كەمچىل، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر يامراپ كەتكەنىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشچە: ھەر يىلى دېگۈدەك يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىپ تۇرغان، 1918 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكتىلا مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن، ھەر بىر ئائىلىدىن دېگۈ-

رىدارلار دوختۇرخانىسىنى رەسمىي هۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى ئۆلكىلىك دوختۇرخانا قىلىپ ئۆزگەرتكەن، مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئەڭ دەسلەپكى دوختۇرخانا ئىدى. 1935 - يىل 3 - ئايدا، ئاق ئورۇسلارنىڭ ئۆرۈمچىدە قۇرغان ھەربىي دوختۇرخانىسى بىلەن شىڭشىسەينىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، سابىق گەنسۇ ئۇيۇشمىسىدا ھەربىي دوختۇرخانا قۇرۇلدى. 1938 - يىلى يەنە، نەنگۇەن ئارقا كوچىسىدا ئۆلكىلىك 2 - دوختۇرخانا (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى) قۇرۇلدى. 1948 - يىل 5 - ئايدا، نەنجىن مەركىزىي دوختۇرخانىسى شۆيشەنىمىننى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ نەنلىياڭدىكى سوۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ كونا ئورنىغا «دىخۇا مەركىزىي دوختۇرخانىسى» (ھازىرقى دوستلۇق دوختۇرخانىسى) نى قۇردى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندا بۇ 3 يەرلىك دوختۇرخانىدا جەمئىي 165 كىيسەل كارىۋىتى بار بولۇپ، ھەر مىڭ ئادەمگە تەخمىنەن 1.9 كېسەل كارىۋىتى توغرا كېلەتتى؛ سەھىيە تىببىي تېخنىك خادىمىدىن پەقەت 68 ىلا بولۇپ، ھەرمىڭ ئادەمگە تەخمىنەن 0.78 دىن توغرا كېلەتتى. پەقەت 17 لا دوختۇر بولۇپ، ئاساسلىق دوختۇر - سېستىرالار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تەكلىپ قىلىنغانلار ئىدى. داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن كەمچىل، ئاددىي ھەم كونىرىغان بولۇپ،

جاڭشياڭفەن «يۇڭشىڭتاڭ» دورا دۇكىنىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى داڭلىق دوختۇرلارنى كېسەل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇلار «توٛت چوڭ جۇڭيى دورىخانىسى» دەپ نام ئالغان. شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭيى تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرى دىخۇادا پەيدىنپەي راۋاج تاپقان. شىنجاڭ ئازاد بولغان مەزگىلدە 30 نەچچە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى دورىخانا (دوختۇرلىرى بار) ۋە خۇسۇسىي شىپاخانا بار ئىدى. 1950 - يىل 4 - ئايىدا، شەھەر بويىچە تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى جۇڭيى دورىخانىلىرىدىن 35 ى، يەككىلەرنىڭ شىپاخانىسىدىن 40 نەچچىسى، جۇڭيى تىببىي خادىمدىن 101 نەپەر بار ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى غەربچە داۋالاش، ھۆكۈمەت باشقۇرغان تىببىي داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىنتايىن ئاز ۋە ناھايىتى ئاددى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە: 1933 - يىلىدىن بۇرۇن، دىخۇادا ھۆكۈمەت باشقۇرغان دوختۇرخانىدىن پەقەت بىرىلا بولغان. 1933 - يىلى، شىنجاڭدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى بولغان مەزگىل بولۇپ، شېڭشىسەي ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بېيمېنبەندىكى «تاۋموسى» بۇتخانىسىدا ۋاقىتلىق يارىدارلار دوختۇرخانىسى تەسىس قىلىپ، 1934 - يىل 7 - ئايدا، يا-

لىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلۇپ كەسپىي خادىملار سەپلەندى، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە، يۇقۇم-لۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي قۇرۇلۇپ ۋە مۇكەممەللىشىپ سىستېما بولۇپ شەكىللەندى. 1988 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر، رايون، ناھىيە دەرىجىلىك سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 8 گە، خىزمەتچى خادىمى295 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە، يۇقۇملۇق كې-سەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كەسپىي تېخنىك خادىم تەخمىنەن 241 نەپەر. 40 يىلدىن بۇيان، سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش» فاڭجېنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كېسەللىك-لەرنى يوقىتىشنى مەركەز قىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تا-زىلىق ھەرىكىتى ۋە سەھىيە تەشۋىقات تەربىيىسى خىز-مىتىنى قانات يايدۇردى. ھەر قېتىملىق باھار بايرىمى، يېڭى يىل، «1 - ماي» ۋە دۆلەت بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى زەربىدار-لىق بىلەن تازىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىنىپ ۋە تەشكىللىنىپ شەھەر مۇھىتى رەت-كە سېلىندى. 1958 - يىلى، تۆت زىياندىش ھاشاراتنى يوقىتىپ تازىلىققا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى

30 mA تېپلىق رېنتگېن ئـاپپاراتىدىن ئىككىسى (بۇنىڭ بىرىنى يولداش ماۋزېدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان، يەنە بىرىنى «دېخۇا مەركىزىي دوختۇرخانىسى» ئېلىپ كەلگەن)، مىكروسكوپتىن ئـۈچىلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى دېخۇادا تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك سانائىتى يوق، غەربچە دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، جۇڭيى دورىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكىرىدىن تـۆگە بىلەن توشۇپ كېلىنەتتى. تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەھىيە شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ سەھىيە، تېببىي داۋالاش ئىشلىرى كـۈنسايىن تەرەققىي قىلدى.

**1. سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

1952 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى تازىلىق قىلىش، ئەخلەت، پاسكىنا نەرسىلەرنى ئادالاش، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەل-

رەھبەرلىكى كۆچەيتىلدى، 400 كىشىلىكتىن ئارتۇق كەسپىي قوشۇن تەربىيىلەپ چىقىلدى. 1985 - يىلى 9 خىل بىئولوگىيىلىك ياسالما تارقىتىلدى. يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بېرىش ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ مەنبەئىنى دېرىنەكتىكىسىگە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش كۆچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئاغرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. قىزىل بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 1960 - يىلىدىكى 100 مىڭدە 1085.49 دىن 1975 - يىلى 100 مىڭدە 52.39 غا، 1988 - يىلى 100 مىڭدە 9.46 غا تۆۋەنلىدى؛ كۆك يۆتەل بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 1960 - يىلىدىكى 100 مىڭدە 14.8 دىن 1988 - يىلى 100 مىڭدە 1.27 گە تۆۋەنلىدى؛ كېزىك ۋە ئۆرە كېزىك بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 1960 - يىلىدىكى 100 مىڭدە 102.2 دىن 1988 - يىلى 100 مىڭدە 6.44 كە تۆۋەنلىدى؛ بوغما كېسىلى بىلەن ئاغرىش نىسبىتى 1960 - يىلىدىكى 100 مىڭدە 0.54 تىن 1988 - يىلى 100 مىڭدە 0.1 گە تۆۋەنلىدى؛ 1960 - يىلى يۇلۇن سۇر ماددا ياللۇغى بىلەن ئاغرىغانلار 100 مىڭدە 12.49 ئىدى 1988 - يىلى كۆرۈلمىدى. يۇقىرىقىلاردىن كۆپ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك

خاراكتېرلىك داغدۇغىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەھەر بويىچە «بەشنى يوقىتىش»، «بەشتە پاكىز بولۇش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىلغار شەھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەھدىت سېلىپ كەلگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، يەرلىك كېسەللىكلەرگە ئومۇملاشتۇرۇپ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

40 يىلدىن بۇيان، سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ پۈتۈن شەھەرنىڭ سەھىيە قىياپىتى ئۆزگەرتىلدى. ئۈرۈمچى رايوندا چېچەك، خولېرا، چوما قاتارلىق A تىپلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلمىدى. باشقا بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتىمۇ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئۈستىدىن پىلانلىق ئىممۇنىتېت يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلۇپ، «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىتېت خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىپ ئەملەش گۇۋاھنامىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، رايون، ناھىيىلەرنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىتېت خىزمىتىگە بولغان

داش ھاشارات يوقىتىلدى، ئاممىۋى ھاجاتخانىلارياسال-
دى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، پاسكىنا سۇنىڭ يەر ئاس-
تى سۈيىنى بۇلغاش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ تۈزەش
ئۈچۈن مۇھىم سانلىق مەلۇماتلار ھازىرلاندى. ئاتـ-
موسفېرانىڭ بۇلغىنىشى تەكشۈرۈلۈپ، ئاممىۋى تازىلىق
ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيتىلىپ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازى-
لىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھازىر، 90% تىن كۆپ-
رەك ئاممىۋى سورۇن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ «تازى-
لىق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى» تارقىتىلدى، تازىلىقنى
قانۇن-تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ تازىلىق تۈ-
زۈملىرى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. شەھىر-
مىزدىكى پۈتۈن مەھەللىلەردە «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچ
ئىشنى ھۆددىگە ئېلىش»، «ئىچكى قىسىمدا ئۆلچەمگە
يېتىش» تۈزۈمى ۋە تازىلىق تاختىسى ئېسىش چارىسى
يولغا قويۇلدى، ئىدارە - ئورۇن، ماگىزىن، ئاھالىلەر
بىرلىكتە مەبلەغ توپلاپ «ئىشىك ئالدىدىكى ئۈچ ئىش-
نى ھۆددىگە ئالغۇچىلار» نى يالىدى. ھازىر شەھەر بو-
يىچە 1086 تازىلىق خادىمى، 115 نەپەر تازىلىق نازا-
رەتچىسى بار.

### 3. يېمەكلىكلەر تازىلىقى

يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈ-
رۈش ئورنى قۇرۇلدى، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى نازارەت

لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە بۈگۈنكى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ئۆلۈش نىسبىتى 1983 - يىلدىكى 6 - ئورۇندىن 1986 - يىلى 8 - ئورۇنغا چۈشكەنلىكىمۇ ئۈرۈمچىنىڭ سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 10 يىللىق ئىسلاھات ۋە سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق بۈگۈنكى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 2. مۇھىت تازىلىقى

زىيانداش ھاشاراتلار ۋە كېسەللىكنى يوقىتىشنى مەركەز قىلىشنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى يولغا قويۇلۇپ، ۋاقىتلىق تىزگىنلەش بىلەن تۈپتىن تىزگىنلەش بىرلەشتۈرۈلدى، يېزىلاردا «ئىككىنى سۆيۈش، بەشنى ئۆزگەرتىش» نى قانات يايدۇرۇش ئاساسىي نۇقتا قىلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا تۈپتىن تىزگىنلەش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلدى. شەھەردە ئىچكى ۋە سىرتقى مۇھىت تازىلىقى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئەخلەت - چاۋالار ئادالىنىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر تازىلاندى. 4 خىل زىيان-

لىقىنى ساقلاش تەشكىللىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ئېگىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تۈزۈلۈپ، سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى بەلگىلەش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى.

### 5. ئەمگەك تازىلىقى

كەسپىي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا: 50 - يىللاردا، بەزى زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا زەھەرلىك ماددىلارنىڭ قويۇقلىقى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن ھازىر كۆپ ياخشىلاندى. شەھەر بويىچە 14 قوغۇشۇن ئېرىتىش قازىنىنىڭ ھەممىسىگە، 34 قوغۇشۇن قۇيۇش ماشىنىسىنىڭ 32 سىگە قاپقاق ئورنىتىلدى. 1979 - يىلى، 65 زاۋۇتتىكى قوغۇشۇن بىلەن ھەپىلىشىدىغان 802 نەپەر ئىشچىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرگەندە پەقەت بىرلا ئادەم قوغۇشۇن بىلەن زەھەرلەنگەن. ئەمگەك تازىلىقى ۋە كەسپىي كېسەللىك جەھەتتە ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. ھازىر كۆپلىگەن زاۋۇت، كان، كارخانىلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى ياكى ئاساسىي جەھەتتىن يەت-

قىلىش قوشۇنى تەشكىل قىلىنىپ يېمەكلىكلەر تازىلىقى-غا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى، يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. 1984 - يىلى «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» ئىجرا قىلىنىشتىن بۇيان، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇ-رۇش قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش يولىغا سېلىنىپ يېمەك-لىكلەر تازىلىقى خىزمىتىدە خېلى زور ياخشىلىنىش بول-دى. 1988 - يىلى تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنىڭ تازىلىقتا لاياقەتلىك نىسبىتى 80% كە يەتتى.

## 4. مەكتەپلەرنىڭ تازىلىقى

ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۇلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كې-سەللىكلەر، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش شارائىتى، ئۆ-گىنىش جەريانىدىكى تازىلىق ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. 1984 - يىلى، 7 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان 5000 نەپەر ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلى-رىنىڭ ياشلىق باھارى مەزگىلىدىكى يېتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، 1229 ئوقۇغۇچىنىڭ تەرەتى تەكشۈرۈلدى ۋە مەددە چۇشۇرۇش بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. 1985 - يىلى، مەھەللە باشقۇرغان 15 باشلانغۇچ مەكتەپ-تە ئاساسىي ئېنىقلاش تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلىپ ساق-

يىلى، شەھەرگە قاراشلىق رايون، ناھىيىلەردە بۇ خىز-مەت تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر-نىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىدىن يەتتىسى ئەسلىگە كەلدى ۋە قۇرۇل-دى. ئۇنىڭدا ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خادىمىدىن 24 نەپەر، ھەر قايسى مەھەللە ئىش باش-قارمىلىرىدا ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىردىن 45 نەپەر بار. 1985-يىلدىن بۇيان، ئەسلىدىكى شەھەرلىك ئاياللار ۋە بالى-لارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئورنىنىڭ ئاساسىدا، 50 كې-سەل كارۋىتى، 96 ئاياللار، بالىلار سەھىيە كەسپىي خا-دىمىگە ئىگە بولغان شەھەرلىك ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. بۇنداق دوختۇرخانا ئىلگىرى شىنجاڭدا قۇرۇلۇپ باقمىغان. ئا-زادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىدە يەرلىك ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇشنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە ئۇ-سۇلدا تۇغدۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساس قىلىندى. يې-ڭى ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇش نىسبىتى 1951 - يىلى 12.17% ئى-دى، 1988 - يىلىغا كەلگەندە 99.8% كە كۆتۈرۈلۈپ كەڭ تۇغۇتلۇق ئانىلار ۋە بوۋاقلارنىڭ سالامەتلىكى كاپالەت-كە ئىگە قىلىندى. 1985 - يىلدىن بۇيان، شەھىرىمىزدى-كى ھامىلدار ئاياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دوختۇر-

تى، تۇرلۇك كەسپىي كېسەللەر بىلەن ئاغرىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. يەرلىك كېسەللىكلەرنى كۆزىتىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

## 6. ئايال لار ۋە بال ىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئايال لار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلىقىغا ئېرىشتى. 1951 - يىلى شەھەرلىك ئايال لار بىرلەشمىسى قۇرغان ئايال لار ۋە بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ ئاساسىدا شەھەرلىك ئايال لار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. 50 - يىللاردىلا ھەر قايسى رايوندا ئايال لار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتلىرى ۋە تۇغۇت پونكىتلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ئايال لار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ خىزمەت توختاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار- مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئايال لار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1980 -

نەپرى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 ئادەمنىڭ
ماتكا بويۇن راكى بىلەن ئاغرىغانلىقى
ئېنىقلاندى، كېسەل بولۇش نىسبىتى
100 مىڭدە 24.33 بولۇپ، ساقىيىش نىسبىتى 90% كە
يەتتى، بىمارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ۋاقتىدا ئۇنۇملۇك
داۋالاندى؛ 1982 - يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدىكى 7 رايون
1 ناھىيە 6 تۈەن - مەيداندىكى نىكاھلانغان 214 مىڭ
655 ئايال ئۇستىدە ئاياللاردىكى «2 خىل كېسەللىك»-
نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، بۇنىڭ
ئىچىدە 294 ئايالنىڭ بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسىلىگە، 3
ئايالنىڭ سۈيدۈك ئاقمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى
ئېنىقلاندى، داۋالاش ئارقىلىق بۇنىڭ 96% تىن كۆپرە-
كى ساقىيىپ، ئالدىنى ئېلىپ داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى 97% كە
يەتتى؛ 1981 - يىلى، تىيانشان رايونىغا قاراشلىق
ئازادلىق جەنۇبى، شىمالىي يولىدىكى 23 مەھەللىدە
ھامىلدار ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش
تورلىرىنى قۇرۇشنى سىناق قىلىش خىزمىتى ئېلىپ
بېرىلدى ھەمدە كاپىيەن تۇرغۇزۇش تۈزۈمى يولغا قوي-
يۇلۇپ، 3 - دەرىجىلىك ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى
ساقلاش تورى تەدرىجىي شەكىللەندى؛ شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ئايال ئىشچىلارنىڭ تازىلىقى ۋە ئاياللار-
نىڭ «3 مەزگىل»دىكى ئەمگەك مۇھاپىزىتى خىزمىتى
ئىشلەندى. 1985 - يىلى، تۇغۇت بۆلۈملىرىدە سۈپەت

خانىدا بوشىنىپ، بالىنىتىسىدا يېتىپ بوشىنىش نىسبىتى 99% كە يەتتى. نۆۋەتتە، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى ئورۇمچى شەھەرلىك ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش دوختۇرخانىسىنى مەركەز، ھەر قايسى رايونلاردىكى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتلىرى ۋە شۇ جايدىكى دوختۇرخانىلارنى ئۇچاستىكا قىلغان ھالدا بوۋاق ۋە ھامىلدار ئاياللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى سىستېمىلىق باشقۇرۇش قانات يايدۇرۇلدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئاياللار ۋە بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك داۋالاش خىزمىتى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. 1980 - يىلى، سايباغ رايونى 70 تىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاياللار كېسەلىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش كەسپىي قوشۇنى تەشكىللەپ، 28 مىڭ 476 نەپەر ئايالنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، تەكشۈرۈش نىسبىتى 77.2% كە يەتتى. 19 ئادەمنىڭ ماتكا بويۇن راكى كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلىقى، كېسەل بولۇش نىسبىتىنىڭ 100 مىڭدە 66.32 ئىكەنلىكى بايقالدى؛ 1985 - يىلى، شىمىگو رايونى بىلەن يېڭىشەھەر رايونىدا ئاياللار كېسىلىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك 48 مىڭ 704 ئادەمدىن 41 مىڭ 95

204 نەپەر بالا ئۈستىدە راخىت كېسەللىكى ئومۇم-
يۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. بۇ كېسەللىككە گىرىپتار
بولغان بالا 8285 نەپەر، كېسەل بولۇش نىس-
بىتى 28.37%، داۋالانغانلار 797 نەپەر، داۋالاش
نىسبىتى 95.5% بولدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر
بويىچە باللار باغچىسى، يەسلى سانى 348 گە، باغچا
ۋە يەسلىدىكى باللارنىڭ سانى 24 مىڭ 68 نەپەرگە،
باللار تەربىيىچىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 3062
نەپەرگە يەتتى. باللارنىڭ ئوزۇقلىنىشى ئۈستىدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 3 باللار يەسلىسىدە باللار-
نىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشىدا ئىسسىقلىق مىقدارى،
ئاقسىل ۋە باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ كەمچىل ئەمما
ماي مىقدارىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكى بايقالدى. 1980 -
يىلى، شەھەر بويىچە 7 ياشقىچە بولغان 13 مىڭ خەنزۇ
بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ بۇنىڭ-
دىن تاللانغان 6488 بالا ئۈستىدە بەدەن ئېغىرلىقى،
بويى، باش ئايلانمىسى، كۆكرەك ئايلانمىسىدىن ئىبارەت
4 خىل كۆرسەتكۈچ بويىچە ستاتىستىكىلىق ئانالىز
ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە شەھىرىمىزدىكى باللارنىڭ
ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى، بېيجىڭ،
شىئەن قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى 9 ئۆلكە، شەھەر-
نىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن يېقىنلاشتى. بۇنىڭدىن شەھىرى-
مىزدىكى باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ياخشىلىقىنى،

باشقۇرۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، تۇغۇت بۆلۈملىرىنىڭ سۈپىتىگە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە تېخنىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

## 7. بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش

بالىلار — ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى. بۇۋاقلاردا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولغان قان ئازلىق، راخىت، ئۈچەي پارازىت قۇرت كېسىلى، باش تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە داۋالاندى. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، شەھىرىمىزدىكى 7 ياشقىچە بولغان 62مىڭ 269 نەپەر بالىنىڭ قان ئازلىق كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش نىسبىتى 87.3% بولدى، بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار 19 مىڭ 867 نەپەر، كېسەل بولۇش نىسبىتى 31.9%، 18 مىڭ 563 نەپەر بالىنى داۋالاپ، داۋالاش نىسبىتى 93.44% بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 3 ياشقىچە بولغان 29 مىڭ

قۇرۇلدى، يېڭىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەرقايسى زاۋۇت، كان، كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىلىرى قۇرۇلدى. 1965 - يىلىغا كەلگەندە ئۈرۈمچى رايونىدىكى تۈرلۈك سەھىيە، داۋالاش ئاپپاراتلىرى (ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) تەرەققىي قىلىپ 179 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دوختۇرخانا 27 گە، كېسەل كارىۋىتى 3515 كە، تىببىي خادىملار 3307 نەپەرگە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس سانى بىلەن ھېسابلىغاندا ھەر مىڭ ئادەمگە 5.9 كېسەل كارىۋىتى، 2.19 دوختۇر توغرا كېلىدۇ. قىسقىغىنە 16 يىل ئىچىدە سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھەر قانداق مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. بۇ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سالامەتلىكىگە چەكسىز غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 10 يىللىق ئىسلاھاتتا ئۈرۈمچىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى يېڭى تەرەققىياتلارغا

دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەھىرىمىزنىڭ ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىدا تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 8. تىببىي داۋالاش سەھىيە

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40- يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ تىببىي داۋالاش- سەھىيە ئىشلىرىدا مىسلىسىز ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 50 - يىللىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن شىنجاڭدا دوختۇر يېتىشمەسلىك، دورا ئاز بو- لۇشتەك جىددىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ تارىخىدا ئەزەلدىن قۇرۇلۇپ باقمىغان تۇنجى ئالىي تىببىي شۆيۈەن — شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى ۋە 1 - شۆبە دوختۇرخانىسىنى قۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇر- خانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى، شۇنىڭدەك تۇبېركۇليوز، روھىي كېسەللىكلەر قاتارلىق مەخسۇس كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىنى قايتىدىن قۇردى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يەنە، ئارقا - ئارقى- دىن شەھەرلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسى كېڭەيتىپ،

نسى)لا بولۇپ، ئاران 30 كىسەل كارىۋىتى، 14 نەپەر تىببىي خادىملا بار ئىدى، ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي ئىدى. 1988 - يىلىغا كەلگەندە، شەھەرگە قاراشلىق سەھىيە ئاپپاراتى تەرەققىي قىلىپ 247گە، دوختۇرخانا 17گە، كىسەل كارىۋىتى 2894كە، تىببىي خادىم 4094 نەپەرگە يەتتى. ئۈرۈمچىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى يوقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، بۈگۈنكى زامانىۋى سەۋىيىگە تەرەققىي قىلدى. 1979 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان 9 يىل ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 23 مىليون 920 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 86 مىڭ 26 كۋادرات مېترغا يەتتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇن كىسەللەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا، بۇ شىپاخانىنىڭ قۇرۇلۇشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ سەھىيە جەھەتتىكى كونكرېت ئىپادىسى. بۇ شىپاخانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 1983 -، 1985 - يىلى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار - باللارنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك نەنمىن جۇڭيى دوختۇرخانىسى ۋە شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر شەھەرلىك مەركىزىي قان پونكىتى قۇرۇلدى. شەھەرلىك سەھىيە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ

ئېرىشتى. 1988 - يىلغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدىكى تۈرلۈك سەھىيە ئاپپاراتلىرى (ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا) 574كە تەرەققىي قىلىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 143ى كۆپەيدى؛ دوختۇرخانا 51گە يېتىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 9ى كۆپەيدى، كېسەل كارىۋىتى 11 مىڭ 240قا يېتىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 4035ى ئاشتى، تېببىي خادىملار 15 مىڭ 488گە (بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تېببىي خادىملار 2628 نەپەر) يېتىپ، 1975 - يىلدىكىدىن 7252 نەپەر ئاشتى. بۇنىڭدىن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل مابەينىدە ئۈرۈمچىنىڭ داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىدىكى ئاپپارات، كېسەل كارىۋىتىدىن تارتىپ تاكى تېببىي خادىملارغىچە بولغان تەرەققىيات، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 1949 - يىلى ۋە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىكى 1975 - يىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ھازىر مەسئۇل دوختۇردىن يۇقىرى كەسپىي ئۇنۋان ئالغانلار 2488 نەپەرگە، باش دوختۇر، كاندىدات باش دوختۇر، پروفېسسور، دوتسېنت 794 نەپەرگە يەتتى.

1951 - يىلى، شەھەرگە قاراشلىق داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتىدىن پەقەت «دىخۇا شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسى» (ھازىرقى شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخا-

سەھىيە ئورنىدىن ئىككىسى تەستىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي شىپاخانىدىن 3 ى، جۇڭيى داۋالاش ئورنىدىن 74 ى، غەربچە داۋالاش ئورنىدىن 215 ى بار. بۇنىڭ بىلەن تارقاق مەبلەغ جۇغلاندى ھەم بىر قىسىم دەم ئېلىش، پېنسىيىگە چىققان ھەمدە كەسپىي ئالاھىدىلىك كە ئىگە تىببىي خادىملارنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلدى. بۇندىن باشقا، مۇشۇ مەزگىلدە ياشانغان، ئاجىز، ھەرىكەتتە قىيىنلىشىدىغان كېسەللەر مۇۋاپىق داۋالاش ۋە كۆتۈشكە ئېرىشتى. ھەر قايسى داۋالاش ئورۇنلىرى پائال ھەرىكەتكە كېلىپ 3379 ئادەم قېتىم ئائىلە كېسەل كارىۋىتى قۇردى، ئائىلە كېسەل كارىۋىتىنىڭ كۈن سانى 241 مىڭ 668 كۈنگە يېتىپ، 200 كېسەل كارىۋىتى بار دوختۇرخانا قۇرغانغا باراۋەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي دوختۇرخانىلار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر قايسى زاۋۇت، كان- كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ دوختۇرخانىلىرىنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ كېسەل كۆرۈشنى يولغا قويغانلىقتىن ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش، بالنىتسىدا يېتىشى قىيىن بولۇشتەك زىددىيەت پەسەيدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دوختۇر، دورا قىس بولۇش ۋەزىيىتىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدە 100 كېسەل كارىۋىتى، 113 تىببىي خادىمى بولغان نا-

لابوراتورىيە بىناسى، شەھەرلىك تىببىي مەكتەپنىڭ ئوـ قۇتۇش بىناسى شۇنىڭدەك شەھـەرلىك دوستلۇق دوختۇرـ خانىسى، شەھەرلىك جۇڭيى دوخـتۇرخانىسى، شەھەرلىك 1 ـ خەلق دوخـتۇرخانىسى، شەھەرلىك 4 ـ دوختۇرخاـ نىدىن ئىبارەت 4 دوختۇرخانىنىڭ بـالنىست ۋە ئامبولاـ تورىيە بىنالىرى كېڭەيتىپ ياسالدى. بۇ سەھىيە ئىشلىـ رى ئاساسىي قۇرۇلۇشدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر.

## و. ئاساسىي قاتلام سەھىيە ئىشلىرى

تىيانشان رايونى بىلەن سايباغ رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە نوپۇس ئـەڭ زىچ ئورۇنلاشقان رايون. ھازىر شەھەرگە قاراشـلىق 7 رايوننىڭ ھەرسىدە رايونـ لۇق دوختۇرخانا، تـۆتىدە 5 ئامبولاتورىيە، 107 خـادىم بار، بۇنىڭ 91 نەپىرى سەھىيە تېخنىك خادىمى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كېسەللەرنىڭ يېقىن ئەتراپتا كېسەل كۆرسىتىشكە قولايلىق يارىتىپ بـېرىش ئۈچـۈن، كۆپ يول، كۆپ شەكىلدىكى تىببىي داۋالاش يولغا قويۇلدى، خۇسۇسىي داۋالاش ئورنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلىندى ۋە مەدەت بېرىلدى. 1984 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە، خۇـ سۇسىي داۋالاش ئورنى ئاچقانلاردىن ئىمتىھان ئېلىندى. 1988 ـ يىلغا قەدەر خۇسۇسىي داۋالاش ئورنىدىن292سى، كوللېكتىپ داۋالاش ئـورنـىدىن 8ى، تـارماقـلارنىڭ

لاش مەخسۇس بۆلۈملىرىدىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى.

تىببىي داۋالاش ئۇسكۇنىلىرىنى ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا تېخمۇ بولمايدۇ، ھازىر ئۇرۇمچىدىكى ئادەتتىكى دوختۇرخانىلاردىلا يۈرەكنى، مېڭىنى ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش ماشىنىسى، B ئۇلترا ئاۋازدا تەكشۈرۈش ماشىنىسى، قاندىكى گازنى ئۆلچەش ماشىنىسى ۋە ھەر خىل ئىچكى ئەزالارنى تەكشۈرۈش ئەينىكى، چوڭراق دوختۇرخانىلاردا 1000 ئامپېرلىق رېنتگېن ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، قاتلام بويىچە سۈرەتكە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى قاتارلىق زامانىۋى ئىلغار ئۇسكۇنىلەر بار. ئۈرۈمچى شەھەرگە قاراشلىق ھەر قايسى تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدىلا 49 خىل، 10 مىڭ يۈەندىن قىممەت داۋالاش ئۇسكۇنىلىرىدىن 57 سى بار، بۇنىڭ بىلەن دىئاگنوز ۋە داۋالاش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 11. تىببىي مائارىپ ۋە پەن تەتقىقاتى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ئۈرۈمچىدە تىببىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر يوق، تىببىي كەسپىي – تېخنىك خادىملار ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. 1940 – يىلى، پارتى

ھىيلىك دوختۇرخانا قۇرۇلدى. ناھىيىگە قاراشلىق يې-
زىلاردا جەمئىي 76 كېسەل كارىۋىتى، 76 تىببىي خادىمى
بار 3 شىپاخانا، يېزىغا قاراشلىق كەنتلەردە جەمئىي 103
تىببىي خادىم، 144 سانىتار، 144 كىندىك ئانا بولغان
8 شىپاخانا تەسىس قىلىندى.

بۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى كېسەللەر كەنتتىن چىقـ-
مايلا ۋاقتىدا داۋالىنالايدىغان بولدى.

## 10. داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ئۈسكۈنە

سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ،
تىببىي داۋالاشنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تەدرىجىي ھالدا
تولۇقلىنىش ۋە مۇكەممەللىنىشكە قاراپ يۈزلەندى.
ئازادلىقتىن ئىلگىرى، دوختۇرخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمى-
دىكى ئاپپاراتلار ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، پەقەت ئىچ-
كى - تاشقى كېسەللىكلەر، تۇغۇت ۋە بالىلار بۆلۈملا
تەسىس قىلىنغانىدى. ھازىر ئۈرۈمچى ناھىيىلىك دوختۇرخانى-
لارنىڭ تىببىي تېخنىكا، كىلىنىك بۆلۈملىرى 30 ئۆپچۆ-
رىسىگە يەتتى. مەسىلەن: شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى 1 -
شۆبە دوختۇرخانىسىدا 29 كەسپىي بۆلۈم، 9 تىببىي تېخ-
نىكا بۆلۈمى، 41 مەخسۇس بۆلۈم ئامبولاتورىيىسى ۋە
مۇتەخەسسىسلەر ئامبولاتورىيىسى بار، بۇنىڭ بىلەن
ئۈرۈمچى رايونىدىكى دوختۇرخانىلارنىڭ تىببىي داۋا-

نىڭ 28 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىي (يۈرەك قان تومۇرى) بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرەلەيدىغان ئورۇن قاتارىغا ئۆتتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئورۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر قايسى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي، دورىگەرلىك، سەھىيە مەكتەپلىرىدىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەندى.

تىببىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تىببىي بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلۈشى ۋە يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تىببىي داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، ئۈرۈمچىدىكى ئاز ساندىكى دوختۇرخانىلاردىلا ئاددىيغىنا ئوپېراتسىيە قىلىناتتى، ئېغىر كېسەللىكلەر ئىچكىرىگە ئەۋەتىلەتتى. ھازىر داۋالاش تېخنىكىسى جەھەتتە يېڭى تەرەققىيات بولدى. 1976 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى 1 ـ شۆبە دوختۇرخانىسى باش سىرتى ـ باش ئىچى ئارتېرىيىنى ئۇلاش ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىپ مەملىكەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى؛ شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەنى 1 ـ شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، تۆمۈر

يىمىز شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەپ بارغان مەزگىلدە يول-
داش ماۋزېدوڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ-ئامانلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى،
سەھىيە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تىبا-
بەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك تېز پۈتتۈرۈش مەكتىپىنى
قۇرغانىدى، پەقەت ئىككى قەرەل ئېچىلىپ 92 كۇرسانت-
نى تەربىيىلەپ چىقارغاندا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەج-
بۇرىي توختىتىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ
تىببىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تىببىي كەسپىي
ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش سى-
ياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۈ-
رۈمچى رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ تىب-
بىي شۆبىۋىنى، شىنجاڭ جۇڭيى شۆبىۋىنى ۋە ئوتتۇرا دە-
رىجىلىك تىببىي، كەسپىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى ھەمدە
تۆرلۈك ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىشتىن سىرتقى تىب-
بىي مائارىپ ۋە خىزمەتتىكىلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئو-
رۇنلىرى ئېچىلىپ زور بىر تۈركۈم تىبابەتچىلىك، دورى-
گەرلىك، سەھىيە كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيە-
لەندى. شىنجاڭ تىببىي شۆبىۋەنىدىلا 30 نەچچە يىلدىن
بۇيان، شىنجاڭ ئۈچۈن 4 مىڭدىن ئارتۇق تىببىي، كەس-
پىي ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئى-
چىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 50% نى تەش-
كىل قىلىدۇ، بۇلار شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلىرىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتا تۆھپە قوشتى. 1986 ـ يىلى 7 ـ ئاي-

كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرنىڭ 54 پەن تەتقىقات تۈرى شەھەر دەرىجىلىك ئىلغار پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، 11 تۈرى ئاپتونوم رايوننىڭ «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا تۈرى» ۋە «پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەھىيە خادىملىرى كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، كىلىنىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى، 1983 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ يازغان ئىلمىي ماقالىسى 74 پارچە بولۇپ، بۇنىڭ 24 پارچىسى ئوخشىمىغان ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ تىببىي شۆبىۋىنى 1 ـ شۆبە دوختۇرخانىسىدىكىلەر ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە 2 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇقراقى مەملىكەتلىك ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. مەزكۇر دوختۇرخانا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، باش دوختۇر خې بېگشەن 1976 ـ يىلى يازغان مەملىكەت بويىچە تۇنجى «يۈرەكنى ۋېكتورلۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش» ھەققىدىكى ماقالە مەملىكەتتىكى بىر قىسىم تىببىي شۆبىۋەن ـ مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللاردا يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكى ھەققىدە 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان

يول ئىدارىسى مەركىزىي دوختۇرخانىسى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى قاتارلىق چوڭراق دوختۇرخانىلارنىڭ ھەممىسىدە كۆكرەك، مېڭە ۋە نازۇك تاشقى كېسەللىك لەر ئوپېراتسىيىسى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىنىدىغان بولدى. 10 يىللىق ئىسلاھات كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپچانلى قىغا ئىلھام بەردى، يېڭى تېخنىكا، يېڭى داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ قانات يېيىشى پەن تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇرۇمچى دىكى داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجى لىرى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلدى. 1978 - يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېببىي شۆيۈەنى 1 - شۆبە دوختۇرخا نىسىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىسىلا 157 تۈر بو-لۇپ، بۇنىڭ 50 تۈرى ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقى قات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، 4 تۈرى سەھىيە مىنىستىر-لىقىنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، 2 تۈرى مەملىكەتلىك ئىلىم - پەن يىغىنىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىش تى. مەزكۇر شۆيۈەندىكى پروفېسسور ياۋ بىڭلى يېتەك لىگەن تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى لى جۈن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە «بېيى كۈيتۇڭ ئارقىلىق قورساق بېغىر قۇرتى شارچىسىنى داۋالاش» 13 - نۆۋەتلىك خەلقئارا بېغىر قۇرتى كېسىلى ئىلمىي يىغىنىدا «مىكر بىنسۇ» مۇ-كاپاتىغا ئېرىشتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي

يولغا قويدى: 1988 ـ يىلى، شەھەرلىك مەركىزىي قان پونكىتى، شەھەرلىك 1 ـ ئامبولاتورىيە، شەھەرلىك نەنمەن جۇڭيى دوختۇرخانىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىگەلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئاساس سالدى ۋە تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى. تىببىي داۋالاش كەسپىدە توغرا لىنىيىلىك ئالاقە كۆچەيتىلىپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلۇپ، ئورتاق ئىلگىرىلىدى. 1984 ـ يىلى، شەھىرىمىز نەنجىڭ شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى بىلەن تىببىي داۋالاش تېخنىكىسىدا ياردەملىشىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئۆز ئارا تىببىي خادىملارنى ئەۋەتىپ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدى: 1987 ـ يىلى، 20 دوختۇرخانا 70 تىببىي داۋالاش ئورنى بىلەن بىرلەشمە گەۋدە تۈزدى، 1988 ـ يىلى تىببىي داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسىدىن يەنە 10 نەچچىسى كۆپەيدى: شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى شەنشى ئۆلكىلىك جۇڭيى دورىلىرى تەتقىقات ئورنى بىلەن تىببىي داۋالاش، پەن تەتقىقاتى، باشقۇرۇش جەھەتلەردە ھەمكارلىشىش تۈرلىرىنى تۈرغۈزدى. بۇ ـ

قىلدى. 1988 - يىلى مەركىزدىي سەھىيە مىنىستىرلىقى
ئۇنى مەملىكەتلىك يۇرەك قان تومۇرى كېسەللىكى
مۇتەخەسسىسلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ
قىلدى.

## 12. ئىسلاھات داۋامىدا ئىلگىرىلەش

ئۇرۇمچىنىڭ تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرى ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا باستى. شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى 1985 - يىلى دوختۇرخانا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يۈرگۈزۈپ، داۋالاش كەسپى ۋە ئىقتىسادىي كىرىم جەھەتتە سەھىيە ئىدارىسى بىلەن 3 يىللىق توختام ئىمزالاپ، دوختۇرخانا ئىچىدە پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئورنىتىش، بۆلۈم - ئىشخانىلاردا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، ئارقىبا سەپتە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، ئۇدا 3 يىل ئۈزلۈك ۋەزىپىلەرنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. شەھەرلىك چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئورنىمۇ باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى

يارىتىلدى. بىر قانچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق كۆپ-لىگەن ئىلغار تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئورۇنلىرى بار-لىققا كەلدى، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش دوختۇرخانىسى، تۆمۈر يول مەركىزىي دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك دوستلۇق دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن؛ نېفىت خىمىيە سانا-ئىتى زاۋۇتى دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك 1 - دوختۇر-خانا، شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى، شەھەرلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى شۇنىڭدەك شەھەرلىك 4 - دوختۇرخانا قاتارلىق 8 دوختۇرخانا شەھەر دەرىجە-لىك مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا؛ شەھەرلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، شەھەرلىك تىببىي مەكتەپ قاتارلىق 3 ئورۇن شەھەر دە-رىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1988-يىلى يەنە 7 دوختۇرخانا مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانىلار قاتارىغا، 4 ئورۇن مەدەنىيەتلىك ئورۇن قاتارىغا كىردى.

40 يىلدىن بۇيان، ئۈرۈمچىنىڭ تىببىي داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىدا بولغان تەرەققىيات پۈتۈن شەھەردىكى ھەرمىللەت خەلقىغە ئايان. شۇڭا، مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا پۈتۈن شەھىرىمىزدىكى ھەرمىللەت تىببىي داۋالاش، سەھىيە خادىملىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭ دولقۇنىدا يېڭى پەللىگە ئۆرلەش ئۈ-چۈن جاپاغا چىداپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە!

تىنىڭ بىلەن جۇڭيى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مەدەنىيەتلىك كۆزنەك، مەدەنىيەتلىك دوختۇرخانا، مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىش، ئورتاق يۈكسىلىش مەقسىتىگە يەتتى ۋە داۋالاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاش، ياخشى داۋالاش تەرتىپىنى ئورنىتىشتا پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. مۇتلەق زور ساندىكى دوختۇرخانىلارنىڭ كېسەل كۆرۈش ئادەم قېتىم سانى، بالنىتسىدا يېتىش ئادەم قېتىم سانى، ساقايتىش نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشىلىنىش بولۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە يەتتى ياكى ئۆتكەندىن ئېشىپ كەتتى. 1987 - يىلى، 1978 - يىلىدىكىگە قارىغاندا كېسەل كۆرۈش مىقدارى 20.39%، بالنىتسىدا يېتىش كۈن سانى 90.22% ئاشتى. شەھەرلىك 1 - دوختۇرخانا مۇلازىمەت قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئامبۇلاتورىيە تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، كېسەللەرنىڭ كېسەل كۆرسىتىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىشتە چىڭ تۇردى. 1988 - يىلى، شەھەرلىك تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ ئامبۇلاتورىيە مىقدارىدا 410 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئىبارەت ئەڭ يۇقىرى رېكورت

دۇنياغا يۈزلىنىپ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ قەدەم تاشلىدى.

كونا جۇڭگودا ئۈرۈمچى «دىخۇا» دەپ ئاتالغان. خەنزۇچە خەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، «ئويغىتىش، تەربىيىلەش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ، راۋاجلاندۇرۇش، ئالغا بېسىشنى مەقسەت قىلىشنى لازىم ئىدى، ئەمما فېئودال بيۇروكراتلار، مىلىتارىستلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، كوچىلارنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن ۋەيرانە، ئۆي - بىنالار كونا ۋە ئاددىي ئىدى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئەسلىھەلىرى نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ، «يوللىرى ئېگىز - پەس، تېلېفونلىرى راۋان ئەمەس»، «خادىكتە ئولتۇرىدۇ، ئېشەك بىلەن سۇ توشۇيدۇ»... دېگەن سۆزلەر شۇ چاغدىكى شەھەر قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش، ياخشى ئىش قىلىشنى باشتىن - ئاخىر بىردىنبىر ئاساسىي مەقسەت قىلدى، بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي

# يېشىللىققا پۈركەنگەن چېگرا شەھەر

— ئۈرۈمچىنىڭ باغ - ۋارانلاشتۇرۇش، كۆكەرتىش ئىشلىرىنىڭ 40 يىللىقى

گۈلشەنجىلك

ئۈرۈمچى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا مەركىزى. جۇغراپىيە كاتېگورىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، شەھەر سۈپىتىدە ئېيتقاندا ئۈرۈمچىنىڭ تارىخى 100 يىلدىن ئاشىدۇ. لېكىن، ئۈرۈمچى شەھىرى پەقەت كومپارتىيە، رەئىس ماۋزېدۇڭ قوماندانلىق قىلغان، گېنېرال ۋاڭجېن باشلىغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى بۇ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاندىن يېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە يۈكسىلىپ، ئۇچقاندەك تېز ئالغا بېسىپ، ۋەتىنىمىزدىكى بىر مۇھىم چېگرا شەھىرىگە ئايلاندى ھەمدە

تۆپ دەرەخ بارلىقى مەلۇم بولغانىدى. ھازىرچۇ؟ ئۈ-
رۈمچى شەھەر رايونىدا دەرەخلىك يولدىن جەمئىي 84ى
بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 125.65 كىلومېترغا، يول
بويىدىكى ھەر خىل دەل-دەرەخ 168مىڭ 72 تۈپكە، ئوت-
چۆپ ئۆستۈرۈلگەن كۆلەم 118مىڭ 80كۋادرات مېترغا
يەتتى. بۇلاردىن تاشقىرى، تۇدۇڭخابا، شىمىگو، دۇڭخەن
رايونى قاتارلىق جايلاردىكى 16 كوچىنى ھەممە تۈر-
پان، مىچۈەن، سانجى، كورلا قاتارلىق جايلارغا تۇ-
تاشقان تاشيوللارنىڭ شەھەر ئەتراپى قىسمىنى كۆ-
كەرتىشمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئۈرۈم-
چىنىڭ كوچىلىرىنى باغ-ۋارانلاشتۇرۇش بىلەن پۈتكۈل
شەھەر قۇرۇلۇشى تەڭلا ۋاقىتتا تەڭ قەدەمدە راۋاجلان-
دى. 50 ـ يىللاردا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شە-
ھەرلىك پارتكوم ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆكەرتىشتە «ئال-
دى بىلەن شەھەر ئىچىنى، ئاندىن شەھەر ئەتراپى را-
يونىنى؛ ئالدى بىلەن يېقىننى، ئاندىن يىراقنى؛ ئالدى
بىلەن ئاساننى ئاندىن قىيىننى ئىش-
لەش» ۋە «تىرەكنى تۇتقا قىلىپ، مۇۋاپىق قويۇق تى-
كىش» يېتەكچى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. يول بويىغا دەرەخ تىكىش شەھەرنى كۆكەرتىش-
نىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىنىپ، ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇل-
دى ۋە يولغا قويۇلدى. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا يەن-
ئەن يولى، غالىبىيەت يولى، ئازادلىق يولى، نۇرلۇق

يىغىنىدىن بويان، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى
يۆتكىلىشكە، ئىچكى ئىشلاھاتسىياسىتىنىڭ ئىزچىل
لاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ ئاساسىي ئەسلىھە
قۇرۇلۇشى تېزلەشتى، شەھەر قىياپىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش
بولدى، شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 19% كە، كىشى
شى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن باغ —
بوستانلىق 3.47 كۋادرات مېترغا يەتتى.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50
يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 50
يىلدىن بۇيانقى باغ-ۋارانلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا بېسىپ
ئۆتكەن يولىمىزنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

## ئۇزۇنلۇق يول ۋە دەرەخلىك يول

مەشھۇر ئەدىب جى شاۋلەننىڭ بىر شېئىرىدا ئۈرۈمچىدە 18 -ئەسىردىلا دەرەخلىك يوللار بارلىقى تەسۋىرلەنگەن. 19- ئەسىردە دەرەخلەر يەنىلا بار بولسىمۇ، لېكىن پەقەت سۆگەت ۋە قارىياغاچلا بولۇپ، سانىمۇ ئازىيىپ كەتكەن. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىنىڭ يول بويىدىكى دەرەخلەر ئىنتايىن ئاز قالغانىدى. 1951-يىلى تەكشۈرگەندە، ئەسلىدىكى بىرىنچى رايون دائىرىسىدىكى ئازادلىق يولى، دېموكراتىيە يولى قاتارلىق توققۇز كوچىنىڭ ئۇيەر-بۇ يېرىدە ئاران 610

ئاشۇرۇشنى، يىل بويى ياشىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەرنى، گۈللۈك چاتقال ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىشنى، يەنە گۈل - گىيا ئۆستۈرۈپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياپ-يېشىل تۇرۇش، ئىككى پەسىلدە گۈل بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەھەرنى تېخىمۇ گۈزەل، ھەيۋەتلىك قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

نۇرلۇق يولى بېيجىڭدىن چوڭ كۆۋرۈككىچە بولۇپ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1100 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يولغا 1956 - يىلى ئاسفالت يېيىتىلغان بولۇپ، 1957-يىلى يول ئەتراپىغا زاراڭ دەرىخى، ياسىن دەرىخى قا-تارلىقلار تىكىلگەن، لېكىن دەل-دەرەخلەر رەتلىك ئە-مەس ئىدى، زاراڭدەرىخى يازدا قۇرۇپ سارغىيىپ كېتىپ، شەھەر كۆرۈنۈشىگە تەسىر يەتكۈزەتتى. 1982 - يىلى، ئەتىيازدا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ، ما-تورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكەرتىش بەلبېغىغا موگۇل قارىغىيى، مەرۋايىت گۈل ۋە قىزىل گۈل تىكىلدى. 1983 - يىلى، كوچا ياقىسىدى-كى ئورۇنلارنىڭ قورشاۋ تاملىرى، چوڭ دەرۋازىلىرى ۋە قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلار پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلىپ، ۋې-لىسىپىت يولى ۋە پىيادىلەر يولى ياسالدى، نەتىجىدە پۈتكۈل يول ئەسلىدىكى 18 مېتىردىن 38مېتىرغا كېڭىيىپ، كۆكەرتىش بەلبېغى ئەسلىدىكى ئۈچتىن بەشكە كۆپەيـ-تىلدى، ئۇنىڭغا كوچا ياقىسىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىدارە

يولى، دوستلۇق يولى، بېيجىڭ يولى، ئايرودروم يولى، ئاسا-
سىي ئوق قىلىنغان غول يوللارنى دەرەخلىك يول قىلىش ئاساسىي
جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئېگىز، ھەيۋەتلىك، كۆر-
كەم ھەمدە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سۇۋادان تېرەك،
شىنجاڭ تېرىكى ھەمدە ياسىن دەرىخى، زاراڭ دەرىخى
قاتارلىقلار يول بويىدا رەتلىك قەد كۆتۈردى. بولۇپمۇ،
بېيجىڭ يولىنىڭ كەڭلىكى 58 مېتر بولۇپ، ماتورلۇق
قاتناش ۋاسىتىلىرى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 9-12 مېتر
كەڭلىكتىكى يول ئايرىش ئورمان بەلبېغىغا 7 قۇر يا-
سىن دەرىخى تىكىلگەندىن تاشقىرى يەنە، ما-
تورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى يولى بىلەن ۋېلىسىپىت يو-
لى، ۋېلىسىپىت يولى بىلەن پىيادىلەر يولى ئارىلىقىدا
جەمئىي 12 قۇرلۇق 4 ئورمان بەلبېغى بار، بۇنىڭ بى-
لەن 5 ئورمان بەلبېغى ئايرىپ تۇرغان 6 دەرەخلىك
يول شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كىلومې-
تىردىكى 19 قۇردا 10 مىڭ 230 تۈپ دەرەخ بار بولۇپ، بۇ
مەملىكىتىمىزدىكى شەھەرلەر ئىچىدە ئاز ئۇچرايدۇ.
يەنئەن يولىنىڭ كوچا كەڭلىكى ئاران 9 مېتر بولسىمۇ
ھەر بىر تەرىپىگە بەش قۇردىن دەرەخ تىكىلگەن، دەل-
دەرەخلەر يولغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون، شەھەر
رەھبەرلىكى كوچا-يوللىرىنى كۆكەرتىشكە تېخىمۇ يۇقىرى
تەلەپ قويۇپ، باغ - ۋارانلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا

كۆزدىن كەچۈرگەندە: نۇرلۇق يولنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىر قەدەر ياخشى، كۆكەرتىش بەلباغلىرىدا ئېگىز غوللۇق دەرەخ، چاتقال ۋە چىملىق، گۈل ـ گىيالار بار بولۇپ، كۆپ قاتلاملىق «سىترېئولۇق كۆكەرتىش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلغان، دېگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دوستلۇق يولىدىمۇ پىلاندىكى تەلەپ بويىچە كوچا تەرەپتىكى قورشاۋ تاملار چېقىلىپ، گۈللۈكلەر بەرپا قىلىنىپ، كوچا مەنزىرىسى بىلەن هويلا ـ ئاراملاردىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىيالار بىر گەۋدە قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن هويلا ـ ئاراملار تېخىمۇ كېڭەيدى، كوچا مەنزىرىسى تېخىمۇ كۆركەم بولدى. ياشلار يولى، ياڭزىجياڭ يولى، چاڭجياڭ يولى، چيەنتاڭجياڭ يولى ۋە ئىتتىپاق يولىدىمۇ يېشىللاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى، شەهەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى بېكىتكەن شەهەر دەرىخى ـــ چوڭ يوپۇرماقلىق قارىياغاچ، شەهەر گۈلى ـــ قىزىل گۈل ئاساسلىق كوچىلاردا كېڭەيتىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

## هەيرانباغ ۋە كوچا گۈللۈكلىرى

«نۇرغۇن تۈت كوچا ئېغىزلىرىدىكى گۈللۈكلەردە رەڭگارەڭ گۈللەر بار بولۇپ، ئۆزگىچە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە ئىكەن، بۇ باشقا شەهەرلەردە تېخى ئاز ئۇچ-

ئالدىنى كۆكەرتىشنى قوشقاندا، ئومۇمىي كۆكەرتىلىش كەڭلىكى 14 مېترغا يېتىپ، يول كەڭلىكىنىڭ تەخمىنەن 40%ىنى ئىگىلىدى. زاراڭ دەرىخى شاللىۋېتىلدى، ياسىن دەرىخى تولۇقلاپ تىكىلدى. سەكەقارىياغاچ تىكىلدى (ئۇلاش ئارقىلىق مەجنۇن قارىياغاچ قىلىندى)، ئىدارىلار دەرۋازا ئالدىغا چاۋشيەن شەمشادى، ئاق قارغاي ۋە قىزىل گۈل قاتارلىق دەرەخ ۋە گۈللەرنى تىكتى، دەرەخلەر ئاستىغا چىملىق ۋە گۈل-گىيا ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن نۇرلۇق يولىدا ئەتىياز بىلەن ياز ئالماشقان مەزگىللەردە قىزىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، دىماقنى يارغىدەك خۇش پۇراقلىرى ئەتراپقا تارقىلىدىغان؛ ياز كۈنلىرى بۈك-باراقسان دەرەخلەر ئاستىدا ياپ-يېشىل ئوت-چۆپلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان؛ كۈزدە رەڭگا-رەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىدىغان؛ قىش پەسلىدە يېشىل قارىغايلار ئاق قار ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلدى، نۇرلۇق يولىنىڭ مەنزىرىسى پەسىلگە قاراپ ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشتى.

1984 - يىلى كۈزدە، جۇڭگو باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى چېڭ جۇڭفاڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ

ربولۇق ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى شەھىرىمىزدىكى تۇنجى بېدەيو-
پۇرمىقى شەكىللىك سىتىربولۇق ئۆتۈشمە كۆۋرۈك بولۇپ،
ئايلانما يول ئىچىگە 50 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدە
ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈلگەن، بۇ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ
ئاممىۋى كۆكەرتىش سورۇنلىرى ئىچىدىكى چىملىق كۆ-
لىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر جاي. ئىككى تەرىپىگە موڭغۇل
قارىغىيى ۋە شىنجاڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دۇپ دەرىخى
ھەمدە قەلەمپۇر، قىزىل گۈل، ياۋا بادام قاتارلىق گۈل-
گىيالار ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان شەھەر ئاھا-
لىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ سەيلە قىلىدۇ. كۆۋرۈك ئۈستى-
دە تۇرۇپ خەلق باغچىسى، ھەيرانباغ، قىزىل تاغ باغ-
چىسى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى قاتارلىقلارنىڭ مەن-
زىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان فوتوھەۋەسكار-
لىرى بۇ يەردە ئۇنتۇلغۇسىز كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئا-
لىدۇ. سىتىربولۇق ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن چوڭ كۆۋرۈكتىكى
ئۆستەڭ سېيىغىچە مەڭگۈلۈك توسما قۇرۇلدى، دەريا قېنى
تۈزلىنىپ، سېرىق توپا يېپىستىلدى، ئوت - چۆپ ئۆستۈ-
رۈلدى، كۆكەرتىش كۆلىمى يەنە 40 مىڭ كۋادرات مېتىر
كېڭەيدى، بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ساي تاشيولىنى كۆ-
كەرتىشنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقەتەنمۇ:

خەلقنىڭ باردۇر قۇدرەتلىك كۈچى،
ئايلاندۇردى بوستانغا چۆلنى.

ئۈرۈمچىدىكى نۇرغۇنلىغان سەيلىگاھلار ئىچىدە

رايدۇ». بۇ، باغ - ئۇرمان مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئۇرۇم-
چىنىڭ كۆكەرتىش ئىشلىرىغا بەرگەن باھاسى. شەھەردى-
كى ئاساسلىق يول ئۆتۈشمىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى
ئەتراپىدا يۇمۇلاق، كۋادرات ياكى ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك
گۈللۈكلەر، مەيدانلار ۋە سەيلىگاھلار بار. ئۇلار قاتناش
جەھەتتە قاتناش ۋاستىلىرىنى يوللارغا ئايرىش، كىشى-
لەر ئېقىمىنى تارقاقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىسا، شەھەر
مەنزىرىسى جەھەتتە مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ھازىر شە-
ھەردە جەمئىي 22 ئورۇندا مەيدان، سەيلىگاھ كوچا گۈل-
لۈكى بار، ئومۇمىي كۆلىمى 217مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئار-
تۇق، بۇنىڭ ئىچىدىكى نەنمېن، بېيمېن، خەلق مەيدا-
نى ۋە جەنۇبىي پويىز ۋوگزالى مەيدانى قاتارلىقلاردا
دەرەخ تېكىش ئاساس قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە
گۈللۈكلەر بەرپا قىلىنىپ تېخىمۇ ھۆسن قوشۇلغان. بۇ
مەيدانلاردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. جەنۇبىي پويىز ۋوگ-
زالى مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا جىگدە ۋە ياۋا ئۈرۈك دە-
رەخلىرى تىكىلگەن بولۇپ، باش باھاردا ئەتراپ ئاچ
قىزىل رەڭلىك چېچەك بىلەن تولىدۇ، يازنىڭ باشلىرى-
دا جىگدە چېچىكى خۇشپۇراق چاچىدۇ. خەلق مەيدانىدا
موگۇل قارىغىيى قاتارلىق يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدى-
غان دەرەخلەردىن باشقا، شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان رىدە دەرەخلىرى بار. خەلق يولى سىت-

## گوزەل مەنزىرىلىك باغچىلار

باغ قۇرۇلۇشى شەھەرنىڭ باغ بوستانلىقلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شەھەردە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ، ئوقۇپ، ياكى تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان كىشىلەر تەبىئىي مۇھىتتىن يىراق بولغاچقا ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى باغلارغا، سەيلىگاھلارغا بېرىپ سەيلە قىلىشنى، ھاردۇقىنى چىقىرىپ زېھنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەن ساغلاملىقىنى كۈچەيتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشقا پايدىلىق. لېكىن، كونا جۇڭگودا بۇ پەقەت بىر قۇرۇق ئارزۇ ئىدى، ئۈرۈمچىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن: «ئۈرۈمچى دەرياسى قىزىل تاغ باغرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بۇلاق سۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، جەنۇبى كۆلىنى شەكىللەندۈرگەن، زۇمرەت كۆل سۇلىرى يالتىراپ تۇرىدۇ، كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلار، قىرغاقتىكى مەجنۇن تاللار، كۆل - كىيالار ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان كېپىنەكلەر بۇ كۆلگە ھۆسن قوشۇپ تېخىمۇ گوزەل كۆرسىتىدۇ». 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ ئۈرۈمچى ئۆلكە مەركىزى قىلىنغان، 1886 - يىلى، شەھەر رايونى كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندا كۆلبويى دەپ ئاتالمىش بۇ مەنزىرىلىك جايدا كۆل چېپىلىپ، شىپاڭ

ھەيرانباغ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ جاي ئىلگىرى «سەنگۈەنمياۋ» دەپ ئاتىلاتتى. ئەمما ئۇ جايدىكى سەن-گۈەنمياۋ ئىبادەتخانىسى خېلى بۇرۇنلا ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت ئىنتايىن كونىراپ كەتكەن تۇ-رالغۇ ئۆيلەرلا بار ئىدى. 1960 - يىلى، شەھەرلىك ھۆ-كۈمەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئا-ساسەن، ئاھالىلارنى كۆچۈرۈپ، بۇ جاينى كۆكەرتىشنى قارار قىلدى، دائىرىسى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ شىمالىي تەرى-پى شەرقىي، غەربىي بېشىدىكى ئىككى جاينى ئۆز ئىچى-گە ئالدى. 1965 - يىلى، كۆۋرۈكنىڭ شەرقىي بېشى جە-نۇبىي تەرىپىدە ئالتە بۇلۇڭلۇق شىپاڭ ياسالدى، 1966-يىلى كۆكەرتىلدى. 1982 - يىلى ئاندىن كېڭەيتىش قۇ-رۇلۇشى باشلاندى ھەمدە ئۇنىڭغا «ھەيرانباغ» دەپ نام بېرىلدى. بۇ قىزىلتاغ ئېغىزىغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ھازىر ھەيرانباغدا بۈك - باراقسان دەرەخزارلىق، چىمەنزار-لىق، رەڭگارەڭ گۈللەر بار. گۈل - گىيا شىركىتىنىڭ گۈل - گىيا ماگىزىنى، مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرى پارنىكى ۋە ھۈنەر - سەنئەت تىجارەت ئورنىنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەمدە شىپاڭ - دەھ-لىزلەر ئۆز ئارا تۇتاشقان، ئىلان باغرى يوللار ھەر تە-رەپكە يېيىلغان، تاغ تاشلىرى گۈزەل تۈسكە كىرگەن بو-لۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق «كىچىك باغچە»گە ئايلاندى.

جايلاشقان ئورنى ۋە مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ باغ ئىچىدە شىپاڭ، راۋاق، دەل ـ دەرەخ، كۆل ۋە ئېرىقلار ھەمدە بۆرە، ئېيىق، مايمۇن، توز، شاتۇتۇ ۋە ھەر خىل سۇ قۇشلىرى بولسىمۇ ئەمما مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ھەممىسى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىلگەن»، «كۆپچىلىك شىڭ (شىسەي) دۇبەنگە باغنىڭ ئىچكى قىسمىنى ياخشى تەرتىپكە سېلىپ، مەنزىرىسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش ھەققىدە تەكلىپ بەردى» دەپ يازىدۇ. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەتتە بەرگەن تەكلىپىگە: «بۇ ئىشنى قىلىشقا چولا يوق» دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، ئازاد بولغان چاغدا، ئۈرۈمچىدىكى بىردىنبىر باغچا يەنىلا شۇ ھالەتتە بولۇپ، دەرىخى پەقەت قاپاق تېرەك، قارىياغاچ ۋە قىرچىن؛ سۈيى كۆلچەكتىكى سېسىق سۇ؛ ئوت ـ چۆپى قومۇش، چاققاق ئوتلار ئىدى. گەرچە شىپاڭ، راۋاقلار بولسىمۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان رېمونت قىلىنمىغاچقا، ئىنتايىن خارابىلىشىپ كەتكەن. خەلق خوجايىن بولغاندىن كېيىنلا، ھەقىقىي خەلق باغچىسىغا ئايلاندى، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ياشلىق باھارى ئۇرغۇدى.

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، خەلق ھۆكۈمىتى ھەر يىلى ھەر مىللەت ئاممىسىنى باغچىدا پىلان بويىچە كۆچەت تىكىشكە، يول ياساشقا سەپەرۋەر قىلدى. كېيىن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن مەبلەغ سېلىنىپ ھاۋا ـ

راۋاقلار سېلىنىپ باغچا ياسالغان. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە بولغان مەزگىللەردە، نۇرغۇن مەبلەغ چوغلاپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ماھىر ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ باغ ئىچىدە «يوۋۇي ساۋتاڭ»، «كۆڭگەي شىپاڭ»، «ئۈزۈم شىپاڭ» قاتارلىق نۇرغۇن شىپاڭ - راۋاقلارنى ياساتقان ھەمدە باغقا «تۇڭلې باغچىسى» دەپ رەسمىي نام بەرگەن. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ شەخسىي غەرەزدە، بېيجىڭدىن ئۆزىنىڭ مىس ھەيكىلىنى ياساتتۇرۇپ كېلىپ راۋاق ئالدىغا ئورناتقان. بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ «تۇڭلې باغچىسى»نى ياساشنى نىقاب قىلىپ، «ياڭ جەمەتى ئىمپاراتورلۇقى» قۇرماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەتتا چەت ئەللىك سىياھەتچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ئېيسىل زىيالىيلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ تۇرۇشىنى، ئېرىشكەندىن كېيىن يازغان «ئۈزۈم سەپەر خاتىرىسى» دېگەن كىتابىدىمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ باغ ياساتقىنى «ئامىمىنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن» دېگەن. شىنىڭ شىسەي ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقان مەزگىللەردە، ياڭ زېڭشىننىڭ مىس ھەيكىلى ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ باغ يەنىلا ئىسمى جىسمىغا لايىق باغ بولالمىغان. ئىنقىلابىي قۇربان دۇ جۇڭيۈەن «تىيانشاندىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈش» دېگەن ئەسىرىدە: «تۇڭلې باغچىسى (كىشىلەر غەربىي باغ دەپمۇ ئاتايدۇ) نىڭ

ﻗﺎﺗﻼﺭ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ ﻛﯚﭼﯜﭖ ﻛﻪﺗﻜﻪﻧﺪﯨﻦ ﻛﯧﻴﯩﻦ، ﻳﻪﻧﻪ ﻛﯚﺭ-
ﮔﻪﺯﻣﻪ ﭘﺎﺭﻛﯩﻐﺎ ﻳﺎﺳﺎﻟﺪﻯ، 1987 - ﻳﯩﻠﻰ، «ﺑﺎﻍ ﺋﯩﭽﯩﺪﯨ-
ﻛﻰ ﺑﺎﻍ» ﻗﯩﻠﯩﭗ ﺋﯚﺯﮔﻪﺭﺗﯩﻠﯩﭗ، ﻳﯧﯖﯩﺪﯨﻦ ﺭﺍۋﺍﻕ، ﺷﯩﭙﺎڭ،
ﺩﻩﮬﻠﯩﺰﻟﻪﺭ، ﺳﯘﻧﺌﯩﻲ ﺷﺎﻗﯩﺮﺍﺗﻤﺎ ۋﻩ ﻛﯚﻟﭽﻪﻛﻠﻪﺭ ﻳﺎﺳﯩﻠﯩﭗ،
ﭼﯩﻤﻠﯩﻖ ﺑﻪﺭﭘﺎ ﻗﯩﻠﯩﻨﺪﻯ ۋﻩ ﭼﺎﺗﻘﺎﻟﯩﺴﻤﺎﻥ ﮔﯜﻟﻠﻪﺭ ﺋﯚﺳﺘﯜ-
ﺭﯛﻟﺪﻯ. ﮬﺎﺯﯨﺮ ﺧﻪﻟﻖ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﯧﮕﯩﺰ ﻏﻮﻟﻠﯘﻕ ﺩﻩ-
ﺭﻩﺧﻠﻪﺭ، ﭼﺎﺗﻘﺎﻟﯩﺴﻤﺎﻥ ﮔﯜﻟﻠﻪﺭ ۋﻩ ﮔﯜﻝ - ﮔﯩﻴﺎﻻﺭ ﻧﻪﭼﭽﻪ
ﻳﯜﺯ ﺧﯩﻠﻐﺎ ﻳﯧﺘﯩﺪﯗ. ﻳﻪﻧﻪ ﺋﻮﻳﯘﻧﭽﯘﻕ ﻣﺎﺷﯩﻨﺎ، ﺋﻮﻳﯘﻧﭽﯘﻕ
ﻛﯧﻤﻪ، ﺋﺎﻱ ﺭﺍﻛﯧﺘﺎﺳﻰ، ﺋﺎﻟﻪﻡ ﺋﺎﻳﺮﻭﭘﯩﻼﻧﻰ ۋﻩ ﻛﯩﭽﯩﻚ
ﭘﻮﻳﯩﺰ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﭼﻮڭ ﺗﯩﭙﺘﯩﻜﻰ ﻛﯚﯕﯜﻝ ﺋﯧﭽﯩﺶ ﺋﻪﺳﻠﯩﮭﻪ-
ﻟﯩﺮﻯ ﮬﻪﻣﺪﻩ ﺳﯧﺮﯨﻠﻐﯘﭺ، ﺷﻮﺗﺎ ﺗﻮﺭﻧﯩﻚ، ﺋﺎﻛﻜﻮﻣﯘﻻﺗﻮﺭ-
ﻟﯘﻕ ﺋﻮﻳﯘﻧﭽﯘﻕ ﺋﺎﭘﺘﻮﻣﻮﺑﯩﻞ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﺑﺎﻟﯩﻼﺭ ﺋﻮﻳﯘﻧﭽﯘﻗ-
ﻟﯩﺮﻯ ﺑﺎﺭ ﺑﻮﻟﯘﭖ، ﮬﻪﻗﯩﻘﻪﺗﻪﻥ ﮬﻪﺭ ﻣﯩﻠﻠﻪﺕ ﺧﻪﻟﻘﻰ ﺳﻪﻳ-
ﻠﻰ ﻗﯩﻠﯩﺪﯨﻐﺎﻥ، ﻛﯚﯕﯜﻝ ﺋﯧﭽﯩﺶ ﭘﺎﺋﺎﻟﯩﻴﻪﺗﻠﯩﺮﻯ ﺋﯧﻠﯩﭗ
ﺑﺎﺭﯨﺪﯨﻐﺎﻥ ﺳﻮﺭﯗﻧﻐﺎ ﺋﺎﻳﻼﻧﺪﻯ.

ﺧﻪﻟﻖ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﯩﻨﻰ ﻗﯘﺭﯗﺵ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯩﺮ ۋﺍﻗﯩﺘﺘﺎ،
ﺷﻪﮬﻪﺭﻟﯩﻚ ﮬﯚﻛﯜﻣﻪﺗﻨﯩﯔ ﻗﺎﺭﺍﺭﻯ ﺑﻮﻳﯩﭽﻪ ﺋﯩﻠﮕﯩﺮﻯ - ﻛﯧ-
ﻳﯩﻦ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﮬﺎﻳۋﺍﻧﺎﺗﻼﺭ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ، ﺳﯘ ﺋﯜﺳﺘﻰ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ،
ﻗﯩﺰﯨﻞ ﺗﺎﻍ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ، ﺗﯩﻴﺎﻧﺸﺎﻥ ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ، ﺋﯚﺳﯜﻣﻠﯜﻛﻠﻪﺭ
ﺑﺎﻏﭽﯩﺴﻰ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺩﻩﺭﯨﺠﯩﻠﯩﻚ ﺑﺎﻏﭽﯩﻼﺭ ۋﻩ ﻳﻪﻧ-
ﺌﻪﻥ ﻳﻮﻟﻰ، ﺳﻪﻧﺪﺍۋﺍﻥ، ﺷﯩﻤﯩﮕﻮ، ﻛﺎﺯﯨﯟﻩﻥ، ﺗﯚﺩﯛﻛﺨﺎﺑﺎ،
ﻏﻪﺭﺑﯩﻲ ﭘﻮﻳﯩﺰ ﯞﻭﻛﺰﺍﻟﻰ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﺟﺎﻳﻼﺭﺩﺍ ﺭﺍﻳﻮﻧﻐﺎ ﻗﺎ-
ﺭﺍﺷﻠﯩﻖ ﺑﺎﻏﭽﯩﻼﺭ ﻳﺎﺳﺎﻟﺪﻯ.

ناتلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، ھەرخىل كۆركەزمە ھايۋاناتـ
لىرى بېقىلدى. گۈل - گىيالارنى سۇغىرىشقا قۇدۇق قېـ
زىلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلدى، گۈللۈكلەر بەرپا
قىلىنىپ، پارنىك ياسىلىپ، ھەرخىل گۈل - گىيالار ئۆسـ
تۈرۈلدى ھەمدە باغچا كۆلىمى ئەسلىدىكى 12 گېكتاردىن
18 گېكتارغا كېڭەيتىلدى. 1956 - يىلى، خەلق ئىشلىـ
رى تارماقلىرى تەرىپىدىن باغچا ئىچىدە ئىنقىلابىي قۇر-
بانلار خاتىرە مۇنارىسى ياسىلىپ مۇنارىغا ماۋ-
زېدۇڭنىڭ «ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ!»،
«كوممۇنىزم — يېڭىلمەستۇر!»، «ياشىسۇن ئىنقىلابىي
قۇربانلار» دېگەن بېغىشلىمىلىرى يېزىلدى. خاتىرە مۇ-
نارىسى ئەتراپىغا تيانشان شەمشاتى، موڭغۇل قارىغىـ
يى تىكىلگەن بولۇپ، ھەيۋەت ۋە سۈكۈنات كۆرۈنىدۇ،
1959 - يىلى، كوممۇنىستىك خالىسانە ئەمگەك ئارقىلىق
جيەنخۇ كۆلى رېمونت قىلىنىپ كۆلىمى ئەسلىدىكى 13
مىڭ كۋادرات مېتىردىن 18 مىڭ كۋادرات مېتىرغا كېـ
ڭەيتىلدى ھەمدە سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمـ
ھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى ھارپىسىدا شىـ
پاڭ، راۋاق قاتارلىق قۇرۇلۇشلار رېمونت قىلىندى.
1965 - يىلى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى چوڭ تىپتىـ
كى باللار كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەسى — توك بىلەن
ھەرىكەتلىنىدىغان پىقىرىغۇچ ئات ئورنىتىلدى. ھايۋا-

ئۈرۈمچىدىكى باغچىلار ئىچىدە ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى دەرەخ تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ۋە باراقسان بولۇپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىيالار بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 70% ئەتراپىدا تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شەھەر بۇ جايدا ھايۋاناتلار باغچىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى، لېكىن مەبلەغ ھەل قىلىش يولى راۋان بولمىغاچقا، ھەر يىلى كەسپىي خىراجەتتىن نەچچە ئون مىڭ يۈەن چىقىرىپ بېرىش، ئۆزى جۇغلاپ ئۆزى قۇرۇش ئارقىلىق، ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە ئالدىن 1600 كۋادرات مېترلىق ئۇنىۋېرسال ھايۋانات ئۆيى ۋە دەرۋازا، بىلەت سېتىش ئۆيى، ماشىنا توختىتىش مەيدانى قاتارلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلدى ھەمدە دەرۋازا ئۈستىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا «ئۈرۈمچى ھايۋاناتلار باغچىسى» دېگەن چوڭ خەتلەر ئورنىتىلدى، لېكىن ھايۋانات بېقىش شەرتى ھازىرلانمىدى، كىشىلەر قىزىقچىلىق قىلىپ، بۇنى «ئاۋۋال بايراق تىكلەش، ئاندىن ئەسكەر ئېلىش» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باغ - ئورمان سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر يەكشەنبە كۈنلىرى خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، تىنچلىق ئۆستىڭى قۇرۇلۇشىدىن ئېشىپ قالغان سېمونت تاختىلارنى توشۇپ كېلىپ، كۆلىمى 2800 كۋادرات مېتر كېلىدىغان ئاققۇ كۆلىنى بەرپا قىلدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، دۆلەتنىڭ 4 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىشى بىلەن

هايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ئورنى ئەسلىدە دەريا ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جاي بولۇپ، مۇتەل- لىپچانىڭ قارىياغاچلىقى دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى، كۆلىمىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، ئەتراپىنىڭ ھەمە- مىسى خابا بولغاچقا شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى بىنا- كارلىق تارماقلىرىدىكىلەر قوم تاسقاش ئۈچۈن كولاپ ئېگىز - پەس قىلىۋەتكەن، يەر تۈزۈلۈشى ئېغىر بۇز- غۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى. 50 - يىللاردا، شەھەر ئۇ جاينى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى ھەمدە «جەنۇبىي باغ- چا» قۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 60 - يىل- لاردا ئۇ جايغا دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈلدى. ئەمما مەدە- نىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ باغچا قۇرۇلۇپ پۈتمىدى. 1974 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2400 مېتر قورشاۋ تام سې- لىنىپ، باغچا ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلدى، كەلكۈننىڭ ئال- دىنى ئېلىش ئۈچۈن 1200 مېتردىن ئارتۇق قورشاۋتام- نىڭ ھۇلى 2 - 4 مېتر چوڭقۇرلۇقتا قىلىندى، يەر ئۈس- تى قىسمى تاش بىلەن قوپۇرۇلدى، بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىش مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولدى. كېيىن مۇھىت تازىلىقى باشقارمىسى ئەخلەت، كېرەك- سىز توپىلارنى توشۇپ بېرىپ، يەرلەرنى تۈزلەپ، ئېتىز بىنا قىلدى، باغ - ئورمان باشقارمىسى ئاممىنى قايتى- دىن كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

جاي بولۇپ، ئۈچ تەرەپى قاقاس تاشلىق ئىدى. 1966 ـ يىلى قالىغاچلىقتىكى بۇلاق سۇلىرىنى باشلاپ كېلىپ شەھەرنى كۆكەرتىشكە كىرەكلىك سۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن شەھەر ئاممىسى بۇيەردە سۇ ئامبىرى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە، «قىزىل قوغدىغۇچىلار سۇئامبىرى» دەپ ئاتىلىپ، 1968 ـ يىلى پۈتتى. بۇ ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى بىر مىليون 200 مىڭ كۇب مېتردىن ئاشىدۇ. كېيىن، بۇلاق سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپ خۇگيەنچى ئېلىېكتر ئىستانسىسىدىن چىققان كىرەكسىز سۇ قويۇلىدىغان بولدى، نەتىجىدە كۆل ـ شاخارلار كۆل ئاستىغا چۆكۈپ تىنىپ، سۇئامبىرىنىڭ سىغىمچانلىقى كىچىكلەپ كەتتى. كەيىندىنلا بۇ جاي ئاممىۋى سەيلە بېغى قىلىنىپ، 30 گېكتار يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، كۆكەرتىش ئاساسي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1988 ـ يىلى، جۇخەي شەھىرىدىن كۆكۆل ئېچىش قۇرۇلمىسى، شەھەر ئەتراپى پويىزى، بوشلۇقتىكى يولۇچىلار پويىزى ھەمدە كۆكۆل ئېچىش كاتىرى قاتارلىق 20 نەچچە خىل چوڭ تىپتىكى كۆكۆل ئېچىش ئەسلىھەلىرى كىرگۈزۈلۈپ شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چوڭ تىپتىكى كۆكۆل ئېچىش سورۇنى قۇرۇلدى ھەمدە ئۇنىڭغا «سۇ ئۇستى باغچىسى» دەپ نام بېرىلدى، باغ نامىنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن

شىر ئۆيى، يىلپىز ئۆيى، قۇشلار ئۆيى، بوغا قوتىنى، مايمۇن ئۆيى، ئېيىق تېغى، سۇ ئېتى ئۆيى قاتارلىق 12 كورپۇس قۇرۇلۇش ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 8145 كۋادرات مېترغا يېتىدۇ. 1981 ـ يىلى، هايۋاناتلار باغچىسىنى كۆچۈرۈش رەسمىي ئاخىرلاشتى، بۇ هايۋاناتلار باغچىسىدا بېقىلىۋاتقان هايۋاناتلار 53 خىل، 400 گە يېقىن بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كۆلەمگە ئىگە ۋە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ هايۋاناتلار باغچىسى بولۇپ قالدى. دۆلەتغەربىي گېرمانىيىدىن كەلتۈرگەن ياۋا ئات، ئالدى بىلەن بۇ يەردە كۆندۈرۈلۈپ بېقىلدى. هايۋاناتلار باغچىسى هەر مىللەت خەلقىنىڭ كۆرگەزمە قىلىپ كۆرۈشى، سەيلە قىلىشى، جانلىقلار پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، ياۋايى هايۋانلارنى كۆپەيتىش جەھەتتە تۆھپە قوشتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئافرىقا شىرى، شەرقىي شىمال يولۋىسى، قار يىلپىزى، قۇلان، ئاققۇ قاتارلىق 9 خىل بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى خىل هايۋاناتتىن 86 نى كۆپەيتتى. يەنە ئورانگۇتان، مۇشۈك ئېيىق قاتارلىق قىممەتلىك هايۋاناتلارنى كۆرگەزمە قىلىپ، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

سۇ ئۈستى باغچىسى ئۈچ تاش سۇ ئامبىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان. بۇ جاي ئەسلىدە بىر ساىلىق

## قىزىل تاغنى كۆكەرتىش ھەققىدە پاراڭ

قىزىل تاغ — ئۈرۈمچىنىڭ سىمۋولى، لېكىن ئۇ ئىلگىرى بىر قاقاس تاغ بولۇپ، ئۇ يەر - بۇيەردىكى قەبرىلەردىن باشقا، ھېچقانداق گۈل - گىيا، دەل - دەرەخ يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بۇقاقاس تاغنى كىرۆكەرتىش كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلدى، ئەڭ ئالدى بىلەن قىزىل تاغ ئاغزىغا (ليۇداۋان تاغ قىرسىمۇشۇنىڭ ئىچىدە) ھۇجۇم باشلاندى. 1956 - يىلى، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ۋە ئەسلىدىكى شەھەرلىك ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتىنىڭ تېخنىك خادىملىرى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1958 - يىلىدىن باشلاپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى پۈتۈن شەھەردىكى ياشلارنى خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، يول ياساش، يەر تۈزلەش، ئورەك كولاشقا سەپەرۋەر قىلدى، شۇ يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى رېن چىن ھەربىي قىسىملارنى باشلاپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى كۆچەتلەرنى تىكتى، باغ - ئورمان تارماقلىرى ئىككى جايدا سۇ چىقىرىش پونكىتى قۇرۇپ، ئايرىم ئايرىم ھالدا قىزىلتاغ يولى ۋە ليۇداۋاندىن سۇ چىقىرىپ سۇغىردى. كېيىن يەنە داۋاملىق كۆچەت تىكىپ

رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ بېغىشلىما قىلىپ يېزىپ بەردى.
نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۈچ رايوندا
شەھەرگە قاراشلىق سەككىز باغچا بار، كۆلىمى 331.54
گېكتار، ھەممىسى قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كىشى بې-
شىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاممىۋى
باغ - ئورمان كۆلىمى 4.47 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ،
دۆلەتنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئۆلچىمىگە ئاساسىي جە-
ھەتتىن يېتىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى، تۇدۇڭخابا رايونىدا
كۆلىمى 10 گېكتار كېلىدىغان ئۈرۈمچى غەربىي گۈلزار-
لىقى، كۆلىمى 5.6 گېكتار كېلىدىغان تۇدۇڭخابا باغچىسى،
تىيانشان رايونىدا كۆلىمى 10 گېكتار كېلىدىغان يەن-
ئەن باغچىسى، كۆلىمى 10 گېكتار كېلىدىغان باللار باغ-
چىسى، دۇڭسەن رايونىدا كۆلىمى 10 گېكتار كېلىدىغان
كازىۋەن باغچىسى ۋە نېفىت - خىمىيە باغچىسى، شى-
مىگودىمۇ كىچىك سەيلىگاھ بار. 1988 - يىلىدىكى ستا-
تىستىكىغا قارىغاندا، شەھەر دەرىجىلىك ئالتە باغچە
يىلىغا تەخمىنەن 4 مىليون 390 مىڭ ئادەم قېتىم كۈتۈ-
ۋالىدىكەن، ئۇنىڭغا ئوچۇق سەيلىگاھلار، گۈللۈكلەر
ۋە رايون دەرىجىلىك باغلارنى قوشقاندا، سەيلى قىلىدى-
غان كىشىلەرنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ. بۇنىڭدىن شەھەر-
دىكى ئاممىۋى باغ - ئورمانلارنىڭ خەلق تۇرمۇشى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

قىزىل تاغ ياپ ـ يېشىل دەرەخلەر، رەڭگارەڭ گۈل ـ گىيالار بىلەن تولغان تەبىئىي مەنزىرىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، قەدىمكى ئۇسلۇبقا، قەدىمكى مەدەنىيەت كەيپىياتىغا ئىگە باغقا ئايلىنىدۇ. قىزىل تاغ ئۈستىگە چىقىپ، يىراقتىكى ئاق قار بىلەن قاپلانغان بوغدا چوققىسىنى، يېقىندىكى بىنا ـ ئىمارەتلەرنى، قايناق كوچا مەنزىرىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قىزىل تاغنى كۆكەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى قاقاس تاغلارنى «بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىپ كۆكەرتىش» چارىسىنى قوللاندى، چىداۋان بۇلاق تېغى، سۇ مۇنارى تېغى، يىقىلغان تاش، پىگدىگەن تېغى، چىپەنشەن تېغى قاتارلىقلاردا 361.67 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە: يامالىق تېغىدا 55 گېكتار، ليۇيسەن تېغىدا 60.9 گېكتار، يىقىلغان تاشتا 58.7 گېكتار، بۇلاق تېغىدا 64 گېكتار، سۇ مۇنارى تېغىدا 37 گېكتار، چىداۋاندا 31.3 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى.

بۇلاق تېغىدا 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ، قۇدۇق قېزىلىپ، قارىياغاچ، قىزىلگۈل، پىندە ياڭاق قاتارلىق ھەر خىل دەل ـ دەرەخلەر تىكىلىپ، ھەممىسى ياخشى ئايىندى. كەڭ كۆلەمدىكى پىندە ياڭاقلار مېۋە بېرىشكە

ئورمان بەرپا قىلىپ، كۆكەرتىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى، تىكىلگەن جىگدە، قارىياغاچ، ئالقات، ئامۇرغا قاتار-لىقلارنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى تۇتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ياشلار ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرىنى قىزىل تاغ ئاغزىغا بارىدىغان يولنى ياساشقا ئۇيۇشتۇردى. 1959- يىلى، تاغ ئۈستىدە كۆزىتىش راۋىقى قۇرۇلۇپ، خىش مۇنار بىلەن تەك قەد كۆتەردى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا يەنە كۆنگەي تاغ باغرىدا تاشلار پارتلىتىپ، تۇپىسى ئالماشتۇرۇلۇپ، موگۇل قارىغىيى، قىزىلگۈل قاتارلىق مەنزىرە دەل - دەرەخلىرى تىكىلدى.

1985 - يىلى، قىزىل تاغ باغچىسى رەسمىي قۇرۇ-لۇپ سىرتقا ئېچىۋېتىلدى. ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە چەتئەللىك ساياھەتچىلەر دەرەخلىك يولنى بويلاپ باغچىغا كىرىپ، جەنۇبىي دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، 200 نەچچە پەلەمپەي ئارقىلىق كۆزىتىش راۋىقىغا چىقالايدۇ. 1988- يىلى كۆزدە شەھەر يەنە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش لايىھىسىنى تەستىقلىدى، بۇ لايىھەدە جۇڭگوچە قەدىمكى بىناكارلىق سەنئىتى قوللىنىلىپ، زىننەت دەرۋازىسى شەكلىدىكى دەرۋازا، ئۇزۇن دەھلىز، ئەگمە كۆۋرۈك، سۇ بويىدىكى شىپاڭ، بولۇتلۇق راۋاق قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قۇرۇش ۋە ئىلان باغرى ھالدا تاغنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئېرىقلارنى ياساش ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇنداقتا

شەھىرىدىكى ئىسمى - جىسمىغا لايىق مەنزىرە رايونىغا ئايلانغۇسى.

ليۇيسەن تېغىمۇ كۆركەرتىلىشى بىر قەدەر ياخشى بولغان تاغلارنىڭ بىرى. 1958 - يىلى سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن كۆكەرتىش مەغلۇپ بولغان، 1979 - يىلى، تاغقا سۇ باشلاپ چىقىلىپ، جەمئىي130 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، 60.9 گېكتار ئورمان بەرپا قىلىندى. ھازىر دەل - دەرەخكە قاپلىنىش نىسبىتى 83%كە يەتتى، بۇ تاغدا دەل -دەرەخلەر بۈك - باراقسان بولۇپلا قالماستىن، يوللىرىمۇ تۈز ۋە راۋان. 1985 - يىلى، ليۇيسەن تېغى ئۈستىگە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈمبەز شەكلىدىكى 2 قەۋەتلىك راۋاق سېلىندى. شەرت- شارائىت پىششىپ يېتىلگەندە، بۇ جاي ئۈرۈمچىدىكى بىر قەدەر زور باغ - ئورمانغا ئايلانغۇسى.

## ھويلا - ئاراملارنى باغ - ۋارانلاشتۇرۇش

بىر شەھەرنىڭ كۆكەرتىلىش سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقى، باغچا ۋە كوچىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى ۋە ئەتراپىنىڭ كۆكەرتىلىش دەرىجىسىگە باغلىق، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، باغ - ئورمانىنى قىزغىن سۆيىدىغان مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە گۈزەل قەلبى - ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

باشلىدى. ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە بۇ تاغنىڭ ھەممە
يېرى خۇشپۇراق پىندە ياكاق گۈلى بىلەن قاپلىنىدۇ.
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تاغدا يەنە يوللار ياسىلىپ،
شىپاڭلار قۇرۇلۇپ، باغچا يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى.
ئۇنىڭ قارشىسىدىكى سۇ مۇنارى تېخى ياشلار ئورمانلىقىنى
1987 - ۋە 1988 - يىللىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپا-
قى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى پۈتۈن شەھەردىكى
ياشلارنى خالىسانە ئەمگەككە ئۇيۇشتۇرۇپ بەرپا قىلغان
بولۇپ، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى،
ئىنتايىن باراقسان ئۆسكەن. بۇ ئىككى جايدىكى
كۆكەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى پاسكىنا سۇ بىلەن
سۇغىرىلىپ شىمىگو ئۆستىڭىنىڭ بۇلغىنىشى ئازايدى ھەم
كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى.
1982 - يىلى قۇرۇلغان سۇ چىقىرىش پونكىتىدىكى
«پاسكىنا سۇنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىپ، خەلققە بەخت
يارىتايلى» دېگەن چوڭ خەتلەر كىشىنى ئىنتايىن خۇش
قىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئارشاڭ ۋە راۋاقلار بار. قەدىمدە
جىشاۋلەن، شىشەنچاڭ، ۋاڭشۇنەن قاتارلىقلار بۇ
جاينى تەسۋىرلەپ شېئىرلارنى يېزىپ، «غايىۋى جەننەت»
دەپ مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، بۇ جاي پەقەت بىر جىلغا، بىر
قىيا بار ئەمەلدارلار داچىسىلا ئىدى. بۇندىن كېيىن، ئىككى
تاغنىڭ كۆكەرتىلىپ ئورمانلىققا ئايلىنىشىغا، ئورمان-
باغ قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىمىگو ئۈرۈمچى

شىجايۇەن (ھازىرقى نۇرباغ) ئەتراپىدا گەرچە دەل - دەرەخ، شاپتۇللۇقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى شىڭ شەيىنىڭ قېيىن ئاتىسى چيۇزۇڭجۇ ئىگىلىۋالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە تارماقلىرى، شەھەرنىڭ پىلانىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن گۈل - گىيا ئۆستۈرۈپ، ھويلا - ئاراملىرىنى كۆكەرتتى. 1965 - يىلدىن ئىلگىرى ھەربىي رايون، بىڭتۇەن، سابىق 1 - سىفەن، سۇ ئىشلىرى نازارىتى ۋە ليۇداۋان كۆمۈركېنى قاتارلىق كۆكەرتىشتە ئالغا ئورۇنلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۆز ئورنى تۇرۇشلۇق جايلارنى ئومۇميۈزلۈك كۆكەرتىپ، شەھەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. لېكىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىق جەريانىدا، ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، ھەممىلا جايدا قالايمىقان قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ھويلا-ئارام باغ - ۋارانلىرى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت شەھەردىكى دەل - دەرەخ، گۈل-گىيالارنى ئاسراش چارىسىنى ئېلان قىلدى ھەمدە گوۋيۈەن ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ ئومۇمىي كەۋدە پىلانىنى تەستىقلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇرۇمچىدىكى ھەر قايسى ئورگان، ئىدارە ۋە ئاھالىلەر خەلق قۇرۇلتى-

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە هويلا ـ ئارام-
لاردىكى باغ ـ ئورمانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. زېڭ ۋېن-
ۋۇ «جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارنى باشقۇرۇش تارىخى»
دېگەن كىتابىدا: «ئۆلكە مەركىزى دىخۇانىڭ شەرقىي
دەرۋازىسى سىرتىدا سابىق فەنسى ۋاڭ شۇنەن هۆكۈمەت
پۇلىدىن 70ـ80 مىڭ سەر خىراجەت قىلىپ دېھقانچىلىق-
ئورمانچىلىق تەجرىبىمەيدانى قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا «شو-
يۈەن» (سىرداشلار باغچىسى) دەپ نام بەرگەن، باغ ئى-
چىدە هەر خىل شىپاڭ ـ راۋاقلار ياسىلىپ، باغ كەينىدى-
كى ئەسلىدىكى دەرەخلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە قالدۇ-
رۇلۇپ ئىچىگە هەر خىل گۈل ـ گىيالار ئۆستۈرۈلگەن،
بۇ يەردە ئىشلەشكە مەخسۇس ئادەم قويۇلغان. چېگرا
يۇرتىدىكى قاقاسلىقتا مۇشۇنداق بىر مەنزىرىلىك جاي
بولغان بولسىمۇ ئەمما بۇ باغ ئۇزۇن ئۆتمەيلا توختىتىپ
قويۇلغان، باغ ئىچىدىكى راۋاق، گۈل ـ گىيالار ئەسلى
قىياپىتىنى يوقاتقان» ـ دەپ يازغان. ئىنقىلابىي قۇربان
دۇجۇڭيۈەن «تىيانشاندىن ئۈچ قېتىم ئۆتۈش» دېگەن ئە-
سىرىدە «دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىدىكى هويلا شەرقىي
باغچا دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ باغچىدا هەر خىل گۈل ـ گىيالار
ئۆستۈرۈلگەن. هەمدە شاتۇت، توز قاتارلىق قۇشلار بول-
غاچقا، ئۈرۈمچىدىكى ئەڭ ياخشى سەيلىگاھ بولۇپ قال-
غان» دەپ يازغان، لېكىن ئۇ ياملۇغا قاراشلىق مۇھىم
جاي بولغاچقا، پۇقرالار ئۇيەرنى سەيلى قىلالمايتتى.

دەل ـ دەرەخ تىكتى، 5900 كۋادرات مېتر گۈللۈك، 6700 كۋادرات مېتر چىملىق بەرپا قىلدى، ئۇلارنىڭ ھويلىنى باغ ـ ۋارانلاشتۇرۇش نىسبىتى 49% كە يەتتى، يەنە سۈنئىي تاغ، فونتان، راۋاق، گۈللۈك بارلىق قاتارلىقلارنى ياسىدى، ئۇلار خېلى يۇقىرى باغۋەنچىلىك سەۋىيىسىگە ئىگە.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق پەن تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ قاقاس سېيىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، جاپالىق ئىشلەپ، تاشلارنى قېزىپ توپا ئېلىپ كېلىپ تىندۇرۇپ، گۈل ـ گىيا ئۆستۈرۈپ، جەمئىي 3000 تۈپتەك دەل ـ دەرەخ، 1600 كۋادرات مېتر چىملىق، ئىككى گۈللۈك بەرپا قىلدى. يەنە راۋاق، دەھلىز، ھەيكەللەرنى ياساپ، ھويلىسىنى خۇددى باغچىدەك قىلىپ قۇردى.

ـــ ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق، ماي ترانسپورت شىركىتى يېڭى قۇرۇلغان ئورۇن، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەچكە، تىنچلىق ئۆستىڭىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۈزلەپ تۇپىسىنى ئالماشتۇرۇپ، دەل ـ دەرەخ تىكىپ، 13 گېكتار قاقاس چۆلنى، ساڭفاڭگۇدىكى 9 گېكتار قاقاس تاغنى كۆكەرتتى، شىركەتنىڭ ھەر بىر ئادەم بېشىغا 20 نەچچە تۈپتىن كۆچەت توغرا كېلىدۇ.

ـــ نېفىت ـ خىمىيەسانائىتى باش زاۋۇتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېڭى قۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى زاۋۇتـ

يى دائىمى كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە
ئومۇمىي خەلق خالىسانە ئەمگەك قىلىپ كۆچەت تىكىش چا-
قىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، هويلا - ئارام لارنى باغ - ۋارانـ
لاشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يـايدۇردى. شـەھەرلىك
مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى، كۆكەرتىش كومىتېتىنىڭ تەكـ
شۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق بىر تـۈركۈم ئـورۇنلار
«مـەدەنىيەتلىك زاۋۇت» ياكى «باغ - بـوستانلىق ئو-
رۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ بـەزىلىرى دۆلەت مىنىسـ
تىرلىق دەرىجىلىك ۋە ئـارمىيە بـويىچە تـەقدىرلەندى
ۋە مۇكاپاتلاندى.
— شىنجاڭ تـىببىي شـۆيـۈەنى، شـىنجاڭ داشۆ،
«1 - ئـاۋغۇست» يـېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى كۆكەرتىش
نى ئـاساسىي جـەھەتتىن ئىشقا ئاشۇردى، بۇ جـايلاردا
دەل - دەرەخلەر بۈك - بـاراقسان، گـۈللەر پـورەكلەپ
ئېچىلغان بولۇپ، باغ - ۋارانلاشتۇرۇش نىسبىتـى بەلـ
گىلەنگەن ئۆلچەمگە يەتتى.
شىنجاڭ ھەربىي رايونىدا ئورگان ۋە ئورگانغا قا-
راشلىق باش دوختۇرخانا، 23 - دوختۇرخانا قاتارلىقلار
كۆكەرتىشتە ئالدىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياماللىق
تېغى باغرىدىكى 44.5 گېكتار يەردە «1 - ئاۋغۇست ئور-
مانلىقى» بەرپا قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بـويىچە قا-
قاس تاغلارنى كۆكەرتىشتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى. باش
دوختۇرخانا جەمئىي 40 مىڭ تـۈپكە يـېقىن ھـەر خىل

كۆچەت يېتىشتۈرۈشى چەكلىك ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەس-
لەپكى مەزگىللىرىدە قۇرۇلۇش ئىدارىسى مۇتەلجان
قارىياغاچلىقىدا كۆچەت يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، كۆلىمى
بىر گېكتارلا كېلەتتى. 1956 - يىلى، ئورمانچىلىق خىز-
مەت پونكىتى غەربىي جىۋجىياۋەندە كۆلىمى 20 گېكتارچە
كېلىدىغان كۆچەتزارلىق يېتىشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم مۇقىم
ئىشچى - خىزمەتچى قوبۇل قىلدى. لېكىن بۇ جاي ئۆس-
تەڭنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئېقىمىدا بولغاچقا تېرىلغۇ ئېتىزلارنى
سۇغىرىش بىلەن بولغان زىددىيەتنى هەل قىلىش تەسكە
چۈشتى، كۆچەت ئىشلەپچىقىرىشمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى.
1958 - يىلى يەنە، ئەرگۈك يېزىسىدىكى ئەسلىدە شەهەرنىڭ
پىلانىدا بېكىتىلگەن ئىهاتە ئورمان بەلبېغى (كەڭلىكى
500 مېتىر، ئۇزۇنلىقى 2.5 كىلومېتىر) نى باغۋەنچىلىك
مەيدانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە-
زىپىسىنى تاپشۇرۇش قارار قىلىندى. بۇ يەر مۇنبەتسىز
بولۇپ، پەقەت سېتىۋېلىنغان 200 - 300 مو ئېتىزدىلا كۆ-
چەت يېتىشتۈرگىلى بولاتتى، لېكىن بۇ شەهەرنى كەڭ
كۆلەمدە كۆكەرتىشنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان
ئېهتىياجىنى قاندۇرالمىدى، هەر يىلى كۆچەت تىككىشتە
شىخەنزە ۋە كۈيتۈڭ رايونىدىكى بىڭتۇەن دېهقانچىلىق
مەيدانلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كەلدى.
1959 - يىلى قىشتا، سىگۈڭ رايونىدا قېدىرىپ ئۆلچەش
ئارقىلىق، بۇ جاينىڭ تۇپراق سۈپىتى مۇۋاپىق، يەر تۆ-

لارنىڭ بىرى بولۇپ، زاۋۇت قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ كەسىپى قوشۇن قۇرۇپ، زاۋۇت رايونىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا كۆكەرتتى. ھازىر زاۋۇت بويىچە جەمئىي 700 مىڭ تۈپ ھەرخىل دەل - دەرەخ، 187 گۈللۈك، 24 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر چىملىق بار، يەنە ئۆزلىرى بەرپا قىلغان كۆچەتزارلىق، پارنىك بولۇپ، ھەرخىل كۆچەت ۋە گۈل - گىيالارنى يېتىشتۈرىدۇ.

— ئۆي - يەر ئىدارىسى، ئۆي - جاي تەرەققىيات شىركىتى دوستلۇق يولى، باغچا كوچىسى، چاڭجىياڭ يولى، ئىتتىپاق يولى قاتارلىق ئاھالىلار رايونلىرىدا پىلان بويىچە باغ - ۋارانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، دەل - دەرەخ ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يەنە گۈل-گىيا ئۆستۈرۈپ، راۋاق، گۈللۈك ياساپ، ئاھالىلار رايونلىرىنى كۆكەرتىشتە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.

## دەرەخ ئاستىدا سايىدىغاندا كۆچەت يېتىشتۈرگۈچىنى ئۇنتۇپ قالمايلى

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۈرۈمچىنىڭ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى جەھەتتە، ۋاڭ شۈنەن قۇرغان «شويۈەن» ۋەيران بولغاندىن كېيىن، بىرقەدەر بالدۇر قۇرۇلغىنى لىيۇداۋان كۆچەتزارلىقى. ئۇنىڭ كۆلىمى 100 مودىن ئارتۇق بولسىمۇ، بىر مېۋىلىك باغدىن باشقا،

مەملىكەت بويىچە باغ ـ ئورمان، كۆكەرتىش سىستېمىسى-
دىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى. ھازىر كۆچەت
يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا ئېگىز ئۆسكەن ئىھاتە ئورمانلىقى
ۋە يول بويىدىكى دەرەخلەر، قاتار ـ قاتار رەتلىك جاي-
لاشقان سالا كۆچەتزارلىقلار، مېۋىلىك باغلار، راۋان
ئېقىۋاتقان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر، تېمەن ئۆسۈۋاتقان يىڭ-
نە يوپۇرماقلىق، كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ كۆچەتلىرى بار.
ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىككى قەۋەتلىك بىنالارغا كۆچۈپ
كىردى، تۇرمۇش ۋە ئەمگەك شارائىتىمۇ زور دەرىجىدە
ياخشىلاندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇقىرى دەرىجىلىك
ئورۇنلارنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەت-
چىلەرنىڭ تىرىشىپ ئىگىلىك ياراتقانلىقىدىن ئايرىپ قا-
رىغىلى بولمايدۇ. بۇ مەيداننىڭ سابىق باشلىقى، ئىنژ-
ېنېر جىڭ شياگياۋنىڭ مەيدان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ
ياشلىق باھارىنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلغانلىقى ياد
ئېتىشكە ئەرزىيدۇ.

يولداش جىڭشياگياۋ 1959 ـ يىلى خېبېي ئورمان-
چىلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە تەقسىم
قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدا-
نىغا يۆتكىلىپ تېخنىك بولغان، ئۇ پارتىيىنىڭ باغ ـ
ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، كۆچەت يېتىشتۈ-
رۈش مەيدانىدا دائىم قولىدىن ئىش قورالىنى چۈشۈرمەي
نەگە بارسا شۇ يەردە ئىشچىلار بىلەن بىللە ئەمگەك

زۇلۇشى تەكشى، شەھەرگە بىر قەدەر يېقىن، قاتنىشى قو-
لايلىق ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك شەھەردىكى پاسكىنا سۇلار-
نى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى جايلاشقان جاي ئىكەنلى-
كى، پاسكىنا سۇ ئارقىلىق كۆچەت سۇغىرغىلى بولىدىغان-
لىقى ئېتىقلانغاندىن كېيىن، بۇ يەردە كۆچەت مەيدانى
قۇرۇش قارار قىلىندى، 1960 - يىلى ئەتىيازدا، قۇرۇ-
لۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى دېمىن پۈتۈن ئىدارە سې-
تېمىسىدىكىلەرنى ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ يىلى-
لا 300 مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ، تۇنجى تۈركۈم-
دىكى كۆچەتلەرنى تىكتى. ئۇ چاغدا شارائىت ئىنتايىن
جاپالىق بولۇپ، كادىر، ئىشچىلار گەمىلەردە يېتىپ،
كۆلچەك سۈيى ئىچەتتى، ئەتىگەن تۇرۇپ كەچ يېتىپ،
جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك ياراتتى، ئۈچ يىل جاپاغا
چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانى
شەھەرنى كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلىدىغان كۆچەت بىلەن
پۈتۈنلەي تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1965 - يىلى، كۆ-
لىمى 3500 مو كېلىدىغان چوڭ تىپتىكى كۆچەت يېتىشتۈ-
رۈش بازىسى قۇرۇلۇپ 100 خىلغا يېقىن دەل - دەرەخ
كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى، دائىم ئىشلىتىلىدىغان 20 نەچچە
خىل دەرەخ كۆچىتىدىن يىلىغا بىر مىليون تۈپتىن كۆپرەك
يېتىشتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كۆكەرتىش ئېھتىيا-
جى قاندۇرۇلۇپلا قالماستىن، باشقا جايلارغىمۇ ياردەم
بېرىلدى. 1982 - يىلى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانى

ئۇستىدە باش قاتۇردى، دائىم ئۆزى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان كۆچەتلەرنى سۇرۇشتۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋا- لىغا كۆڭۈل بۆلدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان بولسىمۇ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قاتنىشالمىدى، ئۇ مەيداننىڭ ئىشلىرىغا يەنىلا كۆڭۈل بۆلدى، 1984 ـ يىلى، ئۇنىڭ كېسىلى جىگەر راكى بولۇپ، ئاخىرقى باس- قۇچقا يەتكەنلىكى ئېنىقلانغاندىمۇ، ئۇ ئۆزىنى يوقلاش- قا كەلگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە يولداشلارغا شەخسىي تەلەپ قويماستىن بىردىنبىر ئۈمىدىم — كۆچەت مەيدانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈكسەلدۈرۈپ، شەھەرنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇڭلار، دېدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا ئەندىلا 45 ياشقا كىرگەن بولۇپ ئۆزى- نىڭ بارلىق يۈرەك قېنى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۈرۈمچىنىڭ باغ ـ ئورمان ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدى. ئۇنىڭ شان- لىق ئىش ئىزلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم ئۇنىڭغا شەھەر بويىچە ئىلغار خىزمەتچى ۋەمۇ- نەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دەپ نام بېرىپ، پۈتۈن شەھەر- دىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

قىلدى. كەسپىي جەھەتتە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، كەمتەرلىك
بىلەن ئۆگىنىپ، كەڭ كۆلەمدە كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىكى
قاتمۇ-قات قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۇ ئالغا
بېسىشقا ئىنتىلىپ، مەڭگۈ قانائەتلەنمەي، دائىم باشقا
جايلارغا بېرىپ ئۆگەندى، ئۇرۇمچىدە ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق
كېلىدىغان دەرەخ تۈرلىرىنى توپلاپ، ئۇرۇق كەلتۈرۈپ
سىناق قىلدى. موڭغۇل قارىغىيى، قىزىلگۈل، چوڭ يوپۇر-
ماقلىق قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى يې-
تىشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئاز سۇ بىلەن چۆنەكلەپ
سۇغىرىش، كۆچەت ئارىسىغا زىرائەت تېرىش قاتارلىق
تېرىقچىلىق ئۇسۇللىرى — ئۇنىڭ پۈتۈن مەيداندىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۈزلۈكسىز ياراتقان ئەلا
نەتىجىلىرى. ئۇ ئائىمنىڭ دەرت-ھالىغا يېتىپ، ئائىلە
تەۋەلىرىنى ئەمگەككە ئۇيۇشتۇرۇپ، تۇرمۇش جەھەتتىكى
يۈكنى يېنىكلەتتى ھەم كۆچەت يېتىشتۈرۈشتە ئەمگەك
كۈچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. لېكىن،
ئۇ ئۆزىنى ئايىمايتتى، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن كېچىكىپ
توي قىلغان بولۇپ، ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايت-
تى، 1983-يىلى، ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندىمۇ، يە-
نىلا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇردى،
داۋالىنىشقا بارمىدى. رەھبەرلىك ماشىنا ئەۋەتىپ
ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا
كۆچەت مەيدانىنى ئويلاپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى

قا مەخسۇس ئادەم قويدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەت يەنە ھەر يىلى ئاممىنى كۆچەت تىكىشكە، قارىياغاچ گەز قۇرتى يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قالىغاچلىق ئورمانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1962 - يىلى ئاپپاراتلار ئىخچاملانغاندا خادىملار ئازايتىلىپ، قالىغاچلىقنى كۆكەرتىش ئىشلىرى توختاپ قالدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئورمان باشقۇرۇش پونكىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئورمان باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى ھەمدە كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئورمانلىق كۆلىمى كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭغا ئۇلامباي سۇ ئامبىرى ئالدىدىكى تاللىق ھەمدە سۇ ئىشلىرى نازارىتى، ئۈرۈمچى دەرياسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ ئۇلامباي، خۇۋيەنچى سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىكى كۆكەرتىش رايونلىرىنى قوشقاندا، قالىغاچلىق مەنزىرە رايونىدا ھازىر 185.46 گېكتار ئورمانلىق بار، بۇ ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇلامباي سۇ ئامبىرى ئالدىدىكى ۋە سۇ ئامبىرى رايونىدىكى قاقاس تاغنى كۆكەرتىش رايونى بىلەن تۇتىشىپ، ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يېشىل توساققا ئايلاندى. قالىغاچلىقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇۋيەنچى سۇ ئامبىرى ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى كۆكەرتىشنى ھۆددىگە ئالغان جاي بولۇپ، 20 نەچچە گېكتار يەرگە ئورمان بەرپا قىلىندى. ئۇ-

## قالىغاچلىقنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

جى شاۋلەن ئەينى ۋاقىتتا قالىغاچلىقنىڭ گۈزەل
مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپمۇ شېئىر يازغان، ئۇنىڭ شېئىر-
لىرىدىن قالىغاچلىقنىڭ شۇ چاغلاردىلا بوي تالىشىپ
ئۆسكەن ھەرخىل دەل - دەرەخلەر پۈركەنگەن، تۈرلۈك
قۇشلار يېقىملىق سايراپ تۇرىدىغان ئېكولوگىيىلىك مۇ-
ھىتقا ئىگە مەنزىرىلىك جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

قالىغاچلىق ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-
دىكى دەريا ۋادىسى بولۇپ، ئۇ جايدا تاغ، سۇ،
دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇشلار بار. لېكىن تارىختىن بۇ-
يان ئۇ جاينى ھېچكىم باشقۇرمىغان، دەل - دەرەخ، قۇش-
لار تەبىئىي ھالدا ئۆسۈپ، يوقىلىپ كەلگەن. دەريا
ۋادىسىدا قارىياغاچ، تېرەك، سۆگەت ئاساس قىلىنغان
تەبىئىي ئورمانلىقنىڭ كۆلىمى خېلى زور بولسى-
مۇ، نەسىللىك چارۋا مەيدانىدىكى چارۋىلارنىڭ غاجاپ
ۋەيران قىلىشى، بىناكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ قۇم - شې-
غىل، توپا ئېلىشى، شۇنىڭدەك قارىياغاچ گەز قۇرتىنىڭ
زىيان سېلىشى تۈپەيلىدىن، ئېغىر بۇزغۇن-
چىلىققا ئۇچرىغان. 1957 - يىلى، شەھەر-
لىك ئورمانچىلىق پونكىتى قارىياغاچ گەز قۇرتىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنى باشلاپ، ئورمان ئاسراش-

لىق تېخىمۇ ھەيۋەت، كۆركەم تۈسكە كىردى. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسىگە ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ شۇ يىللاردىكى قول يازمىلىرى، ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى قاتارلىق تارىخىي يادىكارلىقلار قويۇلغان بولۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە كەڭ ياش-ئۆسمۈرلەر ھەممە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئەنئەنىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى سورۇنغا ئايلاندى. ھەر يىلى قەبرە سۇپۇرۇش بايرىمى، «4 - ماي»، «1 - ئىيۇن»، «1 - ئىيۇل» قاتارلىق بايراملاردا كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ياد ئېتىدۇ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، جاسارىتىنى ئۈلگە قىلىپ، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ.

رۇمچى دەرياسىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ئۇ يەردەيەنە ئىسسىق سۇ بىلىق مەيدانى قۇردى، ھازىر بۇ، سۇ مەھسۇلاتلىرى بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇلاردىن تاشقىرى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ساناتورىيىسى ۋە ئىشچىلار ساناتورىيىسى قالىغاچلىق مەنزىرە رايونىدا قۇرۇلدى. بۇ ئىككى ئورۇن دەل - دەرەخ تىكىپ، گۈل - گىيا ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، يەنە كۆل چىپىپ سۇنئىي تاغ، شىپاڭ، باراڭلار ياساپ، باغ - ۋارانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن گۈزەل، ئازادە مۇھىت ياراتتى.

1956 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قالىغاچلىقنىڭ شىمالىدا ئۈرۈمچى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى قۇرۇشنى قارار قىلدى، قەبرىستانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 34 گېكتار بولۇپ، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، دۇجۇڭيۈەن قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. كەينىدىكى تاغدا قارىغايلار يىل بويى كۆكىرىپ تۇرىدۇ، قەبرىستانلىق ئىچى دەل - دەرەخ، گۈل - گىيا بىلەن قاپلانغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر باراقسان باغ بولۇپ شەكىللەندى، ئېگىز باراڭلار ئۈزۈم تەكلىرى بىلەن تولدى، بۇنىڭ بىلەن قەبرىستان-

ری ئېقىپ تۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئالدى ـ ئارقا كوچىلار قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بول- مايتتى، ئاھالىلار قۇدۇق ۋە خابا سۈيىنى ئىستېمال قى- لاتتى. خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن قالاق ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭقۇر غەمخورلۇقى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن بۇ چېگرا شەھىرى- نىڭ شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىل- دى. تەيۋەندىن تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن بىر زات نا- ھايىتى تەسىرلەنگەن ھالدا: «ئەگەر مەن ئۆزكۆزۈم بى- لەن كۆرمىگەن بولسام بۇ يەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىيا- شىغان ئۈرۈمچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم!» دېگەن.

ئۈرۈمچىدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ. مەن پەقەت ئۆزەم بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان شەھەر مەمۇرىي ئەسلىھەلىرى ھەققىدە ماقالە يېزىپ، ئۇنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلماقچىمەن.

## يوللار ھەر تەرەپكە تۇتىشىپ چىراغلار ھەممە يەرنى يورۇتتى

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىنىڭ يوللىرى ئېگىز- پەس، كوچا چىراغلىرىنىڭ نۇرسىزلىقى ھەممە كىشىگە

# يولى تۈز، چىرىغى يورۇق،
# سۈيى پاكىز

## گو شاۋچەڭ

ئىسلاھات ئېقىمى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇ، يېڭى قىياپەت بىلەن كىشىلەر ئالدىدا نامايەن بولدى. ئۈرۈمچىنىڭ ئالدى، ئارقا كوچىلىرىداقەدكۆتەرگەن سانسىزلىغان كۆركەم بىنالار، كەڭ يوللار، پاك - پاكىز شەھەر قىياپىتى، دەسلەپكى قەدەمدە زامانىۋى سەۋىيىگە ئىگە بولغان شەھەر مەمۇرىي ئەسلىھەلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان مېھمانلار، سودىگەرلەر ۋە كارخانىچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۈگۈنكى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بۇ ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرگە كونا جۇڭگودىكى ئۈرۈمچىنى ئەسلەتمەي قويمايدۇ - ئەلۋەتتە. ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشلىرى يوقدېيەرلىك ئىدى، ئات - ئۇلاق ھارۋىلىرى ماڭىدىغان بىر نەچچە ئەگرى-توقاي يول بولسىمۇ، ھارۋا چاقى چۆشكەن يەر ئېرىقچە بولۇپ يۇندا سۇلى

بولۇپ، چىراغ تۇۋىدە بىر قارا كىيىملىك ساقچى پوس-ﺘﺎ تۇراتتى. بۇ خىل «كوچا چىراغلىرى» مۇ ئاساسلىق يوللاردىلا بار ئىدى. 1937 - يىلى 5 - ئايدا، ئۈرۈمچى يېڭى نۇر ئېلېكتر ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ توك بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. لېكىن شەھەر بويىچە پە-قەت نەنىيالىك ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بېيىمىنىغىچە، داشى-مىندىن ھازىرقى تىيانشان مېھمانخانىسىغىچە بولغان ئىككى يولدىلا كوچا چىرىقى بار ئىدى. ھەر 50 مېتىرغا بىردىن 89 ياغاچ ستولبا ئورنىتىلىپ ئۇنىڭغا فارفور قاپقاقلىق، 25W — 100W غىچە بولغان ئاق لامپۇچكا ئىشلىتىلگەن ئەگمە يول چىرىغى ئورنىتىلغان.

1949 - يىلى، ئۇلۇغ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلدى. پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچىنىڭ يول قۇرۇلۇشىدا يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. 1951 - يىلى چاقىرىلغان شەھەرلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا شەھەر رايونىدىكى يوللارنى ياساش، يول ياساش ھەي-ئىتى قۇرۇش قارار قىلىندى. شۇنىداقلا ھەر مىللەت خەلقىنى پۇل ۋە ئەمگەك كۈچى تەقدىم قىلىشقا چاقىرىپ داشىزا ئەتراپىدىكى ئازادلىق يولى، جۇڭگەن يولى، شەرق شامىلى يولى، تىنچلىق يولى بولۇپ جەمئىي 2.4 كىلومېتىر يول رېمونت قىلىندى ۋە كېڭەيتىلدى. ئىككىن-چى يىلى خەلق يولى، قىزىلباйراق يولى، ئەدەبىيات-سەنئەت يولى، لۇڭچۇەن يولى، بۇغدا كولى يولى ۋە

ئايان. ئەينى ۋاقىتتا داشىزى تەرەپلەردىكى يوللار-نىڭ ئەڭ كەڭ يېرى ئاران 6 ـ 7 مېتىر، تار يېرى 5 مېتىر كېلەتتى. «بوران چىقمىغان كۈنلىرى ئۈچ چى تۆپا ئۆرلىسە، يامغۇرلۇق كۈنلەردە پاتقاقچىلىق دەستىدىن يۈرۈپ بولمايتتى». 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، يوللار رېمونت قىلىنىپ، بىر قانچە ئاساسلىق يوللارغا شېغىل ياتقۇزۇلغان. داشىزىدىكى تۆت كوچىغا تۆت كىلومېتىر-دىن ئارتۇقراق ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بولسىمۇ، بىراق قۇرۇلۇش سۈپىتى ناچار بولغانلىقتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا يوللار بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى.

1947 ـ يىلى، شەھەر رايوندىكى 37 يول بىر تۇتاش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36.1 كىلومې-تىرلا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ھەر يىلى قىشتا كوچا ـ كوچىلار قار دۆۋىلىرىگە تولۇپ، يۇندا سۇلىرى قېلىن مۇز تۇتۇپ كەتكەنلىكتىن ئەتىيازدا قار ـ مۇزلار ئېرىپ يوللار پاتقاقچىلىققا تولۇپ ھارۋىلار ئۆتكەندە پاتقاقلار ھەر تەرەپكە چاچرايتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ كوچا چىراغلىرى 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرى ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش بولغان يىللىرى شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئورنىتىل-غان. ئاتالمىش كوچا چىرىغى دېگىنى ــ تۆت چاسا ئەينەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىپ قويۇلغان بىر تال شام

تېغىنچە بولغان 7.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى خابا يو-
لىنى ياساپ، شەھەر ئىچىدە ئاپتوموبىللارنىڭ قىستاقچى-
لىق ئەھۋالىنى ياخشىلىدى. خاباغا ئەخلەتلەرنى قالايى-
مىقان تۆكۈش ۋە قۇم تاسقاش، توپا كولاش ئەھۋالل-
رى ئۈنۈملۈك چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
يوللارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يول چىراغلىر-
مۇ كۆپەيتىلدى. 1950يىلدىن1965 ـ يىلغىچە شەھەر رايو-
نىدىكى ئاساسلىق يوللارغا كەينى ـ كەينىدىن 3200ھەر
خىل چىراغ ئورنىتىلدى. بۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقىنىڭ
35.8 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدۇ. 1965 ـ يىلى يەنە
100 دىن كۆپرەك ئارقا كوچىغا 800 چىراغ ئورنىتىلدى
ھەمدە ئىككىنچى يورۇقلۇق مەنبەسى — يۇقىرى بېسىم-
لىق خىلورلۇق لامپۇچكا ۋە يۇقىرى بېسىملىق ناترىي-
لىق لامپۇچكا ئىشلىتىلىپ، كوچا چىرىغى تارىخىدىكى
بوشلۇق تولدۇرۇلدى. مەيدان، گۈللۈكلەرگە نەپىس چى-
راغلار ئورنىتىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىگە
ھۆسن قوشۇلدى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە خىزمەت
ۋە ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغانلىقتىن، شەھەرنىڭ يول
قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پالەچ ھالەتكە
چۈشۈپ قالدى. قار ۋە يامغۇر سۇلىرى بۇزۇۋەتكەن يول-
لار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. كوچا چىراغلىر-
مۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. قارفوردا ئىشلەن-

ياشلار يولىنى تۇتاشتۇرۇشتىن ئىبارەت كونا شەھەر را-
يونىدىكى يوللارنى تورلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بې-
رىلدى. 1954 يىلدىن 1957-يىلغىچە كۆلىمى 7614 كۋادرات
مېترلىق بېيىمىن مەيدانى ياسالدى. شىنمىن يولى، غەر-
بىي شىمال يولى، دوستلۇق يولى رېمونت قىلىنىپ، 4.6
كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا شېغىل ياتقۇزۇلدى. نۇرلۇق يولى
ئۆزگەرتىلىپ قوش يول قىلىپ ياسىلىپ، ئوتتۇرىسىغا 10 ئۇزۇن-
چاق گۈللۈك قىلىندى. 1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەردىكى
يوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەرەققىي قىلىپ 51.3
كىلومېتىرغا، ئاسفالت يول 13.8 كىلومېتىرغا يېتىپ،
ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىدىن ئايرىم -
ئايرىم 4 ''1 ھەسسە ۋە 2.98 ھەسسە ئاشتى. 1958
يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، لەن-
جۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشى-
نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسىدا
ئىككى يەر ئاستى پىيادىلەر يولى، 60 مىڭ كۋادرات
مېتىر كۆلەمدىكى ئۈچ مەيدان ياسالدى. شۇنداقلا پويىز
ئىستانسىسى مەيدانىغا تۇتىشىدىغان 1.5 كىلومېتىر ئۇزۇن-
لۇقتىكى ئايلانما ئاسفالت يول ياسالدى. مۇھىتنى گۈ-
زەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 1965 - يىل 4 - ئايدا، ج ك پ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى شەھەر بويىچە 5 مىڭدىن
ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئاممىنى خالىس ئەمە-
گەككە ھەرىكەتلەندۈرۈپ چەنتاڭجياڭ يولىدىن لىۋيەن.

يولى، نەنچاڭ يولىنىڭ شىمالى، جۇجياڭ يولى، شىخۇڭ يولى، شىنجاڭ تېببىي ئىنىستىتۇت يولى، بېيجىڭ يولىنىڭ تۆۋەنگە ماڭىدىغان ماشىنا يولى ۋە پىيادىلەر يولى ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى كونا قىياپەت ئۆزگەرتىلىپ، چېگرا شەھەرنىڭ يېڭى قىياپىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

1978 - يىلى، ھۆكۈمەت كوچىلارنىڭ پاسكىنىچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچار ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئورۇن بىلەن شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ئاممىنى بىرلەشتۈرۈپ پاتقاق كوچىلارنى ئورتاق تۈزەشنى يولغا قويۇپ، تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى، يېڭى شەھەر رايونىدىكى بارلىق كوچىلارنى ياساپ رېمونت قىلدى. 1983 - يىلدىن ھازىرغىچە يول قۇرۇلۇشىدا نۇرلۇق يول كېشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈرئەت بىلەن ياسالدى. ئەينى يىللاردىكى قەبرىستانلىققا بارىدىغان «شەيتان يولى» ئۇزۇنلۇقى 960 مېتر كېلىدىغان، ئوتتۇرىسى گۈزەل گۈللۈك قوش يولغا ئايلاندى. بېيمېن مەركىزى گۈللۈكىدىن چوڭ كۆۋرۈكتىكى «دەريادا سۇغىرىلىۋاتقان ئات»ھەيكىلىگىچە بولغان بۇ يول يولۇچىلارغا ئارام بەخش ئېتىدۇ.

1986 - يىلى كېڭەيتىپ ياسالغان چاڭجياڭ يولى بىلەن ياڭزىجياڭ يولىنىڭ ئاساسلىق يولىمۇ قوش يول، ئوتتۇرىسى سوزۇنچاق گۈللۈك، ئىككى تەرىپى پىيادىلەر

گەن چىراغ قاپقاقلىرى ئوقتا پۇچۇلۇپ كەتتى. ئالدى- ئارقا كوچىلاردىكى ستولبا ۋە توك سىملىرى ئېغىر بۇز- غۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1966 - يىلدىكى 3 مىڭدىن ئار- تۇق كوچا چىرىغى 1976 - يىلىغا كەلگەندە 2 مىڭدىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالدى.

ئىسلاھات باھار شامىلى بارلىق ئىشقا ھايا- تىي كۈچ بەخش ئەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەر- كىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شەھەر يوللىرى ۋە يول چىراغلىرى قايتىدىن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

ئالدى بىلەن 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگى- لىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان چوڭ - كىچىك كوچىلار رېمونت قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك ئاسفالىت ياتقۇزۇلۇپ شەھەر يوللىرى يېڭى قىياپەتكە كىردى. ئازادلىق يول، ياڭزىجياڭ يولى، چاڭجياڭ يو- لى، چەنتاڭجياڭ يولى، دوستلۇق يولى، 4 - ماي يولى، نەنچاڭ يولى، مېھمان كۈتۈش يولى، تيەنجىن يولى، جياڭسۇ يولى، غەربىي خەلق يولى، چىتەي يولى، شەر- قىي دوستلۇق يولى، خۇاڭخې يولى، غەربىي شىمال يولى، خوتەنگەي يولى قاتارلىق 16 يولغا پۈتۈنلەي ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. مۇشۇ ئاساستا يەنە خەلق يولى- نىڭ شەرقى ۋە غەربىي قىسمى، دۇڭخۇەن يولى (بەخت يولىدىن شەرق شامىلى يولىغىچە)، تەنتەربىيە سارىيى

دا يېڭى سەھىپە ئېچىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قىياپىتىگە يېڭى ھۆسۈن قوشتى. بولۇپمۇ ياز كېچىلىرى بۇ يەرگە كېلىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. كۆۋرۈككە ئورنىتىلغان يورۇشلەشكەن 15 چىراغ، كۆركەم ۋە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن، تۈرلۈك شەكىلدىكى رەڭگا ـ رەڭ كوچا چىراغلىرى ساياھەتچىلەرگە چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى.

## زىيانلىق ماددىلار تازىلىنىپ تاتلىق سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى

ئۈرۈمچى غەربىي شىمالىنىڭ قۇرغاق يېرىگە جايلاشقان بولغاچقا سۇ يېتىشمەيدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئاسا سەن قۇدۇق سۈيى ۋە دەريا سۈيى ئىشلىتەتتى. ئاھالىلەر سۇنى دەپ كەش ياكى قولىدا توشاتتى. بايلار ۋە چوڭ سودىگەرلەر ئادەم ياللاپ سۇ توشۇتاتتى. ئىدارە ئورۇنلىرى ئات ھارۋا بىلەن تۇڭدا سۇ توشاتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت 30 ـ يىللىرى ھازىرقى لۇڭچۈەن كوچىسىدا بىر كىچىك سۇ كۆلچىكى ياساپ، شۇ جايدىكى بۇلاقلارنىڭ سۈيىنى يىغىپ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قۇرماقچى بولغان «ۋودوپرووود شىركىتى» 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تاكى ئازادلىق-

يولى، ئارىلىقتا دەل - دەرەخ، گۈل - گىيا ئۆستۈرۈلۈپ ۋە ئېرىق ياسىلىپ، نۇرلۇق يولدىن قالسىلا شەھەردىكى يەنە بىر زامانىۋى يولغا ئايلاندى. قاتناش قىستاقچىلىقىنى پەسەيتىش، قاتناش ھادىسىلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن، بەش يۇلتۇز يولدىن چىداۋانغىچە بولغان يول كېڭەيتىلدى. شىخۇڭ يولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ياسالدى. تەنتەربىيە سارىيى يولى ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يول چىراغىنىڭ شەكلى، نۇر مەنبەئى، سان جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. چىراغ سانى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي مەزگىلىدىكى 2300 دىن 5460 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى بېسىملىق خلورلۇق چىراغ ۋە يۇقىرى بېسىملىق ناترىيلىق چىراغ 1354 كە يېتىدۇ.

1985 - يىل 9 - ئايدا پۈتۈپ قاتناش باشلانغان خەلق يولى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 83.86 مېتىر، كەڭلىكى 31 مېتىر، شەرقىي غەرب غول يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 530 مېتىر، كەڭلىكى 42 مېتىر، جەنۇبىي شىمال غول يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 920 مېتىر، كەڭلىكى 48 مېتىر كېلىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىغا مىللىيچە ئۇسلۇبتا راۋاق ياسالغان، پۈتۈن كۆۋرۈكنىڭ ئالىي دەرىجىلىك يول يۈزى 66 مىڭ كۋادرات مېتىر، كۆكەرتىلگەن مەيدان 50 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يول ۋە كۆۋرۈك قۇرۇلۇش تارىخى-

ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.
10 يىللىق ئىسلاھات داۋامىدا سۇ بىلەن تەمىنـ
لەش قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. قارلىغاچلىق سۇ
مەنبەسىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغاچقا سۇ
بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، سۇ بىلەن
تەمىنلىنىدىغانلار ناھايىتى تېزلىكتە 490 مىڭ نوپۇسقا
يەتتى. 1980- يىلىدىن 1985- يىلىغىچە 3-، 4- سۇ زاۋۇتى
ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈ-
رۈلگەچكە، سۇ بىلەن تەمىنلىنىش دائىرىسى شىمكو رايو-
نى ۋە خاماسەن رايونلىرىغىچە كېڭىيىپ، يىللىق
سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 36 مىليون 950 مىڭ تون-
نىغا، تەمىنلىنىدىغان نوپۇس 756 مىڭغا يەتتى.
سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تۇرۇبا تورلىرى 1959 -
يىلىدىكى 7 كىلومېتىردىن تەرەققىي قىلىپ 1985 - يىلى
232 كىلومېتىرغا يەتتى. شىمالىي بەخت يولىدىكى
«331» بېسىم كۆچەيتىش پونكىتى بىلەن كۆنگەي تۆپـ
لىكتىكى شىسەن بېسىم كۆچەيتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ
سۇ بىلەن تەمىنلەشتىكى بېسىم كۆچى يېتىشمەسلىك
زىددىيىتى پەسەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن «بىرىنچى قەۋەت-
تە شاقىراپ چۈشۈش، ئىككىنچى قەۋەتتە تامچىلاپ
چۈشۈش، ئۈچىنچى قەۋەتكە سۇ چىقماسلىق» ئەھۋالى
ئۆزگەرتىلدى. لىۋداۋان ۋەلىۋيسەن رايونلىرىنىڭ نور-
مال سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن،

نىڭ ھارپىسىغىچە پەقەت قۇرۇق جازا بولۇپ كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھەرمىللەت خەلقىغە بەخت يارىتىش ئۈچۈن، 1952 ـ يىلى نەنمىن، داشىزىدا ئادەم كۈچى بىلەن بېسىپ سۇ چىقىرىدىغان ئۈچ قۇدۇق كولىغان. كېيىنچە ئۇنى سايباغ رايونىغىچە كېڭەيتكەن. 1958 ـ يىلىغا بارغاندا ئادەم كۈچى بىلەن بېسىپ سۇ چىقىرىدىغان قۇدۇق 50 كە يېتىپ، خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالىدا دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىنىشلار بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ۋودوپروۋود شىركىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 1959 ـ يىلى شەھىرىمىزدىكى تۇنجى ۋودوپروۋود قۇرۇلۇشى 1 ـ سۇ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا رەسمىي كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تىيانشان رايونىنىڭ غالىبىيەت يولى، ئىتتىپاق يولى، تىنچلىق يولىدا ئولتۇراقلىق ئاھالىلەر ئالدى بىلەن تاتلىق، پاكىز ۋودوپروۋود سۈيىنى ئىستېمال قىلىشقا باشلىدى. 1966 ـ يىلى، 2 ـ سۇ زاۋۇتىنىڭ پۈتۈشى ۋە قارلىغاچلىق سۇ مەنبەسىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن شەھەر خەلقىنى تۇرمۇشقا كېرەكلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، يىللىق سۇ بىلەن تەمىنلەش نوپۇسى 300 مىڭ كىشىگە يەتتى.

10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش تۈرۈبا تورلىرى قۇرۇلۇشى توختاپ قالغان

يولى، جۇڭسەن يولى، خەلق يولى، بوياش ـ توقۇش زاۋۇتىدىن سوپۇن زاۋۇتىغىچە 14.46 كىلومېتر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، شەھەر رايونىدىكى پاسكىنا سۇنى چىقىرىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى.

دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پاسكىنا سۇنى چىقىرىدىغان غول تۇرۇبىنىڭ دىئامېترى كىچىك بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا 60 كۈن ئىچىدىلا جەنۇبتا مېھمان كۈتۈش يولىدىن باشلىنىپ شىمالدا نۇرلۇق يول چوڭ كۆۋرۈكنى بېسىپ ئۆتۈپ خاباغىچە پاسكىنا سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭغا 106 تەكشۈرۈش ۋە يامغۇر سۇلىرىنى ئاققۇزۇش ئېغىزى ياسالدى. 1978- يىلدىن 1985- يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كەڭ يول ـــ ياشلار يولى، تىنچلىق يولى، خابا يولى قاتارلىق جايلاردا پاسكىنا سۇ چىقىرىدىغان تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. شۇ مەزگىلدە يەنە، يول ياقىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يۇندا سۇ تۆكۈش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تىيانشان رايونى، سايباغ رايونىنىڭ نوپۇس زىچ جايلاشقان جايلىرىدىكى كوچىلىرىغا پاسكىنا سۇ چىقىرىدىغان 61.76 كىلومېتر تارماق تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 798 يۇندا

كەينى ـ كەينىدىن لىيۇيسەن بىسمىنى تۆۋەنلىتىش
كۆلچىكى ۋە «يىپاۋچىڭگۇك» بىسمىنى تۆۋەنلىتىش
كۆلچىكى ياسالدى. سۇ تۇرۇبىلىرىنى ئائىلىلەرگە
كىرگۈزۈش ۋە سۇ سائىتى ئورنىتىش خىزمىتى يولغا
قويۇلغاچقا، ئاممىۋى سۇ پونكىتلىرى كۆپلەپ ئازايتىل
دى. سانائەتتە سۇنى تەكرار ئىشلىتىپ تېجەش پائال
يىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلماقتا. پاسكىنا
سۇنى چىقىرىش مەسىلىسىمۇ كىشىلەرگە يېڭى تېمىنى
ئوتتۇرىغا قويدى. 1959 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم تەستىقلىغان «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئومۇمىي
گەۋدە پىلانى» شەھەر رايونىدىكى پاسكىنا سۇ ۋە سانا ـ
ئەتتىن چىققان كىرەكسىز سۇنى چىقىرىۋېتىش يولىنى
نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ئەينى ۋاقىتتا
بېيجىڭ يولىدا شەھىرىمىز بويىچە تۇنجى پاسكىنا سۇنى
چىقىرىۋېتىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10.67 كىلومېتىر كېلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنخۇا يولىدا
مۇددەتكە بۆلۈپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، جەنۇبىي
شىنخۇا يولىدىن باشلىنىپ شىمالىي شىنخۇا يولى، خابا،
قىزىلتاغقىچە تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن،
پاسكىنا سۇنى چىقىرىدىغان تۇرۇبا تورلىرى قۇرۇلۇشى
يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە
شىنمىن يولى، دېموكراتىيە يولى، دۆلەت قۇرۇلۇش

# ئۈرۈمچىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان توقۇمىچىلىق سانائىتى

## چېن شيۇشېن، ليۇيىڭچيەن

ئۈرۈمچىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى 40 يىل تىرىشچانلىق ئارقىلىق يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، پاختا-يۇڭ توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، ئىلمە توقۇلما، كەشتىچىلىك، رەڭلىك توقۇلما، يىپەك توقۇلما، خىمىيىۋى تالالىق توقۇلما قاتارلىق تۈرلىرى تولۇق، ھەر خىل مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى - سىرتىدا بازار تاپقان زامانىۋى سانائەت بولۇپ شەكىللەندى.

### كونا جەمئىيەتتىن پەقەت قول ھۈنەر توقۇمىچىلىقلا قالغان

ئازادلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ سانائىتى ئىنتايىن قالاق بولۇپ، بارى پەقەت بىر قىسىم قول ھۈنەر توقۇمىچىلىق دۇكىنىلا بولۇپ، ئۇلارمۇ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان-

تۆكۈش ئىغىزى ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقا كوچىلارنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرتىلىپ، بۇرۇنقى يۇندا سۇلىرىنى پارغا ئايلاندۇرۇشتەك قالاق ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، شەھەر مۇھىتى بۇلغىنىشتەك ناچار ھالەت تۈگىتىلدى.

شەھىرىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتلىرىنى كۆرۈپ بۇرۇنقى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە كىشىلەر 40 يىلدىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا شەھىرى — ئۈرۈمچىنىڭ يوللىرى تۈپ ـ تۈز، چىراغلىرى يوپ ـ يورۇق، سۇلىرى سۈپ ـ سۈزۈك بولغانلىقىغا بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

تېپتىكى پۈتۈن يۈرۈشلۈك 5000 ئۈرچۈقلۈق ئىگىرىش ماشىنىسى، 100 توقۇش ماشىنىسى ۋە مۇۋاپىق ساندىكى بوياقچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنى باھاغا سوندۇرۇپ مەبلەغ قىلىپ قوشىدۇ، شىنجاڭ قالغان بارلىق خىراجەتلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. فابرىكا ليۇيىشەن تېغى ئېتىكىدىكى ئۈرۈمچى دەرياسى بويىغا (كېيىن تۇدۇڭخابا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ) سېلىنماقچى بولىدۇ. ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 500 توننا بولۇپ، 1944 - يىلى 6 - ئايدىن تارتىپ چۆچەكتىن يۆتكىلىشكە باشلاپ، 10 - ئايغىچە 8 تۈركۈم چىقىرىلىدۇ. ئۈرۈمچىگە 17 توننا، جۇچۇەنگە 162 توننا، لەنجۇغىچە 48 توننا بولۇپ جەمئىي 227 توننا توشۇلىدۇ. 270 توننىدەكى توشۇلماي قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىپ، قاتناش - ترانسپورتنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئەسلىھەلەرنى توشۇشقا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئۇ نەرسىلەر يول بويىدىكى قاتناش بېكەتلىرىدە دۆۋىلىنىپ تۇرۇۋېرىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن «يۇيېفېڭ» فابرىكىسى شەرتنامىسىنى بىكار قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ يالغۇز قۇدرىتى يەتمىگەچكە توختايدۇ.

لار شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىدە توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشقا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇنۇپ، نۇرغۇن پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوققا چىققان.

1925 - يىلى، شىنجاڭدىكى يەرلىك دائىرىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان «فۇمىن» توقۇمىچىلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، بىر مىليون سەر كۈمۈش تەييارلىنىپ ھازىرقى شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇتىنىڭ ئورنىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. 1928 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشىدۇ. بۇ فابرىكىدا 3000 ئۇرچۇق، 30 توقۇش ماشىنىسى بار دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە 1200 ئۇرچۇق، 20 توقۇش ماشىنىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئايدا توپى 33.33 مېتىرلىق 2000 توپ ئاق رەخت ۋە بىرقىسىم داكا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۇلار ئانچە بازار تاپماي، ئازراق پايدا كۆرىدۇ، 1933 - يىلى، جىڭ شورېن، ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا فابرىكا خانىۋەيران بولىدۇ.

1943 - يىلى، ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى چۇڭچىڭ «يۈيفېڭ» ئىگىرىش فابرىكىسى بىلەن بىرلىشىپ «شىنفېڭ» ئىگىرىش فابرىكىسى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. «يۈيفېڭ» فابرىكىسى يېڭى

## 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى توقۇمىچىلىق سانائىتى پەيدىنپەي راۋاجلىنىشقا يۈزلەندى

1958 ـ يىلى، «ئومۇمىي خەلق سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش» چاقىرىقى ئاستىدا ئۈرۈمچىدە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر توقۇمىچىلىق سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 3 يىل ئىچىدە كىچىك تىپتىكى 10 نەچچە ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى ۋە رەخت توقۇش فابرىكىسى قۇرۇلدى. ئىقتىسادىي خىلى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا ئۇلار ئارىسىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى فابرىكىلارمۇ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارمۇ، تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىغاندا شەھەرگە قاراشلىقلىرىمۇ، رايونلارغا قاراشلىقلىرىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە قاراشلىقلىرىمۇ بار. ئۇلاردا 1600 دىن كۆپرەك ئىشچى ـ خىزمەتچى، تۆمۈر ياغاچتىن ياسالغان توقۇش ماشىنىسىدىن 375 ى، ئىلمە توقۇلما ماشىنىسىدىن 142 سى، پايپاق توقۇش ماشىنىسىدىن 186سى، پەلەي توقۇش ماشىنىسىدىن 427سى بار بولۇپ، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى پاختا رەخت، بىرزىنت، يىپ ئەدىيال، پەلەي، لۆڭگە، پايپاق ۋە پويايىكا، يىپ مايكا قاتارلىقلار ئىدى. يىللىق ئىشلىتىدىغان يىپ مىقدارى 5000 كاللەككە يېتەتتى. بۇ «ئۇششاق كوللېكتىپ»ـ

## ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە توقۇمىچىلىق سانائىتى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى

1950 ـ يىلى، قوماندان ۋاڭجېن شىنجاڭدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرىنى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكنى تېجەپ، مەبلەغ توپلاپ، ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى زامانىۋى پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشقا چاقىردۇ. 1951 ـ يىل3 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باشلىنىپ، بىر يىل 3 ئاي جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـكۈنى 15 مىڭ ئۇرچۇق، 600 توقۇش ماشىنىسىغا ئىگە 1 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ زامانىۋى توقۇمىچىلىق سانائىتىدە يېڭى بەت ئېچىلدۇ. بۇشانلىق كۈننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ فابرىكىغا «1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى»دەپ نام بېرىلدۇ. 1955ـ يىلى 2 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش پۈتۈپ 31 مىڭ 760 ئۇرچۇق، 1224 توقۇش ماشىنىسىغا ئىگە، يىلىغا35مىليون مېتر رەختتوقۇلىدىغان توقۇمىچىلىق ـ بوياقچىلىق بىرلەشمە زاۋۇتى بارلىققا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدۇ.

تارتىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان يەردە تەرەققىياتتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن.

## ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش — توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق كۆللىنىش - راۋاجلىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويۇپ، ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

1. ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايون، شەھەرنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. «6 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەڭشەش مەركەز قىلىنغان «تۆت سۆزلۈك فاڭجېن» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئالدى

لار جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلـ
دۇرۇپ، دۆلەتتىن ھېچقانداق مەبـلەغ ئالماي، شارائىـ
تىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، يــەرلىك بىلــەن زامانىۋىنى
بىرلەشتۈرۈپ، كونا ئۆي، كونــا ئۈسكۈنىلەردىن پايدىـ
لىنىپ قۇرۇلغان. تەڭـشەش، قوشۇۋېــتىش، ئۆزگــەرتىپ
تەشكىللەش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگــەرتىش ئارقىلىق
ئۈرۈمــچى شەھىرىدىكى تايــانچ كارخانــىلاردىن بولۇپ
قالغان. ھازىرقى تىيانشان بوياقچىلىق زاۋۇتى، تىيانــ
شان رەخت توقــۇش فابرىكىسى، قىزىلبايراق بېرىزىنــت
زاۋۇتى، شەھــەرلىك پايپاق زاۋۇتى، شەھــەرلىك ئىلمە
توقۇلما 3 ـ زاۋۇتى ۋە تىيانشان ئىلمە توقۇلما 1ـ، 2ـ
زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىكى «ئۈششاق
كوللېكتىپ»لاردىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن،
چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەنىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىـ
دىن ئۈرۈمچىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئېغىر زىيانغا
ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، زاۋۇتلار قالايــمىقانلىشىپ،
ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنــلەپ كەتــتى. 1966 ـ يىل 10 ـ
ئايدا ئىشلەپــچىقىرىشقا كىرىشكەن شەھەرلىك يۇڭخۇڭ
ئىلـمە توقۇلما زاۋۇتى قالايمىقانچىلىق بولغان 10 يىلـ
نىڭ ئــالتە يىلىدا زىيان تارتتى. ھەتــتا ئەڭ بالــدۇر
قۇرۇلغان 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىمۇ
ئۇدا 5 يىل (1972 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە) زىيــان

يېڭچۈەن يولىدا قۇرۇلۇپ، 1987 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايون خىمىيىۋى تالا خام ئەشياسىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىن يۆتكەش ۋە ئىمپورت قىلىشقا تايىنىشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى.

**2. سىرتنىڭ مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ، سىرتقا يۈزلىنىش تىپىدىكى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش.** ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق سانائىتىدە سىرتنىڭ 24 مىليون 620 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلىپ، جۇڭگو - چەتئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىن تيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى، كوئېنلۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى، شىنجاڭ - نەنگۇاڭ ئىلمە توقۇلما ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلدى. بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەلا تېخنىكا، ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. 1988 - يىلى، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان ئۈچ كارخانىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.7% نى ئىگىلىدى، ئۇلار ئىشقا ئاشۇرغان پايدا - باج ئاپتونوم رايوننىڭ توقۇمىچىلىق سىستېمىسىدا ئىش-

جىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم ئېغىر سانائەت-
كارخانىلىرى توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقى-
رىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى رايونى-
دىكى شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف رېمونت زاۋۇتى 800
ئۇرچۇققا، 104 توقۇش ماشىنىسىغا، يىلىغا بىر مىليون
100 مىڭ مېتىر سىپتا يۇڭ توقۇلما ئىشلەپچىقىرىش ئىق-
تىدارىغا ئىگە بولغان شىنجاڭ 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق
فابرىكىسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ شىنجاڭ 2 - تاشپاختا زاۋۇتى
ئىلمە توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان،
يىلىغا 2 مىليون 400 مىڭ قۇر پاختا ئىلمە توقۇلما ئىچ-
كى - تاشقى كىيىم، 340 توننا خىمىيۋى تالالىق كىيىم-
لىك رەخت ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە شىنجاڭ ئىلمە
توقۇلما فابرىكىسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ ئۈرۈمچى سېمونت
زاۋۇتى 508 توقۇش ماشىنىسىغا ئىگە، يىلىغا 10 مىل-
يون مېتىر كەڭ ئەنلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىدىغان «1-
ئىيۇل رەخت توقۇش فابرىكىسى»غا ئۆزگەرتىلدى. ئوت-
تۇرا ئىپتىكى بۇ ئۈچ كارخانىنىڭ قۇرۇلۇپ ئىشقا كى-
رىشتۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى رايونىدىكى توقۇمىچىلىق سانائى-
تىگە كۈچ قوشۇپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ
ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكىنى دەسلەپكى قەدەمدە
نامايەن قىلدى. ئارقىدىنلا يىلىغا 2000 توننا
خىمىيۋى تالالىق رەخت ئىشلەپچىقىرىدىغان شىنجاڭ
دىڭلۇن تالا زاۋۇتى شەھەرنىڭ شىمالىدىكى

ئايدا قۇرۇلغان. ئۇ، شىنجاڭدىكى ئەتىۋارلىق ھايۋاناتلار تالاسىنى خام ئەشيا قىلىپ توم يىپلىق قوي تىۋىتى پو-پايىكىسى، قوي يۇڭى پوپايىكىسى، توشقان يۇڭى پوپايى-كىسى، تۆگە تىۋىتى پوپايىكىسى ۋە ھەر خىل يۇڭ رەخت-لەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، 90% نى ئېكسپورت قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئۇ، ئۈچ چوڭ قەدەم تاشلىدى: سالغان مەبلىغىنىڭ ھەممىسى-نى قايتۇرۇۋالدى، خەلقئارا بازارغا كىردى، سىرتقا تېخ-نىكا چىقىرىشقا باشلىدى. «كونېندۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى» دىن كېيىن، شەھەرلىك ئىلمە توقۇلما 3 - زاۋۇتى يەنە ئاۋمېن نەنگۇاڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى بىلەن «كونېندۇن شىركىتى» نىڭ ئۇسۇلى بويىچە 1987 - يىلى 7 - ئايدا «شىنجاڭ - نەنگۇاڭ ئىلمە توقۇلما ھەسسىدارلىق شىركىتى»نى قۇر-دى. ئۇنىڭدا بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنىپ لۆڭگە مەھسۇ-لاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىپ ئېكسپورت قىلىنىدۇ. ھازىر 2 - لۆڭگە زاۋۇتى كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، لۆڭگىلىك رەخت ئېكسپورتى ئاشۇرۇلماقتا. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي سودا نازارىتى تەرىپىدىن ئېكسپورت مەھ-سۇلاتلىرى زاۋۇتى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

بۇلاردىن باشقا، ھازىر چەتئەلنىڭ مەبلىغى جەل-دىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلۇۋاتقان شىنجاڭ ئۈزۈن تالالىق پاختا توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى 46

ىقا ئاشۇرۇلغان پايدا ـ باجنىڭ 16% نى ئىگىلىدى. ئېكسپورت مال ئومۇمىي قىممىتى توقۇمىچىلىق سىستې‌مىسىنىڭكى 42% نى ئىگىلىدى. «تىيانشان يۇڭ توقۇمى‌چىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى» شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىنغان كارخانا بولۇپ، 1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا رەسمىي ئىشقا كىرىشكەن. ئۇنىڭ قارمىقىدا تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرى‌كىسى، تىيانشان ئىلمە توقۇلما 1 ـ فابرىكىسى، تىيان‌شان ئىلمە توقۇلما 2 ـ فابرىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ فابرىكا بار. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئۈچكە تېۋىتى، ئىنچىكە قوي يۇڭىنى خام ئەشيا قىلىپ، خەلق‌ئارا بازاردا رىقابەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان تېۋىت‌لىق رەخت، يۇڭ رەخت ۋە تېۋىت پوپايكا، يۇڭ پوپاي‌كا ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئىسلاھ قى‌لىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق باشقۇرۇلغانلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈم، يۇقىرى نىسبەت، يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولۇش‌تەك «ئۈچ يۇقىرى» نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملى‌كەت بويىچە جۇڭگو ـ چەتئەل بىرلىشىپ مەبلەغ سال‌غان ئەڭ ياخشى 10 كارخانا ئىچىدە 2 ـ لىكنى قولغا كەلتۈردى. «كوئېنلۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى» ئەسلىدىكى شەھەرلىك ئىلمە توقۇلما 3 ـ زا‌ۋۇتى ئاساسىدا «ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش، سىرت بى‌لەن شېرىكلىشىش» شەكلى ئارقىلىق 1985 ـ يىل 8 ـ

رەخت ئىشلەپچىقىرىلغانىدىن سىرت، يۇڭ پوپايكا ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك يىپلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ھازىر ئۇ، 27 مىڭ كۋادرات مېتىر دائىرىگە، 12 مىليون يۈەنلىك مۇقىم مۈلۈككە، 1600دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچىگە ئىگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 22 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە، پايدا - باجى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتكەن شەھەرگە قاراشلىق يېنىك سانائەت - توقۇمىچىلىق سىستېمىسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كارخانا بولۇپ قالدى. شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتى دەسلەپ قۇرۇلغاندا بىر داشقازان، بىر نەچچە ئىددىشقا تايىنىپ ئىش باشلىغان، قول بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پايپاق توقۇش ماشىنىسىدىن 50 ى بار زاۋۇت ئىدى. ئىسلاھات يىللىرىدا ئەسلىدىكى 10 نەچچە ئېغىز كېسەك ئۆيىنىڭ ئورنىغا 3850 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىلىرى بار 4 قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپ، يىلىغا ھەر خىل تۈر - رەڭدىكى پايپاقتىن بىر مىليون كىشىلىك ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى. 1988 - يىلى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 865 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى. 650 مىڭ يۈەنلىك پايدا - باج ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سىرتتىن كىرگەن پايدا - باجدا ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئارا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يۇڭخۇڭ ئىلمەتوقۇلما فابرىكىسى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىش، ئىلغار ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش ئارقىلىق

ھەمدە ئۇرچۇقلۇق، 72 تــوقۇش ماشىنىسىغا ئىگە كۆلەمدە بولۇپ، پۈتۈنلەي ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەر ئىشـ لىتىلىدۇ، 89 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىـدا بـۇ تۈرنىڭ بىر قىسمى ئىشقا كىرىشتۈرۈلمەكچى، ئـۇنىڭ مەھسۇلاتـ لىرى ئاساسەن ئېكسپـورت قىلىنىدۇ. ئۇ پۈتكەندىن كېـ يىن دۆلەتكە نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوت يارىتىپ بېرىدۇ.

3. كونا زاۋۇتلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىپ، يېڭـى تېخنىكـا، يېڭى ئۈسكـۈنىلـەرنـى كىرگـۈزۈش. يېڭىدىن قۇرۇش، ئۆزگەرتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا كارخانىلاردىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تېزلىتىلدى. شـەـ ھەرگە قاراشلىق توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىـ سى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تە قۇرۇلغان، زاۋۇت ئۆيلىرى ئاددى، ئۈسكۈنىلەر كونا. 30 يىلدىن بۇيانقى تولۇقلاش ئارقىلىق، بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىل مابەينىـ دىكى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، كارخانىلاردا زور ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەسلى قىياپىتى تامامەن يېڭىلاندى. مالايمىق، تىيانشان بوياش ـ توقۇش زاۋۇتى ئـەسلىدە 20 توقۇش ماشىنىسىغا ئىگە كىچىك بىر زىنت زاۋۇتى ئىدى، كۆپ قېتىملىق تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئـارقىسىدا ئۇ، بوـ ياش، توقۇش، گۈل بېسىش يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرـ سال رەڭلىك تـوقۇمىچىلىق زاۋۇتىغا ئايلاندى، ئۇنىڭدا ھەر خىل ساپ پـاختا ۋە خـىمىيۋى تـالالىق گـۈللۈك

باراۋەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تىيانشان رەخت توقۇش فابرىكىسى، قىزىل بايراق بېرزىنت زاۋۇتى قاتارلىقلار تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى.

يېقىندىن قۇرۇش بىلەن كونا زاۋۇتلارنى ئۆزگەرتىش بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى تېپتىكى تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلدى. «تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» ۋە «كوئېنلۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى» قوي يۇڭىنى يىرىك تارايدىغان پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزدى، 1- ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يەل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ توقۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى. بېيىش - بوياش زاۋۇتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك يۇيۇش ماشىنىسى، دۈگىلەك تورلۇق كۆل بېسىش ماشىنىسى ۋە ئاسما شەكىلدىكى قۇرۇتۇش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى ۋە يۇڭخۇڭ ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى تولۇقلىما سودا شەكلى ئارقىلىق ئۆرۈش يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى، ئارۋاق يىپ ئىگىرىش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتى چېخوسلوۋاكىيىدىن قوش چوكىلىمەچىلىك پايپاق توقۇش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. 1 - ئىيۇل بوياقچىلىق زاۋۇتى ئىجارىگە ئېلىش شەكلى ئارقىلىق غەر-

يىلىغا 2 مىليون 200 مىڭ پار ئىلمە توقۇلما بۇيۇمى
ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بىر قىسىم
مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارغا كىردى. شىنجاڭ 1 -
ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى نۇرغۇن قىتىملىق
كىڭەيتىپ قۇرۇش، تولۇقلاش ۋە يېڭىلاش ئارقىلىق ئۈز
لۈكسىز زورىيىپ، راۋاجلىنىپ ئاپتونوم رايون بويىچە
ئەڭ چوڭ پاختا توقۇمىچىلىق بىرلەشمە كارخانىسىغا ئاي-
لىنىپ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى گۇرۇھى شىركىتى
بولۇپ تەشكىللەندى، ئۇنىڭدا ھازىر 108 مىڭ 200 ئۇر-
چۇق، 1200 يەل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ توقۇش ماشىنى-
سى، 3500 رەخت توقۇش ماشىنىسى، 11 مىڭ 500 ئىش-
چى - خىزمەتچى بار، بىيىش، بوياش ئىقتىدارى
76 مىليون مىتىر، ئۇنىڭ قارمىقىدا 1 -ئىيۇل پاختا تو-
قۇمىچىلىق 1 - زاۋۇتى، پاختا توقۇمىچىلىق 2 - زاۋۇتى،
بىيىش - بوياش زاۋۇتى، بوياقچىلىق زاۋۇتى، رەخت
توقۇش زاۋۇتى، ماتور زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئالتە زاۋۇت
بار. ھەر قايسى زاۋۇتلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمەت شىر-
كىتىگە قاراشلىق داكا فابرىكىسى، كىيىم - كېچەك زا-
ۋۇتى، شامالدۇرغۇچ زاۋۇتى قاتارلىق ئالتە كوللىكتىپ
كارخانىسى بار. 1988 - يىلى، بۇ گۇرۇھ 206 مىليون يۈەن-
لىك سانائەت مەھسۇلاتى قىممىتىنى ئورۇنداپ، 37 مىليون
770 مىڭ يۈەن پايدا - باجنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ،
1978 - يىلدىكىنىڭ 2.86 ھەسسىسىگە ۋە 2.19 ھەسسىگە

يىلدىن بۇيان ياراتقان يېڭى مەھسۇلات تۈرى 80 خىلـ
دىن ئاشدۇ، بۇ زاۋۇتنىڭ پەن تەتقىقات ئورنى
تەتقىق قىلغان ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ رەڭ ئۆز-
گەرتىدىغان يىپ سىناق قىلىپ ئىشلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت-
لىك بولدى. بۇ يۇڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولۇپ، تومىلىرىنى قول ھۈنەر ئارقىلىق توقۇشقا ئىش-
لەتكىلى، ئوتتۇراھال تومىلىرىنى ماشىنا ئارقىلىق تو-
قۇپ كىيىملىك قىلغىلى، ئىنچىكىلىرىنى ئۆرۈش يىپ
قىلىپ كاناي شەكىللىك ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىنى
ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ؛ 1 - ئىيۇل بويا قچىلىق زا-
ۋۇتى يېڭى ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقارغان
يامغۇرلۇققا ئىشلىتىلىدىغان كىيىملىك ئەتىيازلىق، كۈز-
لۈك ئەرەنچە، ئايالچە تاشقى كىيىملەرنى تىكىشكە باپ
كېلىدۇ؛ شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتى ئىشلىگەن «ئۈچتىن
ساقلىنىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دورىلىق پايپاقنىڭ سا-
لامەتلىكنى ئاسراش رولى بولغاچقا، ئىستېمالچىلار-
نىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى؛ تيانشان رەخت
توقۇش فابرىكىسى سىناق قىلىپ ئىشلىگەن شايى ئاپتو-
نوم رايوننىڭ باھالىشىدىن ئۆتتى؛ يۇڭخۇڭ ئىلمە تو-
قۇلما فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان دىلون - پاختا يىپ
ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان بۇدۇر رەخت ئاپتونوم رايون
بويىچە 2 - دەرىجىلىك يېڭى مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئې-
رىشتى؛ شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما فابرىكىسى سىرتتىن كىر-

بىر گېرمانىيە، شياڭگاڭدىن كاناي شەكىللىك بوياش ماشىنىسى ۋە بوياش - پاتلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى ئىجارىگە ئالدى. يېڭى تېپتىكى بۇ ئۈسكۈنىلەر تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، مەھسۇلات دەرىجىسىنى ۋە ئېكسپورت قىلىپ تاشقى پېرېۋوت تېپىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.

**4. زور كۈچ بىلەن يېڭى مەھسۇلات يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش.** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۈركۈم يېڭى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەپ ۋە سىناق قىلىپ ئىشلەپ بازارغا سېلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. تىيانشان بوياقچىلىق زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ئىشلىگەن ئىسسىقلىق ئارقىلىق چاپلىنىدىغان ئەستەرلىك (دېۋىرقاي ئەستەرلىك) ياقا، كۆكرەك، پەش، يانچۇق، يەڭ پەۋەزلىرىگە ئىشلىتىلىپ، دەزمال سېلىنسىلا كىيىملىككە چاپلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىيىملەرنىڭ قاتۇرمىسىنى تىكىشتەك ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلدى. بۇ 1988 - يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە 4 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ 1 - ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق باش زاۋۇتىنىڭ يېقىنقى ئۈچ

ئىسكىلاتقا كىرگەن 1 - دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى 80% ئۆپچۆرىسىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە . 1986 - يىلى، رايون، شەھەردىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ 5 تۈرلۈك مەھسۇلاتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشكەن بولسا، 1987 - يىلى 16 تۈرگە، 1988 - يىلى 17 تۈرگە كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون توقۇمىچىلىق سىستېمىسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 35.4% نى ئىگىلىدى. «تىيانشان» ماركىلىق قوي تىۋىتى يوپكىسى، قوي يۇڭى يوپكىسى سۈپەت جەھەتتە نام قازىنىپ، خەلقئارا بازاردا بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشىپ ئامېرىكا، ياپونىيە، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئالىي دەرىجىلىك بازارلىرىغا سېلىنىدى، 1987 - يىلى مەملىكەت بويىچە بەش چوڭ زاۋۇت قاتناشقان قوي يۇڭى يوپكىسى كۆرگەزمىسىدە 1 - لىككە ئېرىشىپ، غەربىي شىمال رايونى بويىچە خەلقئارا قوي يۇڭى ئىدارىسىنىڭ بەلگىسىنى تۇنجى رەت ئىشلەتكەن يۇڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى بولۇپ قالدى. «تىيانشان» ماركىلىق پاختا يىپ مەملىكەت بويىچە ئەلا سۈپەتلىك ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، شياڭگاڭ بازارلىرىدىكى سېتىلىش باھاسى ئوخشاش خىلدى-

گۆزگەن قوش ئۆرۈشلۈك توقۇش ماشىنىسىدا ئىشلەپ-
چىقارغان كۆركەم مەخمەل ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇشۇ
خىلدىكى زىننەت ماتېرىياللىرى جەھەتتىكى بوشلۇقىنى
تولدۇردى؛ تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى تۆگە
يۇڭىدىن رەڭ بېرىپ ئىشلىگەن تۆگە تىۋىتى پوپايكىسى،
كوئېنلۇن يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان
ئوتقا چىداملىق خىلورلۇق يۇڭ يىپ ناھايىتى ياخشى
ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەردى؛ يەنە ئۆرۈمچى تىۋىت زا-
ۋۇتى ئىشلىگەن تەبىئىي تېرە ۋە سۈنئىي ھايۋانات
تېرىسى مەملىكەت بويىچە تەنها بولۇپ، بازىرى ئىتتىك
مال بولۇپ قالدى.

**5. كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، داڭلىق ئەلا مەھ-
سۇلاتلارنى يارىتىش.** كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش،
ئومۇميۈزلۈك سۈپەت باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، تىرى-
شىپ داڭلىق، ئەلا مەھسۇلاتلارنى يارىتىش قاتارلىق
خىزمەتلەر ئارقىلىق مەھسۇلات سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى؛
پاختا يىپنىڭ دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى 99% مۇ-
قىملاشتى، پاختا رەخت ۋە بويالغان رەختلەرنىڭ ئىس-
كىلاتقا كىرگەن 1 - دەرىجىلىك مەھسۇلات نىسبىتى
ئايرىم - ئايرىم ھالدا 93% ۋە 87% كە يەتتى، قوي
تىۋىتى، پوپايكىسى ۋە قوي يۇڭى پوپايكىسىنىڭ چەت
ئەلگە سېتىلىشتىكى لاياقەتلىك نىسبىتى 99% تىن
يۇقىرى بولماقتا، پاختا ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ

بۆيىچە 1 ـ دەرىجىلىك كارخانا نامىغا ئېرىشتى.

## ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان 10 يىل، غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان 10 يىل

ئۈرۈمچىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە ئىسلاھاتنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ ھەيران قالارلىق زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1988 ـ يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا ئاپتونوم رايون، شەھەرگە قاراشلىق 25 (سىستېما ئىچىدە) توقۇمىچىلىق سانائىتى كارخانىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرـ گە قاراشلىق 10 كارخانا (بۇنىڭدىن باشقا سىستېما ئىـ چىدە ئەمەستىن ئالتىسى بار) بولـۇپ، جەمئىي 22 مىڭ 100 ئىشچى ـ خىزمەتچىگە ئىگە. بۇ كارخانىلار ئاساسـ لىق 108 مىڭ 200 پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى، 1200 يەل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ توقۇش ماشىنىسى، 4050 توقۇش ماشىنىسى، 10 مىڭ 440 يۇڭ توقۇمىچىلىق ئۇرـ چۇقى، 123 پوپايكا توقۇش ماشىنىسى، 40 پاختا ئىلمە توقۇلما ماشىنىسى، 53 پاختا ـ يۇڭ توقۇلما ماشىنىسى، 1382 توغرا شەكىللىك يۇڭ ئىلمە توقۇلما ماشىنىسىغا ئىـ گە بولۇپ، يىلىغا 19 مىڭ 480 توننا پاختا يىپ، 130 مىليون مېتىر پاختا رەخت ۋە گۈللۈك رەخت، 76 مىليون مېتىر بوياقلىق رەخت، بىر مىليون 100 مىڭ مېتىر سىپتا نىلون دۇخاۋا، 100 مىڭ ئەديال، ئىككى مىلـ

كى مەھسۇلاتلاردىن 6 ـ 10 ئامېرىكا دوللىرى ئۈستـۈن
بولدى. شىنجاڭ 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكـ
ـسى 2 ـ زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەت باشقۇ-
رۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. تىيانشان بوياش ـ توقۇش
زاۋۇتىنىڭ «قارلەيلىسى» ماركىلىق پارقىراق غالتەك
يىپى، «رەڭدار ياپراق» ماركىلىق ساپ پاختا كىرلىك
رەختى، 1 ـ ئىيۇل بېسىش ـ بوياش زاۋۇتىنىڭ «تىيانـ
شان» ماركىلىق گۈللۈك چىتى، 1 ـ ئىيۇل بوياقچىلىق
زاۋۇتىنىڭ «يۇلغـۇن» ماركىلىق گۈللۈك كاجى رەختى
شۇنىڭدەك شەھەرلىك پايپاق زاۋۇتىنىڭ «توز» ماركىلىق
ئەرەنچە، ئاياللارچە ئېلاستىكىلىق يىپەك پايپىقى ئاپتو-
نوم رايوننىڭ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتى قاتارىغا ئۆتتى.

كارخانىلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستـۈرۈش خىزمىتى
قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، كارخانا باشقۇرۇش سە-
ۋىيىسى ۋە كارخانا ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلىدى
ۋە ئۆستى. سىناش، باھالاش، تەكشۈرۈش، ئۆتكۈزۈۋېلىش،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاش ئارقىلىق
تىيانشان يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتى، تىيانـ
شان ئىلمە توقۇلما 1 ـ زاۋۇتى، تىيانشان ئىلمە توقۇلـ
ما 2 ـ زاۋۇتى، شىنجاڭ 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق
1-زاۋۇتى، 2-زاۋۇتى، 1-ئىيۇل بوياش ـ توقۇش زاۋۇتى
شۇنىڭدەك 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق باش زاۋۇتىـ
دىن ئىبارەت يەتتە كارخانا ئاپتونوم رايون

يۇك پوپايكا، قولقاپ، لۆڭگە، كىگىز شۇنىڭدەك ناچا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ زاۋۇتلار ئۆز ئۆزىنى تو-لۇقلاش، كىچىك ئەپچىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، بازاردىكى ئۆنۈملۈك تەمىناتنى ئاشۇ-رۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئى-جابىي رول ئوينىدى. كىشىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى ئالاھىدە قوزغىغان خۇسۇسىي كارخانا «خۇڭدا» پوپايكا فابرىكىسى ئىشلەپچىقارغان قوي يۇڭى پوپايكىسى1988-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىدە رەڭگى، نۇسخىسىنىڭ يېڭىلىقى، پۇكەي ئورنىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى بى-لەن كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. دېھقان كار-خانىچى خېجەنشەن قۇرغان باجاخۇ لۆڭگە زاۋۇتى «شىنجاڭ-نەنگۇاڭ ئىمپورت ئېكسپورت تۇلۇم ھەسسىدارلىق شىركىتى» بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، لۆڭگە ئىش-لەپچىقىرىپ ئېكسپورت قىلىپ ئاپتونوم رايونىمىز-نىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭى يول ئاچتى. قۇرۇلۇش ئۈستىدە تۇرغان قىزىل تاغ پاخ-تا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 20 مىڭ ئۇرچۇقلۇق پاختا توقۇمىچىلىق كۆلىمىگە ئىگە بولۇپ، ھازىر قۇراشتۇرۇش، سىناق قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي 10 مىڭ ئۇرچۇق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئۈرۈمچى— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسا-دىي، مەدەنىيەت مەركىزى. ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپ،

يون پار يۇڭ ئىلمە توقۇلما بۇيۇمى، تۆت مىليون پار پاختا ئىلمە توقۇلما بۇيۇمى، 340 تونىنا خىمىيىۋى تالالىق كىيىملىك رەخت، سەككىز مىليون لۆڭگە، بىر مىليون كىشىلىك پايپاق، 2000 تونىنا دىلۇن تالا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. 1988 - يىلى، 412 مىليون يۈەنلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئورۇنلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 122 مىليون يۈەن؛ 130 مىليون يۈەنلىك پايدا - باج ئىشقا ئاشۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 67 مىليون 490 مىڭ يۈەن؛ 142 مىليون يۈەنلىك مال ئېكسپورت قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەرگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 92 مىليون 350 مىڭ يۈەن بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى، پايدا - باج جەھەتتە ئۈرۈمچى رايونىدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ 11.68% ۋە 13.29% نى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن يېزا - بازار توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۈرۈمچىدە ھازىر كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ 14 كىچىك تىپتىكى توقۇمىچىلىق كارخانىسى بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىسى مىڭدىن ئارتۇقراق، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 8 مىليون يۈەنگە يېتىدىكەن. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى قوي يۇڭى پوپايكىسى، چىڭلۇڭ پوپايكا،

# كۆنسايىن يۈكسىلىۋاتقان 2 - سودا

## جىڭ شىڧېڭ

بۇ ماقالىدا 1985 - يىلى ۋاقىت چېكى قىلىندى. شەھىرىمىزگە قاراشلىق 2 - سودا باشقۇرۇشىدىكى ئالتە چوڭ كەسىپ (كۆكتات، گۆش، شېكەر — چاي — هاراق — تاماكا، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، سوت، سودا باشقۇرۇشىدىكى سانائەت)نىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە هازىرقى ئەھۋالى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات جەريانى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر نامايەن قىلىندى.

### ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرققىيات ئەھۋالى

1949 - يىلى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولـدى. شۇ ۋاقىتتا، سودا - سېتىق كاساتلاشقان، بازار قالايمىقان، مال باھاسى تۇراقسىز بولۇپ، خەلقنىڭ كۈن كەچۈرمىكى تەس بولۇپ قالغان. 1950 - يىلى، خەلق ھۆكۈمىتى «ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققي

قاتناش تەرەققىي قىلغان، ئېنېركىيە مەنبەئى مول، مانا شۇنىڭدەك ئەۋزەل ئۇستۇنلۇكتىن پايدىلىنىپ، ئىمـلاھات، ئىچچۇۋىتىش يولى بويىچە ئىلگىرىلەيدىغانلا بولسا، ئۇرۇمچىنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى قانات چىقىرىپ پەلەككە ئۆرلەپ، تىيانشاندىن ھالقىپ، بىپايان دۇنيادا پەرۋاز قىلالايدۇ.

شۇغۇللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ھايانكەشلەر-
نىڭ قاقتى - سوقتىلىقىغا زەربە بېرىلىپ، يېڭىچە بازار
سودىسى تەرتىپى ئورنىتىلدى. 2 - ئايدا ئاشلىق بازى-
رى، 4 - ئايـدا چارۋا مال بازىرى، 9 - ئايـدا تېرە-
يۇڭ بازىرى ئېچىپ بېرىلدى. پەسىللىك قـوغۇن - تا-
ۋۇز، كۆكتات بازىرى ئېچىش يولغا قويۇلدى. خۇسۇسىي
سودىگەرلەرنىڭ تاۋارلارنى تالىشىپ سېتىۋېلىپ بىسە-
ۋېلىش، قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلىش ۋە باج ئوغرى-
لاش، باج تاپشۇرماسلىق قاتارلىق قانۇنسىز قىلمىشلى-
رىغا زەربە بېرىلدى.

1952 - يىلى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا -
سانائەت ساھەسىدە «باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇشقا،
پارىخورلۇققا، قورۇلۇش ماتېرىياللىرىدىن زىغ - زىغ
چىقىرىشقا، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاشقا ۋە
دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتىنى ئوغرىلاشقا قارشى
تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «5 كـە قارشى» كـۈرەش قا-
نات يايدۇرۇلۇپ، خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەر ۋە-
تەننى سۆيۈش، قانۇنغا رىئايە قىلىش بويىچە بىر قې-
تىملىق چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىندى. لېكىن قانۇن-
سىز تاپاۋەتنى قايتۇرۇش يۈزىسىدىن باجنى تولۇقلاپ
تاپشۇرغانلىقى، مال - مۈلۈكنى تۆلەمگە بەرگەنلىكى
ئۈچۈن، تىجارىتىدە بىر مەھەل قىيىنچىلىق يۈز بەردى.
ھۆكۈمەت دەرھال 690 مىڭ يۈەن (ئۆلكە پۇلى) قـەرز

قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، شەھەر - يېزىلار ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، ماددىي بۇيۇملارنى ئالماشتۇرۇش» ۋە «مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش» سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. ئۇرۇمچى شەھىرىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا شىركىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي قىسمىغا بىۋاستە قاراشلىق كوپىراتىپلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۇ سودا ئورۇنلىرى سىياسەت ئارقىلىق ماددىي بۇيۇملارنى ئىلكىدە تۇتۇپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇردى، ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭشەپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ رەھبەرلىك رولىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇ يىلى، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىي سودىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىسبىتىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 29.31% نى، خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكىسى 70.69% نى ئىگىلىگەن.

1951 - يىلى، ھۆكۈمىتىمىز شەھىرىمىزنىڭ گۆش، ياغ جەددىيلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چارۋا مال سودىگەرلىرىنى سىرت ناھىيىلەرگە بېرىپ كالا، قوي، چوشقا، زىرائەت يېغى سېتىۋېلىپ شەھەرنى تەمىنلەش، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماددىي بۇيۇم ئالماشتۇرۇشىنى جانلاندۇرۇشقا تەشكىللەپ، تەمىنلەشتىكى جەددىيلىكنى پەسەيتىش ئۈنۈمىنى كۆرگەنىدى. شۇ يىلى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ شەھەرگە كىرىپ سودا - سېتىق بىلەن

يۈەن (ئۆلكە پۇلى) بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ 74.8% نى، خۇسۇسىيلارنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى بىر مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ 25.2% نى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە، خەلق ئىگىلىكى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالىدا توپ ئۆزگىرىش بولدى، مال باھاسى مۇقىملىقتىن يىلمۇ-يىل تۆۋەنلىدى. 1953 - يىلى 1951 - يىلىنىڭكىگە قارىغاندا 9.2% چۈشتى. 1954 - يىلى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىدىن «پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئالدى بىلەن توپ تارقىتىش بازىسىدا باھا سىياسىتى پىلانلىق تەتبىق قىلىنىپ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقى قىسقارتىلىپ، شەھەرلەر ئارا سودا - سېتىق قىلىدىغان سودىگەرلەر ئانچە كۆپ پايدا تاپالمايدىغان، ھەتتا پايدا ئېلىشقا ئىشەنچ قىلالمايدىغان قىلىپ قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت سودىسى خۇسۇسىي سودىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭ تەۋەسىدىكى شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا مال توشۇپ ساتىدىغان سودىگەرلەر سودىدا مۇۋاپىق پايدا تاپىدىغان قىلىپ قويۇلدى. لېكىن بەك كۆپ پايدا ئېلىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلار چەكلەندى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىلدى. 1955 - يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توپ تارقىتىش، توپ سېتىۋېلىش

پۇل تارقىتىپ مەدەت بەردى. قوي گۆشى كەسپىگە بېرىلگەن قەرز پۇل ئەڭ كۆپ بولدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇربان ھېيتتا قوي سودىگەرلىرى سىرت ناھىيىلەردىن 5200 تۇياق قوي يۆتكەپ كېلىپ بازارنى تولۇق تەمىنلەپ، قوي گۆشى سېتىۋېلىشتا ئۆچرەتتە تۇرۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى. سەنچېڭيۈەن، خۇڭچۇڭيۈەن، جۇڭيىگۇەن ئاشخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىلىپ مەدەت بېرىلگەچكە تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن مەدەت بەرگەنلىكتىن تاۋار ئوبوروتى ئەسلىگە كەلدى ۋە جانلاندى. «جىچىڭ» سودا سارىيىنىڭ تىجارەت سوممىسى ئاپرېل - ئاي ئېشىپ، 7 - ئايدا 190 مىڭ يۈەن، 8 - ئايدا 230 مىڭ يۈەن، 9 - ئايدا 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ئۈچۈن، 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ 3 - پەسىلدىكى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسىنى ئىگىلەش نىسبىتى تەكشۈرۈلدى. ئاشلىق، رەخت، تۇز، ياغ، كۆمۈر، شېكەر، تاماكا 7 خىل تاۋار تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ پارچە سېتىش سوممىسى 4 مىليون 220 مىڭ

تىجارەتچىلەر كوللېكتىپ تىجارەت قىلىپ پايدا - زىيى-نىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان كوپېراتسىيە دۇكانلىرى-غا ياكى تارقاق تىجارەت قىلىپ پايدا - زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان كوپېراتسىيە گورۇپپىلىرىغا ئۇيۇشتۇ-رۇلدى؛ كوللېكتىپ تىجارەت قىلىشقا قاتنىششقا مۇۋا-پىق كەلمەيدىغان، تۇرمۇشىنى قامداشنى مەقسەت قىلى-غان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىشىغا روخسەت قىلىندى. 5 - ئايدا، پۈتكۈل ساھە بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارنى شېرىكلەشتۈرۈش خىزمىتى غەلىبىلىك ئورۇنلاندى. شۇ يىلى، دۆلەت بى-لەن خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نىسبىتىدە سۇ-پەت ئۆزگىرىشى بارلىققا كەلدى: دۆلەت ئىگىلىكى 6.8% 7نى، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئىگىلىك 21.7%نى، خۇسۇسىي تىجارەت ئاران 1.5%نى ئىگىلىدى. 90% تىجارەت كىرىمى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك بازار ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇ-لاتلىرى كېمىيىپ كەتتى. تاۋار ماللار يېتىشمىدى. 1959 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ، كۈندىلىك تۇر-مۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشتى. تەمىنلەشتىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىش،

ئورنى كۆپ تەسىس قىلىنىپ، توپ تارقىتىش كەسپى قاناتيايدۇرۇلدى. پۈتۈن يىلدىكى ئومۇمىي سېتىش سومىسىدا توپتارقىتىشنىڭكى 42%. 58نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بازاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا نىسبىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، دۆلەت ئىگىلىكى 80.98%نى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكى ئاران 19.02%نى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى، شەھەرنىڭدىكى سودا - سانائەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىش، پۈتكۈل ساھە بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۆزگەرتىش داۋامىدا پايىنى بېكىتىش، ئۆسۈمنى بېكىتىش ئىش ھەققىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت «3نى بېكىتىش»كە ياتىدىغان خۇسۇسىيلار تاپشۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ، ھەر يىلى 5% ئۆسۈم بېرىلدى. 1955-يىلىدىن باشلاپ سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، 7 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى بەلگىلەندى. «3نى بېكىتىش» شەرتىگە توشمايدىغان خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىش ياكى ئۇلارنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈش يولغا قويۇلدى. ئۇششاق

يىلغا كەلگەندە مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيە يارىتىلدى.
1961 - يىلى، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتىكى يېتەرسىزلىكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەقسىم قىلىشتا «بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى كاپالەتلىك قىلىش، ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپى بويىچە ئەمگەك سۇغۇرتىسى، كېسەللەر، ساقلىقنى ساقلاش ۋە باشقا ئالاھىدە ئېھتىياجلىق كەسپلەرنى تەمىنلەشكە باشتىن - ئاخىرغىچە كاپالەتلىك قىلىندى. ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىدىغان خادىملار، دوختۇرخانىلار، بالىلار يەسلىسى ۋە سۈت يېتىشمەيۋاتقان بوۋاقلار تۇخۇم، سۈت پاراشوكى بىلەن تەمىنلەندى. دالىدا، ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىدىغانلار، ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغانلار كونسېرۋا بىلەن تەمىنلەندى. خەلقنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇمى بولغان گۆش، شېكەر، تاماكا، پېچىنە - پىرەنىك، قاتارلىق تاۋارلارنى بېلەت بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پېچىنە - پىرەنىك كەمپۈت، قورۇلما گۆش يۇقىرى باھادا سېتىلدى. 1962 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات- سودا كوپىراتىپىنىڭ تىجارىتى ئايرىۋېتىلدى ھەمدە سودا بازىرى ئېچىۋېتىلدى. يۇقىرىقى 3 تۈرلۈك تاۋار ئوبوروت يولى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ شەھەر، بىلەن يېزىلارنىڭ مال ئالماشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى، بازار جانلاندى.

ئۆچرەتتە تۇرۇپ تالىشىپ سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى ئازاي-
تىش ئۈچۈن، 1960 - يىلى، پېچىنە، تاماكا، چاي، بې-
لىق، گۆش، كونسېرۋا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى كىنىش-
كا ۋە بېلەتلىك تەمىنلەش يولىغا قويۇلدى. شۇنىڭ،
بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە ئىشلىرىدىكى رەسمىيەتنى
ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مالىيەباشقۇرۇشتا ئامبارچىنىڭ
ھېسابات دەپتىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنى-
غا كاپىيەن تۇرغۇزۇلدى. مال كىرگۈزۈشتە تەننەرقىغە
ئېتىبار بېرىلمىدى، پايدا - زىيان ھېسابقا ئېلىنمىدى.
خادىملارنى قىسقارتىش ۋە نامۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈم-
لەرنى ئىسلاھ قىلىش شوئارى ئاستىدا مالىيە چىقىمى
كونترولسىز قالدى. بۇنىڭ بىلەن سۈپەتسىز تاۋارلار
بېسىلىپ قېلىش ۋە مەبلەغ زىيان تارتىش ئىسراپچى-
لىق ئەھۋالى كېلىپ چىقىپ خىيانەت، ئوغرىلىق قىلىش-
قا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بېرىلدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش
قالايمىقان، ھېسابات بىلەن مال، ھېسابات بىلەن پۇل
بىر - بىرىگە توغرا كەلمەسلىك ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك
ساقلاندى.

1961 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە، خەلق ئىگىلى-
كىنى تەڭشەش مەزگىلى بولدى. دۆلەت «تەڭشەش،
مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» تىن
ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېننى يولغا قويدى. بازارنى
تەمىنلەش ئەھۋالى يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى. 1965-

لىك تەمىنلەش داىٸرىسى زور دەرىجىدە تارايدى. مەسىلەن: گۆش، تاماكا، چاينىڭ ئاز قىسمى بىلەتلىك، كۆپ قىسمى بىلەتسىز سېتىلدى. چوشقا گۆشى، تۇخۇم، توڭلىتىلغان بېلىق بىلەن تەمىنلەش تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى. 1965 - يىلى، ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش، 1964 - يىلىنىڭكىدىن يەنە كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باھامۇ زور ھەجىمدە تۆۋەنلىدى: قەن - گېزەك باھاسى 26.93%، پېچىنە - پىرەنىك باھاسى 17.8%، شېكەر باھاسى 19.03%، تۇخۇم باھاسى 6.5%، سۈت 22.23%، ئاشخانىلارنىڭ قورۇلغان سەيلىرى 11.17% چۈشۈپ خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

1966 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش شامىلى ئەۋج ئالدى، ئەلەم كۈرىشى كۆپىيىپ، سودا خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. تاۋار ماللار بارغانسېرى ئازىيىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىمۇ تېزلا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1968 - يىلدىن كېيىن، گۆش، شېكەر يەنە نورمىلىق قىلىپ قويۇلدى. ھەر بىر كىشىنىڭ گۆش نورمىسى بىر كىلودىن 500 گرامغا ھەتتا 250 گرامغا چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىلى باھار بايرىمىدا، ئاھالىلار كىشىنىشكىسىگە قاراپ ھەر بىر كىشىگە ئىككى كىلو تۇرۇپ، ئىككى كىلو

شۇ يىلى، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاكتىپلىق بىــ
لەن قىشلىق كۆكتات سېتىپ بېرىشىگــە ئىــھام بېرىپ،
بازارنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئــۈچۈن، يېزا
ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنــى مۇكاپاتلاش
سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونــ
لۇق خەلق كــومىتېتىنىڭ تــەستىقلىشى بىلــەن قىشلىق
كۆكتات سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلىق تاۋار سېتىپ بېرىلدى.
ئومۇمەن كۆكتات، قوي يۇڭى تېۋىتى، قوي يۇڭى، توشــ
قان يۇڭى سېتىپ بەرگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە مۇكاــ
پاتلىق پاختا رەخت، شېكــەر، خۇرۇم ئــاياق ۋە تاۋارــ
دۇردۇن سېتىپ بېرىلىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۆكــ
تات ۋە چارۋا مەھسۇلاتــلىرىنى سېتىپ بېرىش ئــاكتىپــ
لىقى قوزغىتىلدى. 1962 ـ يىلــدىن 1964 ـ يىلغىچــە،
ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ھەرىكىتــى داۋامــلىــق
قانات يايدۇرۇلۇپ، مــەبلەغ بــاشــقۇرۇش ئــەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىقتىسادىي ھېسابات كــۈچەيتىلىپ،
مالىيە ئىنتىزامى چىڭىتىلدى، چىقىمنى تېجەپ كىرىمنى
ئاشۇرۇش چىڭ تۇتۇلۇپ، زىيان تارتىش پايدا ئېلىشقا
ئۆزگەرتىلدى. 1963 ـ يىلى، ئەمەلىي زىيان زور ھەجىمــ
دە ئازايدى. 1962 ـ يىلى بېلەتلىك تەمىنلــەنگەن 22
خىل تاۋار گۆش، شېكەر ۋە بىر قىسىم تــاماكــا، چــاي
قاتارلىق 7 خىلغا ئازايدى، بازارنى تــەمىنــلەش زور
دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1964 ـ يىلى تاۋارلارنى بېلەتــ

تىن بۇيان كۆرمىگەن تونۇر كاۋپى ۋە ئىستىمالچىلار بەك
ياخشى كۆرىدىغان دۇفۇ قېتىقى قايتىدىن بازارغا سې-
لىندى. 1980 - يىلى، ياخشى تاماكا، ياخشى هاراق
سەل جىددى بولغان ۋە قوي - كالا گۆشى يەنىلا
بىلەتلىك تەمىنلىگەندىن باشقا، قالغانلىرى پۈتۈنلەي
ئاشكارا سېتىلدى، 16 مىڭ 269 تونىنا چوشقا گۆشى سېتى-
لىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەربىر كىشىگە ھەرئايدا تەمىنى-
لەپ بېرىلىۋاتقان يېرىم كىلو قوي - كالا گۆشى بىر كى-
لوغا كۆپەيتىلدى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلى-
دىغان مىللەتلەرگە ھېيتلىق 6471 تۇياق قوي تەمىنلەپ
بېرىلدى. بۇ، 15 يىلدىن بۇيان ئەڭ ياخشى بولغان بىر
يىل بولدى. 1981 - يىلى، شېكەر، چوشقا گۆشى داۋام-
لىق ئاشكارا سېتىلدى. 1982 - يىلى، 8197 تونىنا قوي-
كالا گۆشى سېتىۋېلىنىپ، پىلان 49.8% ئاشۇرۇپ ئورۇن-
لىنىپ، 1981 - يىلىنىڭكىدىن 1.2%، چوشقا گۆشىدىن
1197تونىنا سېتىۋېلىنىپ، 1981- يىلىنىڭكىدىن 87.1% ئاش-
تى. 1983 - يىلى، 20 مىڭ 514 چوشقا سېتىۋېلى-
نىپ پىلان بىر يىرىم ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى، 20
مىڭ 470 چوشقا سويۇلۇپ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەڭ
يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1984 - يىلى، تۇخۇم قىس-
مەزگىلدە تۇخۇم بىلەن تەمىنلەش ھەرقانداق يىلىنىڭكى-
دىن ياخشى بولدى. تۇخۇم سېتىۋېلىشتا ئىچكىرى جاي-

يىسۋىلەك تەمىنلەپ بېرىلدى. تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى گۆش بېلىتىگە سېتىپ بېرىلدى. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىك ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ، خەلق تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتتى.

1976 - يىل 10 - ئايدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان، بولۇپمۇ 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش توغرا فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن شەھىرىمىزنىڭ 2 - سودا خىزمىتىدە بىر قەدەر چوڭ تەرەققىياتلار بولدى. 1978 - يىلى، ئالدى بىلەن قىشلىق كۆكتات سېتىۋېلىش - توشۇشتا 4 بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بىرلەشمە جەڭ ئۇيۇشتۇرۇلدى. جەمئىي 109 مىڭ 700 تونىنا ھەر خىل كۆكتات توشۇپ كېلىنىپ، شەھەر ئاھالىسىغا قىشلىق كۆكتات تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيان، ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان پۇل بولسىمۇ تاماق سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قىيىن ۋەزىيەت نوقتىلىق ھەل قىلىندى. شۇ يىلى، گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى، شېكەر، سۈت سېتىۋېلىپ تەمىنلەشتە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، يېمەك - ئىچمەك كەسپى ناھايىتى تېز گۈللەندى. ئۇزاق-

تىپكە سىلىنىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

«كارخانىلارنى بىر ئىككە كەلتۈرۈپ بەك ئۆلۈك باشقۇرۇۋېتىدىغان» مەمۇرىي ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەنگە هوقۇق بېرىلىپ، كارخانا بىلەن مەمۇرىيەت ئايرىۋېتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. 1980 ـ يىلى، كارخانىلارغا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقى بېرىش نۇقتىدا سىناق قىلىندى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كارخانىلارغا پىلان تۈزۈش، مال كىرگۈزۈشنى كېڭەيتىش، تىجارەتنى جانلاندۇرۇش، مال باهاسىنى باشقۇرۇش، پايدىدىن نىسبەت قالدۇرۇش، كادىر باشقۇرۇش، مۇكاپات تارقىتىش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش قاتارلىق 8 جەھەتتە هوقۇق بېرىلىپ كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە ئوبوروتنى جانلاندۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. تۆۋەنگە هوقۇق بېرىش، ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر يىللىق ئەمەلىيەتتە كارخانىلاردا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش هوقۇقى بار بولسا، كارخانا ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم هاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بىرىنچى تۈركۈمدە تۆۋەنگە هوقۇق بېرىش بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان خۇڭچۇنيۈەن ئاشخانىسى، يېڭى كۆۋرۈك ئاشپەز يېتىشتۈرۈش ئاشخانىسى، مۇسۇلمانلار 1 ـ ئاشخانىسى، خەلق مېهمانخانىسى، ئاممىۋى مېهمانخانا

لاردىن يۆتكەپ كېلىشنى ئاساس قىلىش ئۆزجايىمدىن سىپتىشلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1553 تونناسىپتىشلىندى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە سىپتىشلىش مىقدارى 1983 ـ يىلدىكى 3.5% تىن 61% كە يەتتى. 1985 ـ يىلى تەمىنلەپ بېرىلگەن قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ تۈرى كۆپ، بازار ئاۋاتلاشقان بولۇپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى. شۇيىلى، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە 2817 توننا تۇخۇم سىپتىشلىنىپ ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئىچكىرى جايلاردىن تۇخۇم يۆتكەپ كېلىنىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، شۇ يىلى سىپتىشلىنغان سۈت مىقدارىدا تۇنجى قېتىم 10 مىڭ توننا ئۆتكىلىدىن بۆسۈپ ئۆتتى.

سودا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، 1980 ـ يىلى، كادىرلارنى «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلى، كەسپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش» تەلىپى بويىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى تولۇقلاندى ۋە تەڭشەلدى. 1982 ـ يىلى، 15 كارخانا بىرىنچى تۈركۈمدە تەرتىپكە سېلىنىدىغان كارخانا، 1983 ـ يىلى، 24 كارخانا ئۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىنىدىغان كارخانا قىلىندى. 1984 ـ يىلى، 67 كارخانا داۋاملىق تەرتىپكە سېلىندى، 1985 ـ يىلى، بارلىق كارخانىلار تەر-

مسىدىكى بارلىق كارخانىلار زىيان تارتىدىغان ئورۇنلارنى تۈنجى قېتىم تۈگىتىپ ھەممىسىنى پايدا ئالىدىغان قىلدى. 1985 - يىلى، سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلۇقتا ھەم توغرا لىنىيىگە يۈزلەنگەن، سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئىچكى قىسىمدا بىرلەشكەن، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى. ئىدارە بويىچە يىللىق پايدىسى 150 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان 186 دۇكان، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكى كىچىك تىپلىق كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە «ئۆزگەرتىش، ئۆتنۈپ بېرىش، ئىجارىگە بېرىش» ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 150 دۇكاندا «دۆلەتكە تەۋە بولۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش، بەلگىلىمە بويىچە باج تاپشۇرۇش، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش» چارىسى يولغا قويۇلدى، 36 دۇكان شەخسكە ئىجارىگە بېرىلدى. باشقۇرۇش تىپىدىكى 11 مەركىزىي دۇكان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىدارە سېستېمىسىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق كارخانا سودا باشقۇرۇشىدىكى سانائەت، توپ تارقىتىش كارخانىسىدا 3 دەرىجىلىك ھېسابات، نىشانلىق باشقۇرۇش، مەھسۇلاتقا قاراپ ھەق بېرىش، ئىچكى قىسىمدا ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تىيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى باشلامچى بولۇپ 37 تۈر بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ باردى، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات تەج-

قاتارلىق 5 كارخانىنىڭ شۇ يىلدىكى تىجارەت ۋەزىپىسى پىلاندىن 31% ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، 1979 ـ يىلىنىڭكىدىن 20% ئاشتى.

كارخانىلارغا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش ئاساسىدا، 1982 ـ يىلى، ھەر خىل شەكىلدىكى كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىنىڭ ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئاشتى. يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىلىرىنىڭ كىرىمى 1981 ـ يىلىنىڭكىدىن 6.4%، پايدىسى 54% ئېشىپ، چىقىمى 1.3% تۆۋەنلىدى. بۇرۇن ئۇدا زىيان تارتىپ كەلگەن 5 دۇكان ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى پايدا ئالىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى، ئىدارىلارغا قاراشلىق بارلىق كارخانىلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، يىلىغا 150 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پايدا ئالىدىغان كارخانىلاردا كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يىللىق پايدىسى 150 مىڭ يۈەنگە يەتمەيدىغان سودا پارچە سېتىش ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىدىكى دۇكانلارنى ھۆددىگە بېرىش، ئۆتنۈپ بېرىش، شەخسلەرنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىشتەك ئۈچ خىل شەكىلدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى، ئىدارە سېستىم-

تات تىجارەتچىلىرى كۆكتاتنى توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1953 - يىلى، 265 كۆكتات تىجارەتچىسى بار ئىدى. بۇنىڭ 129ى مۇقىم ئورۇندا، 136سى سەييارە يۈرۈپ كۆكتات ساتاتتى. شۇ يىلى 4 - پەسىلدە، شەھەرلىك ئىستېمال كوپىراتىپى كۆكتات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ توپ تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتىدە، خۇسۇسىي سودىگەرلەر 99% تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، كوپىراتىپ 1% كىمۇ يەتمەيتتى. 1954 - يىلى كوپىراتىپلار توپ تارقىتىش بازىسىنى ئاكتىپ ئىگىلەپ، شۇ يىلى دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ توپ تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش نىسبىتىدە: كوپىراتىپ 10.7% نى، خۇسۇسىي تىجارەت 89.3% نى ئىگىلىدى، 1955 - يىلى بىرىنچى پەسىلدە، كوپىراتىپلار 34.36% نى، خۇسۇسىي تىجارەت 65.64% نى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى، شەھەر ئەتراپىدىكى كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 150 مو، مەھسۇلاتى 18 مىڭ 697 توننا بولۇپ، مىقدارى يېتەرلىك، باھاسى مۇقىم بولدى، كىشى بېشىغا كۈنىگە 0.61 كىلودىن توغرا كەلدى. 1956 -يىل 1 - ئايدا، خۇسۇسىي سودا - سانائەتتە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلدى، 73 ئولتۇراقلىق تىجارەتچىدىن پاي، ئۆسۈم، ئىش ھەققىدىن ئىبارەت «3 نى بىرىكتۈرۈش» كە ياتىدىغان 11 ئائىلە دۆلەت بىلەن خۇ-

ۋىبىسى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەرىپىدىن مۇئەيـيەنلەشتۇرۇلۇپ ۋە تەقدىرلىنىپ شەھەر بويىچە كېڭەيتىلدى.

1985 ـ يىلدىكى ئىسلاھات ئارقىلىق پۇتكۇل ئىدارىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش قىياپىتى ئومۇميۈزلۈك يېڭىلاندى. تىجارەت كىرىمى ئېشىپ، چىقىمى ئازىيىپ پايدىسى كۆپەيدى، شەھەرنى تەمىنلەش تېخىمۇ مول بولدى.

## مەخسۇس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ئەھۋالى

### 1. كۆكتاتچىلىق كەسپى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆكتاتنىڭ بىر قىسمىنى كۆكتات ئېلىپ ساتارلىرى ساتقاندىن سىرت، كۆپ قىسمىنى كۆكتاتچى دېھقانلار ئۆزلىرى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ساتاتتى، ھېچكىم باشقۇرمايتتى، باجمۇ ئېلىنمايتتى.

1949 ـ يىلى، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى رايونلاردا 11 مىڭ 467 مو كۆكتات ئېتىزى بار بولۇپ، مو بېشىدىن ئېلىنىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات 536 كىلوغا يېتەتتى. 1949 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە، كۆك-

جولدى. قشلىق كۆكتات سېتىۋېلىشتا مۇكاپاتلىق سېتىپ بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، كۆكتاتنىڭ شەھەرگە ئېلىپ كىرىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. كۆكتاتچى دېھقانلار بىلەن سودا ئىككى تەرەپ كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش توختىمى ئىمزالاپ، ئارتۇق مەھسۇلاتنىمۇ سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. 1966 ـ يىلى، بازارغا سېلىنغان كۆكتات 71 مىڭ 482 توننىغا يەتتى، تۈرى تولۇق، سۈپىتى ياخشى، يېتەرلىك بولۇپ ئامما رازى بولدى، كۆكتات بىلەن تەمىنلەش كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 1966 ـ يىلى، شەھەر بويىچە كىشى بېشىغا كۈندە 386 گىرامدىن توغرا كەلگەن بولسا، 1970 ـ يىلى 245 گىرامغا چۈشۈپ قالدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلاندى. 1985 ـ يىلى شەھەر بويىچە كۆكتات پارچە سېتىش تورى 117 گە (بۇنىڭ ئىچىدە 71 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دۇكان، 19 كوپېراتىپ، 27 قوشۇمچە تىجارەت تورى بار)، يەككە تىجارەتچى 800 گە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 11 كۆكتات توپ تارقىتىش سودا بازىرى كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ ئەركىن سودا قىلىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. شۇ يىلى،

سۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى 5 دۇكان بولۇپ قۇرۇلدى.
1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شەھەرلىك كۆكتات شىركىتى قۇرۇلۇپ دۆلەپ كۆكتات تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان يېڭى دەۋر باشلاندى، كۆكتاتنىڭ كېلىشىم باھاغا رەھبەرلىك قىلىپ، توپ تارقىتىش كەسپىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىنىشكىسىز سودا ـ سېتىقنى ئەمەلدىن قالدۇردى.
1958 ـ يىلى، كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەت ئىگىلىكى كۆكتاتنى «ھۆددىگە ئېلىپ سېتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى. لېكىن ئادەتتىكى كۆكتات كۆپىيىپ، ياخشى كۆكتات ئازلاپ كەتتى، سۈپىتىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. 1961 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە، «سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىش» سىياسىتى «چوڭ جەھەتتىن باشقۇرۇپ، ئۇششاق تەرەپلەرنى جانلاندۇرۇش، باشقۇرۇش بىلەن قويۇۋېتىشنى بىرلەشتۈرۈش، باشقۇرغاندىمۇ ئۆلۈك باشقۇرۇۋەتمەسلىك، جانلاندۇرغاندىمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتمەسلىك» تەك باشقۇرۇش چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 15 كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە بازىرى ئېچىۋېتىلىپ، ئىشلەپچىقارغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئىككى تەرەپ باھادا ئىختىيارىي كېلىشىدىغان بولدى. شەھەردىن يىراقراق رايونلاردىن شەھەرگە كۆكتات ئېلىپ كىرگەنلەر 10% قوشۇمچە ھەققىنى بەھرىمەن

سىرتىدىكى لۇڭۋاڭمياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئالدى ئەڭ چوڭ كالا، قوي گۆشى بازىرى بولۇپ، 20 گە يېقىن قاساپ قول ھارۋىسىدا گۆش ساتاتتى. ئادەتتە ھەممىسى دېگۇدەك لوق گۆش بولۇپ، ئۇستىخانلىق گۆش ئاز ئۇچرايتتى. قاساپلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار، ئۇندىن قالسا خۇيزۇلار، خەنزۇلار ئىدى. خەنزۇلار ساتقان كالا، قوي گۆشى قۇشخانىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قاساپلار تەرىپىدىن بىر تۇتاش سويۇلۇپ تەييارلىناتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 - يىلى، خەلق ھۆكۈمىتى چارۋا مال سودىگەرلىرىنى، قاساپلارنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ چارۋا مال، سويىغى سېتىۋېلىپ شەھەرنى تەمىنلەشكە تەشكىللەپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغانىدى.

1952 - يىلى، خۇسۇسىي سودا - سانائەت ساھەسىدىكى «5 كە قارشى» ھەرىكەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شەھەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا شىركىتى گۆش دۇكىنىدىن بىرنى تەسىس قىلىپ، شۇ يىلى 20 نەچچە توننا كالا، قوي گۆشى ساتتى. 1953 - يىل 4 - ئايدا، گۆش دۇكانلىرى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن يىلدا سېتىلغان گۆش مىقدارى بازاردا سېتىلغان ئومۇمىي گۆش مىقدارىنىڭ %36.87 ىنى ئىگىلىدى. 1954 - يىلى، شەھەرنى 1723 توننا گۆش

شەھەر بويىچە بازارغا ئېلىپ كىرىلگەن كۆكتات مىقدارى 154 مىڭ 382 توننىغا يېتىپ، كىشى بېشىغا كۈنىگە 450 گىرامدىن توغرا كەلدى. كۆكتات بازىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئاشتى. سودىنىڭ پارچە سېتىش پايدىسى 1984 - يىلنىڭكىدىن %64.7، سانائەتنىڭ پايدىسى 1984 - يىلنىڭكىدىن %17.6 ئېشىپ، شۇ يىلى شەھەرلىك 2 - سودا ئىدارىسى سېستىمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

## 2. گۆش

ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە چارۋا مال سودىگەرلىرى، قاسساپلار گۆش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. گۆش تۈرى، سېتىلىش مىقدارى بويىچە ئېيتقاندا كالا، قوي گۆشى بىرىنچى ئورۇندا، چوشقا گۆشى ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. توخۇم، ئۆي قۇشلىرى ئاز، سۇ مەھسۇلاتلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت قىش پەسلىدىلا ئاز مىقداردىكى بېلىق بازارغا سېلىناتتى.

1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە، شەھەر بويىچە تەخمىنەن 300چە قاسساپ كالا، قوي گۆشى ساتاتتى. ئۇلار نەنگۇەن، دۆڭ كۈۋرۈك سەيشىنلۇ، نەنمېن ئىچى، شياۋشىمېن، سەنجاۋدى، چوڭ كۆۋرۈك، دۆلەت قورۇش يولى، بېيمېن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. داشىمېننىڭ

يىلى 23.66 كىلوغا يەتتى.

1958 - يىلدىن باشلاپ گۆش بىلەن تەمىنلەش يىلمۇ-يىل جىددىي بولدى. 1959 - يىلى 1 - مايدىن باشلاپ گۆشنى نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، ئاھالىلەرگە جان سانىغا قاراپ ھەر ئايدا ئاشلىق كىنىشكىسى بويىچە بىر كىلودىن گۆش تەمىنلەپ بېرىلدى. 1960 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يېرىم كىلوغا ئۆزگەرتىلدى. ئاھالىلەرگە يىللىق كىشى بېشىغا تەمىنلەپ بېرىلىدىغان گۆش مىقدارى يىلمۇ-يىل ئازايدى. 1958 - يىلى، 10.3 كىلو، 1959 - 11.44 كىلو، 1960 - يىلى 8.5 كىلو، 1961 - يىلى 6 كىلوغا چۈشۈپ قالدى.

1962 - يىلى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، گۆش بىلەن تەمىنلەش ياخشىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىلى، شەھەرلىك يېمەكلىك شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1962- ۋە 1963 - يىللىرىدىكى چوڭ بايراملاردا تەمىنلەش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ھەر بىر كىشىگە 250 گرامدىن 700 گرامغىچە گۆش كۆپەيتىلىپ بېرىلدى. 1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ گۆش بىلەن تەمىنلەش قويۇۋېتىلدى، 1966 - يىلى كىشى بېشىغا تەمىنلەنگەن گۆش مىقدارى 15 كىلوغا يەتتى. 1962 - يىل، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلانغاندىن تارتىپ 1966 - يىل 5 - ئايغىچە، بازاردا

بىلەن تەمىنلىدى. بۇ، پۈتۈن شەھەردە سېتىلغان ئومۇ-
مىي گۆش مىقدارىنىڭ 59.71% نى ئىگىلىدى. 1955 -
يىلى، پۈتۈن شەھەرنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجى تەپ-
سىلىي تەكشۈرۈلۈپ، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى كۈنىگە
8200 كىلو گۆشكە ئېھتىياج ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ، بۇنىڭ
بىلەن گۆش سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانى تۈزۈلدى. شۇ
يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدە 2457 توننا گۆش سېتىلدى، بۇ
بازاردا سېتىلغان ئومۇمىي گۆش مىقدارىنىڭ 85% نى
ئىگىلىدى. 1956 - يىلى، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى
سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ئەگىشىپ، 3 - ئاينىڭ 15-
كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.
1957 - يىل 3 - ئايدا، 500 توننا زاپاس ساقلىغىلى بولىدىغان
توڭ ئىسكىلات پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى.
1958 - يىل 2 - ئايدا، شەھەرلىك يېمەكلىك شىركىتى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كارخانا بىلەن مەمۇرىيەت بىر
گەۋدە قىلىنغان شەھەرلىك مۇلازىمەت ئىدارىسىغا
قوشۇۋېتىلدى. گۆش دۇكىنى قۇرۇلۇپ تاكى شەھەرلىك
يېمەكلىك شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغىچە بولغان 4
يىل ئارىلىقتا، بازارنى گۆش بىلەن تەمىنلەش يېتەر-
لىك، مال مەنبەئى تولۇق بولۇپ، ھەر يىلى قۇربان
ھېيتتا تىرىك قوي تەمىنلەپ بېرىلدى. 1954 - يىلى،
ھەر بىر كىشى ئوتتۇرىچە ئىستېمال قىلغان گۆش مىقدا-
رى 20.7 كىلو، 1955 - ۋە 1956 - يىللىرى 21 كىلو، 1957-

غا قويۇلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەمىنلەپ بېرىلى-
دىغان كالا، قوي گۆشى بىر كىلوغا يەتكۈزۈلدى. 1984-
يىلى ئۈرۈمچى تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزىنى تەمىن-
لەپ، ئىچكىرى جايلاردىن تۇخۇم يۆتكەپ كېلىدىغان
تارىخقا خاتىمە بەردى. ئاھالىلاردىن ھەر بىر كىشىي-
لىغا تەمىنلەنگەن گۆش مىقدارى: 1977 - يىلى 8.5 كى-
لو، 1980 - يىلى 15 كىلو، 1985 - يىلى 25 كىلودىن
كۆپرەككە يەتتى. قۇربان ھېيتتا تىرىك قوي تەمىنلەش
1980 - يىلىدىكى 5 مىڭ تۇياقتىن 1985 - يىلىدىكى 10
مىڭ تۇياققا كۆپەيدى. 1984 - يىلىدىن باشلاپ، كالا،
قوي گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنگەن موڭغۇل، شىبە، داغۇر،
روس قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ كالا، قوي
گۆشى بېلەتتە تارقىتىپ بېرىلدى. شۇيىلى سېتىلغان ھەر
خىل گۆش مىقدارى 23 مىڭ 500 توننىغا يېتىپ، 1977 -
يىلىنىڭكىدىن 114% ئاشتى. بۇنىڭ 9416 توننىسى كالا،
قوي گۆشى بولۇپ 425% ئاشتى.

### 3. سۈتچىلىك

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، سۈتچىلىك بىلەن شۇغۇل-
لىنىدىغانلار پۈتۈنلەي يەككە تىجارەتچىلەر ئىدى. ئۆز-
لىرى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرى ساتاتتى. 1956 - يىلى،
خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

گۆش مەنبەئــى تولۇق، تۈرى كۆپ، بىــلەتسىز تەمىنلــ
ـگەن، باھاسى ئەرزان، ئامما رازى بولغان ياخشى ۋەـ
ـزىيەت بارلىققا كەلگەن ئىدى.

1966 ـ يىلى باشلىنىپ 10 يىل داۋاملاشقان «مەـ
ـدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا گۆش بىلەن تەمىنلەش خىزـ
ـمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1968 ـ يىلــدىن كېيىن،
گۆش يەنە نورمىلىق قىلىپ قويۇلدى. هــەر ئايدا، هەر
بىر كىشىگە تەمىنلەپ بېرىلىدىغان بىر كىلو گۆش 500
گرامغا، هەتتا 250 گرامغا چۈشۈپ قالدى. تۆي قۇشلىرى،
تۇخۇم، سۇ مەهسۇتلىرىنىمۇ گــۆش بېلىتى بىلەن تەمىنــ
ـلەش يولغا قويۇلدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتــلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋەزىــيەت بارغانسېرى ياخـ
ـشىلىنىشقا باشلىدى. سوددىدا تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش
ئارقىلىق بازاردا ئــاۋات، گۈلــلىنىش مەنزىرىسى بارـ
ـلىققا كەلدى. 1977 ـ يىلــدىــن 1979 ـ يىلغىچە، شەـ
ـهەر ئاهالىسى كىشى بېشىغا هەر ئايــدا 500 گرام گۆش
بىلەن تەمىنلەندى. چــوڭ بــايرام ـ هېيتلاردا بىر كىلو
كۆپەيتىپ بېرىلدى. قۇربان هېيتتا تىرىك قــوي تەمىنــ
ـلەپ بېرىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش
ئۈچۈن، مەركەز 1980 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ قوي
گــۆشىنى سىرتقا يۆتكىمەسلىكنى قــارار قىلدى. 1980 ـ
يىل 2 ـ ئايدا، چوشقا گۆشىنى بېلەتسىز تەمىنلەش يولـ

ـدا بىر توننىدىن سەل كۆپ بولدى، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. سۈت شىركىتى ئۇدا 6 يىل زىيان تارتتى، زىيان، ئىسراپچىلىق كىشىنى ھەيران قالدۇردى. 460 توننىدىن كۆپرەك سۈت ئېچىپ كېتىپ زىيان بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سۈت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش زور ھەجىمدە ئاشتى، ئوتتۇرىچە ھەر يىلى 18.5% ئېشىپ، تىجارەت ئۇنۇمى جەھەتتە تارىختىكى ئەڭ ياخشى رېكورت يارىتىلدى. 1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەر يېڭىلىنىپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ سېتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تەمىنلەشتىكى تەكشىلىك ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى، زىيان تارتىش، ئىسراپچىلىق ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلدى. 1985 - يىلى، سۈت توشۇش يولى 83 لېنىيىگە كۆپەيدى. سۈتكە تىزىملاتقانلار 51 مىڭ ئائىلىگە كۆپىيىپ، ھەر كۈنى 30 توننىدىن كۆپرەك سۈت ئىستېمالچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 10 مىڭ 9 توننا سۈت سېتىۋېلىنىپ، 10 مىڭ توننا ئۆتكىلى تۇنجى قېتىم بېسىپ ئۆتۈلۈپ، تارىختا سۈت ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى. بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا 19 مىڭ 665 يۈەندىن توغرا كېلىپ، 1975 - يىلىنىڭكىگە

ۋاقتىدا سىغىن كالىسى بار 198 ئائىلە 7 سۈتچىلىك كو-پىراتىپى بولۇپ قۇرۇلدى. 3 يىللىق تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە، سۈتچىلىك كوپىراتىپى تارقىتىۋېتىلىپ سىيىر-لار شەخسلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. شۇ ۋاقىتتا شەھەر رايونىدا 115 ئائىلىنىڭ 170 سىيىرى بولۇپ، كۈنىگە 1500 كىلو سۈت بىلەن تەمىنلەيتتى. 1964 - يىلى، خەلق ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشى-لاندى. شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سۈت شىركىتى قۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كالا سۈتى تىجارىتى بىلەن شۇغۇل-لانغان يېڭى دەۋر باشلاندى. سۈت شىركىتى تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش 3 تەرەپتە سۈتچىلىك كەسپىنى باشقۇردى. شۇ يىلى، 936 توننا سۈت سېتىلدى. 1965 - يىلى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاندى. پۈتۈن يىلدا 1949 توننا سۈت سېتىلىپ، 1964 - يىلىدىكىگە قارىغاندا بىر ھەسسە ئاشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقى-لابى» مەزگىلىدىكى قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن سۈت بىلەن تەمىنلەش يىلمۇ - يىل ئازىيىپ كەتتى، تەمىن-لەشتە جىددىيلىك يۈز بەردى. 1975 - يىلى پۈتۈن يىل-دا 1820 توننا سۈت سېتىلىپ، سۈت شىركىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل 1965 - يىلدىكىدىن 102 توننا كەم بولدى. كۈنىگە سېتىلغان سۈت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.99 توننىدىن ئاشمىدى، ئەڭ ئاز بولغان ۋاقىتلىرى-

بولۇپ، بازار مەسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاۋاتلاشتى.
شەھىرىمىزنى پەۋقۇلئاددە چاي بازىرى دېيىشكە بولى-
دۇ. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە، شەھىرىمىزدە
چاي سودىگىرى شىلىڭخىڭماۋ چاي دۇكىنىدىن باشقا
يەنە كۆيچۈەن چاي دۇكىنى ۋە بەزى چاي بىلەن قو-
شۇمچە تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر بار ئىدى. 1950-
يىلى، خۇسۇسىي سودىگەرلەر 410 مىڭ تاختا قاراچاي،
1951 - يىلى 660 مىڭ تاختا قارا چاي ساتقان ئىدى.
1952 - يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شەھەرلىك سودا
شىركىتى 844 دەن ھەر خىل چاي ساتتى. 1956 - يى-
لى، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ شىلىڭخىڭماۋ چاي دۇ-
كىنى دۆلەت بىلەن خۇسۇسىي شېرىكچىلىكىدىكى چاي
دۇكىنى قىلىنىپ، چاي بازىرى سوتسىيالىستىك يولغا
باشلاندى. 1960 - يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا 400 مىڭ
كىلو چاي سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 0.6 كىلودىن توغرا
كەلدى. 1961 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە، بىلەتلىك
تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى، 6 مىليون 390
مىڭ كىلو چاي سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 5.5 كىلودىن
توغرا كېلىپ، تارىختا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن چاي
مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان سەۋىيە يارىتىلدى. ئازاد-
لىقنىڭ دەسلەپىدە، تاماكا (سىگارەت) پۈتۈنلەي ئىچكى-
رى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1950 - يىلى، ئۈ-
رۈمچىدە 26 مىڭ بولاق، 1951 - يىلى 140 مىڭ

قارىغاندا 3.3 ھەسسە ئېشىپ، 240 مىڭ يۈەن پايدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

#### 4. شېكەر، چاي، تاماكا، ھاراق، پېچىنە - پىرەنىك كەسپى

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، قەن - شېكەر ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىناتتى، ئاز قىسمى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1952 - يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا 420 توننا شېكەر سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 3 كىلودىن، 1955 - يىلى 1091 توننا سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 6.3 كىلودىن توغرا كەلدى. 1959 - يىل 6 - ئايدا، شېكەر نورمىلىق قىلىنىپ بېلەتلىك تەمىنلەش، 1961 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يۇقىرى باھالىق شېكەر بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 16-كۈنى، ھەرخىل شېكەر، كەنپىت بېلەتسىز تەمىنلەپ بېرىلدى. 1965 - يىلى، 3101 توننا شېكەر سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 5 كىلودىن توغرا كەلدى. 1977 - يىلى 18 مىڭ 899 توننا سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 19 كىلودىن توغرا كېلىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1980 - يىل 1 - ئايدا، شېكەر بېلەتسىز قىلىۋېتىلدى. شېكەر، كەنپىت يېتەرلىك، سۈپىتى ياخشى

يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا، 8 مىلىيون 410 مىڭ بولاقتا-
ماكا سېتىلىپ، كىشى بېشىغا 7.1 بولاقتىن توغرا كەلدى،
كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تاماكا مىقدارى ئەڭ كۆپ
بولغان 1955 - يىلىنىڭكىدىن 0.4 بولاق كەم بولۇپ،
تەمىنلەش ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلاندى. هاراق — ئۈ-
رۈمچىنىڭ ئەنئەنىۋى مەھسۇلاتى. 1950 - يىلى، ئۈرۈم-
چى شەھرىدە جەمئىي 18 ئورۇندا خۇسۇسىيلار هاراق ئىش-
لەپچىقىراتتى، شۇ يىلى 80 مىڭ جىڭ هاراق ئىشلەپ-
چىقىرىلغانىدى. شۇندىن كېيىن، ئاشلىق كۆپ ئىش-
لىتىلگەن، هاراق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى يېتىشمە-
گەنلىكتىن، 1951 - يىلى، پەقەت 9 ئورۇندىلا بىر يىل-
دا 56 مىڭ جىڭ هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. 1952 - يى-
لى، 3 ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ بىر يىلدا 180 مىڭ جىڭ
هاراق ئىشلەپچىقىرىلدى. 1955 - يىلى، شەھىرىمىزدە
690 مىڭ جىڭ هاراق سېتىلىپ، يىللىقا كىشى بېشىغا
3.3 كىلودىن توغرا كەلدى. 1956 - يىلى، كىنىشكا بو-
يىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1957 - ۋە 1958 - يىل-
لىرى، ھەرخىل هاراق زاۋۇتلىرى ئۆزى بىلگىنىچە ئىشلەپ-
چىقىرىپ سېتىقا چىقا بازار قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى.
1964 - يىلى، تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق بازار باش-
قۇرۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1975 - ۋە 1976 - يىل-
لىرىدىكى يېڭى يىل، دۆلەت بايرىمى، باھار بايرىمى،
قۇربان ھېيتتا ئاشلىق كىنىشكىسى بويىچە ھەر بىر ئا-

بولاق تاماكا سېتىلدى، 1952 - يىلى 310 مىڭ بولاق سېتىلىپ كىشى بېشىغا 2.3 بولاقتىن توغرا كەلدى.1955- يىلى، بىر مىليون 290 مىڭ بولاق تاماكا سېتىلىپ كىشى بېشىغا 7.5 بولاقتىن توغرا كەلدى. 1956 - يىلى، تاماكىنى بېلەتلىك تەمىنلەش، ئوبيېكتىغا قاراپ توپ تارقىتىش يولغا قويۇلۇپ، تاماكا تەمىنلەشتە جىددىيلىك يۈز بەردى. 1960 - يىل 8 - ئايدا، تاماكىنى چەكلىك مىقداردا تەقسىم قىلىش، تەمىنلەش چارىسىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1961 - يىل 10 - ئايدا، بېلەتلىك تەمىنلەش يولغا قويۇلۇپ، 1962 -يىلى، تاماكا تەمىنلەش ئۆلچىمى ئېلان قىلىندى. 1964- يىلى، تاماكىنىڭ كۆپ قىسمى بېلەتسىز قىلىنىپ، 1965- يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن باشلاپ تاماكا بېلىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ پۈتۈنلەي ئاشكارا تەمىنلىنىدىغان بولدى. شۇ يىلى، بىر مىليون 580 مىڭ بولاق تاماكا سېتىلىپ كىشى بېشىغا 2.9 بولاقتىن توغرا كەلدى.«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تاماكا تەمىنلەش ئەڭ نورماللىقسىز بولدى. 1975 - يىلى، يەنە بېلەت بىلەن چەكلىك مىقداردا تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.1976- يىل باھار بايرىمى ۋە دۆلەت بايرىمىدا، ھەر بىر ئائىلىگە بىر پاچكا A، 4 پاچكا B دەرىجىلىك تاماكا تەمىنلەپ بېرىلدى، 1981 - يىلى كىرگەندىن كېيىن، بېلەتلىك تەمىنلەپ بېرىلىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1985 -

ـمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1963 ــ يىلى، پېچىنىنىڭ باھاسى چۈـ شۈرۈلۈپ، ئاشلىق بىلىنتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاختاي باھاسىدىكى پېچىنە بازارغا سېلىنىدى، شۇ يىلى 7 ــ ئاي ـ نىڭ 27 ــ كۈنى، يۇقىرى باھالىق پېچىنە كەسپى ئاخىر ـ لاشتۇرۇلدى. 1965 ــ يىلى، پېچىنە بىلەتسىز تەمىنلەپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» مەزگىلىدە ئىشـ لەپچىقىرىش، سېتىش ئىنتايىن نورماللسىز بولدى. پارتىيە 11 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش كەسپى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى ۋە گۈللەندى. 1985 ــ يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا 3654 تونىنا پېچىنە ـ پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىلىپ، تارىختا ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلدى.

### 5. يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپى

ئازادلىقتىن كېيىن، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى خاراپلىشىشتىن گۈللىنىشكە قەدەم قويدى. 1952 ــ يىلى، «5 كە قارشى» ھەرىكەتتىن كېيىن، كۆـ لىمى چوڭراق بولغان خۇگۇچۇنيۈەن، جۇگيىگۈەن ئاشـ خانىلىرى ھۆكۈمەت پۇل قەرز بېرىپ يۆلىگەچكە تىجا ـ رىتىدى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1956 ــ يىلى، خۇسۇسىي سو ـ دا ـ سانائەت ساھەسىدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

ئېلىنگەبىر بوتۇلكا ئاق ھاراق تەمىنلەپ بېرىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر خىل ھاراق بىلەن تەمىنلەش كۆپ ياخشىلاندى. 1983 - يىلى، ئۇدا 23 يىل داۋاملاشقان ھەر خىل ھاراق مىقدارىنى چەكلەش، كىنىشكا بىلەتلىك تەمىنلەش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 1985 - يىلى، ئۈرۈمچى رايونىدا 15 مىڭ 440 توننا ھاراق سېتىلىپ، دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى، يىلىغا كىشى بېشىغا 13.2 كىلودىن توغرا كەلدى. پېچىنە - پىرەنىك كەسپى شەھىرىمىزدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن فوچۇەنيۇڭ، جى يىشىڭدىن ئىبارەت بىر نەچچىلا ئاتاغلىق دۇكان بار ئىدى. قالغانلىرى ئازادلىقتىن بۇرۇن دۇكاندىن پېچىنە - پىرەنىك پىشۇرۇش كارخانىسىغا تەرەققىي قىلغان كىچىك دۇكان ئىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پېچىنە - پىرەنىك زاۋۇتى يوق ئىدى. 1958 - يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر تۈركۈم پېچىنە - پىرەنىك زاۋۇتى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇ يىلى 1845 توننا، 1959 - يىلى 3300 توننا پېچىنە سېتىلدى. 1960 - يىلى، پېچىنە - پىرەنىككە ئاشلىق بېلىتى ئېلىش يولغا قويۇلدى. 7 - ئايدا، يۇقىرى باھالىق پېچىنە - پىرەنىك بازارغا سېلىندى. 1961 - يىلى، پېچىنە بېلىتى ھەم ئاشلىق بېلىتى بويىچە نورمىلىق تە-

كىرىم قىلىپ، 1965 ـ يىلىنىڭكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپ-رەك ئاشتى. مۇلازىمەت كەسپىدىكى ساراي، مېھمانخانا، مۇنچىخانا، ساتىراچخانا، ۋاكالىتەن سېتىش، رەسىم تارتىش ۋە تامغا ئويۇش كەسىپلىرىنىڭ تىجارىتىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1979-يىلىدىن 1985 ـ يىلغىچە، شەھەرگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خۇڭچۈەنيۈەن مېھمانخانىسى، خەلق مېھمانخانىسى، ئاممىۋى مېھمانخانا، قىزىل تاغ مۇنچىخانىسى (سارىيى)، ئىتتىپاق مېھمانخانىسىنىڭ ساراي بۆلۈمى، غالىبىيەت يول سارىيى، بوغدا كۆل سارىيى، ئۇرۇمچى سارىيى ۋە ئىتتىپاق سارىيى تەرتىپكە سېلىنىغان، زىننەتلەنگەن ياكى ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن تىجارەتنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي سارايلار تىجارەت قىلىش بىلەن شەھىرىمىزدە كۆپ يىلدىن بۇيان سارايغا چۈشۈش قىيىن مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى. شاۋشىزىدىن ئورۇن ئىگىلىگەن ھۆسىن تۈزەش ساتىراچخانىسى 1985 ـ يىلى ئالاھىدە دەرىجىلىك ساتىراچخانا قىلىپ بېكىتىلدى، يىللىق كىرىمى پۈتۈن مەركىزىي دۇكاندىكى 22 نۇقتا كىرىمىنىڭ 30% تىنى ئىگىلىدى. مۇنچا كەسپىدە 1981 ـ يىلى شىنىشىڭچۈەن مۇنچىسى قايتىدىن 3 قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغاندىن كېيىن تىجارەتنى باشلىدى. رەسىم تارتىش كەسپىدە، 1983 ـ يىلى، رەڭلىك تارتىش، چو-

يولغا قويۇلۇپ، 32 ئاشخانا دۆلەت خۇسۇسىيلار شىركەتچىلىكىدىكى تىجارەتكە قاتناشتى. ئۇششاق سودىگەرلەر، ئۇششاق ياپمىچىلار كوپىراتىپ بولۇپ تەشكىللەندى. 1955 - يىلى، جۇڭشەن يولىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇسۇلمانلار 1 - ئاشخانىسى، 1956 - يىلى، سەيشىنلو دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۇسۇلمانلار 2 - ئاشخانىسى تىجارەت باشلىدى. 1955 - يىلى، دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىركەتچىلىكىدىكى ئاممۇۋى مېھمانخانا پۈتۈپ تىجارەت باشلىدى. 1963 - يىلى، يۇقىرى باھالىق تاماق، قورۇما كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تاختاي باھاسىدا تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىلى، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يېمەك - ئىچمەك كەسپى ناھايىتى چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. تىجارەت كىرىمى يىلمۇ - يىل ئازلاپ كەتتى. 1969 - يىلى پۈتۈن يىلدا ئاران 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. بۇ، 1965 - يىلقى كىرىمنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ، خۇسۇسىي تىجارەتنى بىرلىكتە يۈكسەلدۈرۈش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن يېمەك - ئىچمەك كەسپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1985 - يىلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك كەسپى 13 مىليون 520 مىڭ يۈەن

لەپچىقىرىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ئىلغارلىقى، مەھسۇلاتىنىڭ كۆپ خىللىقى غايەت زور ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەھىرىمىز بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ زاۋۇتنىڭ پىچىنە، بولكا، پىرەنىك، قەن-گىزەك، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ياساشتىن ئىبارەت 5 خىل يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش سېخى بار. يىلىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 23 مىڭ 70 توننا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ زاۋۇتنى ئازادلىقتىن كېيىن، ئازادلىق ئارمىيەكىيىم-كېچەكلىرى، يېمەك-ئىچمىكىنى تېجەپ مەبلەغ توپلاپ قۇرغان، 1-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دەسلەپكى كۆلىمى بارلىققا كەلگەن. 1957-يىلى، 274 توننا پېچىنە ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1952-يىلىدىكىنىڭ 13 ھەسسىگە، 93 توننا بولكا ئىشلەپچىقىرىلىپ 1952-يىلىدىكىنىڭ 2 ھەسسىگە، 388 توننا پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1952-يىلىدىكىنىڭ 7 ھەسسىگە، 629 توننا قەن-گىزەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، 1952-يىلىدىكىنىڭ 19 ھەسسىگە تەڭ كەلىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى يېتىشمىگەنلىكتىن بىر قىسىم سېخلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلگەن مەزگىلدە، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ خىلى، تۈرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى،

ئايتىش ئۇسكۇنىسى كىرگۈزۈلۈپ، شەھەر ئىچىدە رە-
سىم تارتىش، كۆپەيتىپ يۇيۇش، چوڭايتىپ چىقىرىشتا
مەركەزلىك رول ئوينىدى. ۋاكالىتەن سىتىش كەسپى
بازاردا بار - يوقنى تەڭشەپ مەلۇم تۆھپە قوشتى،1985-
يىلى، 55 مىڭ 890 يۈەن ساپ پايدا ئېلىپ، مىللى كۆ-
رۈلۈپ باقمىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. تام-
غا ئويۇش كەسپى 1982 - يىلى بېيجىڭدىن پولات تام-
غا ئويۇش تېخنىكىسىنى كىرگۈزدى.1985 - يىلى،شەھەر-
گە قاراشلىق يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى تى-
جارىتىدە 23 مىليون 180 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىنىپ، پۈ-
تۈن يىلدا 2 مىليون 490 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. بۇ،
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان ئىقتىسادىي ئۈنۈمى
ئەڭ ياخشى بولغان بىر يىل بولدى.

### 6. يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى

1) پېچىنە، قەن - گېزەك، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى
ياساش كەسپى: تىيانشان يېمەكلىكلەر سانائىتى شىر-
كىتى 1985 - يىل 10 - ئايدا، ئەسلىدىكى تىيانشان
يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنى تايانچ قىلىش، ئەسلىدىكى مۇ-
سۇلمانلار پېچىنە زاۋۇتى، مۇسۇلمانلار قەن - گېزەك
زاۋۇتى ۋە پېچىنە 2 - زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىش ئاسا-
سىدا قۇرۇلدى. تىيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتىنىڭ ئىش-

نى ئېلىپ بېرىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت
ئۈز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇ-
لىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. كادىر تەكلىپ قىلىپ
مەسئۇلىيەتنى يۈكلەش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. شۇ يىلى،
ئۈرۈمچى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىنى تەرتىپكە
سېلىشتا ئىلغار ئۈلگە بولۇپ باھالاندى. ئىسلاھات
تەجرىبىسى شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت
تەرىپىدىن پۈتۈن شەھەرگە كېڭەيتىلدى. 1985 -
يىلغىچە، مەزكۇر زاۋۇت 2 مىليون 830 مىڭ يۈەنلىك
ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىگە ئىگە بولۇپ، ئىشلەپ
چىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1977 -
يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 9 يىل ئارىلىقتا،
1979 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 760 مىڭ
يۈەن بولغان، تېخى 10 مىليون يۈەنگە يەتمىگەنلىكىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان 8 يىلدىكى مەھسۇلات
قىممىتى ئۇدا 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولدى.
1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 9 يىل ئارىلىق-
تا، 1978 - ۋە 1979 - يىلى مۇشۇ ئىككى يىلدا ئوت-
تۇرىچە بىر مىليون 280 مىڭ يۈەن پايدا باج تاپشۇرغان،
1980 - يىلى بىر مىليون 330 مىڭ يۈەن پايدا، باج
تاپشۇرغان، لېكىن بىر مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتمە-
گەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان 6 يىلدا ئۇدا
ئاشتى. ھەر يىلى يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا بېجى

مەھسۇلات سۇپىتى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1965 - يىلى، بولكا، پىرەنىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشتى. پېچىنە، قەن - گېزەك مەھسۇلاتى ئاز ھەجىمدە كېمىيىپ سۈپىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1968 - يىلى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ئاران 2 مىڭ 530 يۈەن بولۇپ، 1966 - يىلنىڭكىنىڭ 4 تىن بىر قىسمىغا چۈشۈپ قالدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەزكۇر زاۋۇت ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىشتىكى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى. 1979 - يىلى، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1982 - يىلى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، 1983 - يىلى، ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش باسقۇچىغا كىردى، 1984 - يىلى، بىرىنچى قەدەمدە ئىسلاھ قىلىشنى يولغا قويۇپ زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش، پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى ئېنىق ئايرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، زاۋۇتنى ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىن ئىگىلىك باشقۇرۇش تىپىغا ئۆزگەرتتى. 1985 - يىلى، ئىككىنچى قەدەملىك ئىسلاھاتـ

ئۇنىدۇرمە، فىڭتاۋزى كەسپتىكى ئۇششاق سودىگەر-
لەر كوپىراتىپ بولۇپ قۇرۇلدى. 1958 - يىلى، دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى يۇرچاق يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىش-
لەش كارخانىسى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۇششاق سودىگەر-
لەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدە خىزمەت قىلىشقا
قوبۇل قىلىندى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ
تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يۇر-
چاق يېمەكلىكلەرنى ئىشلەش زاۋۇتى تېخنىكا يېڭىلاش
ئارقىلىق ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا
ئاشۇردى. 1981 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇدا 5 يىل پايدا
ئالدى، 1984 - يىلى، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش
ئارقىلىق زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا
قويۇلۇپ، زاۋۇتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشۇرۇلدى. 1985 -
يىلى، مەھسۇلات قىممىتى 956 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 60
مىڭ يۈەن پايدا ئالدى، بۇ ئايرىم - ئايرىم تۈردە
1981 - يىلىنىڭكىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپرەككە
تەڭ كېلىدۇ.

3) ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ: ئازادلىقتىن بۇرۇن، ئۈ-
رۈمچىدە ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان چوڭ -
كىچىك ئورۇندىن 50 نەچچىسى بار ئىدى. شۇ چاغدا،
بىيىمەندىكى گۇاڭشىڭجۈي جياڭيۇ ئىشلەش ئورنى چوڭ-
راق ئورۇن بولۇپ، ئېيىغا 15 توننا ئاچچىقسۇ، 10 تون-
نا جياڭيۇ ئىشلەپچىقىراتتى. بۇندىن باشقا يەنە خۇيزۇ

بىر مىليون 470 مىڭ يۈەندىن بىر مىليون 980 مىڭ يۈەنگىچە بولدى. 1977 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 9 يىل ئارىلىقتا، ئالدىنقى 4 يىلدىكى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا 8 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، كېيىنكى 5 يىلدا تېزكۆپىيىپ 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يېڭى نەتىجە.

تىيانشان يېمەكلىكلەر زاۋۇتى قۇرۇلغان 35 يىلدىن بۇيان، دۆلەتكە جەمئىي 39 مىليون 860 مىڭ يۈەن پايدا، باج تاپشۇردى. ھالبۇكى دۆلەت بۇ زاۋۇتقا جەمئىي 9 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا، باج دۆلەت سەرپ قىلغان مەبلەغنىڭ 4.2 ھەسسىسىگە تەڭ كېلىپ، دۆلەتكە غايەت زور بايلىق يارىتىپ بەردى.

1985 ـ يىلى، مۇسۇلمانلار پېچىنە زاۋۇتى 465 توننا پېچىنە، پېچىنە 2 ـ زاۋۇتى 496 توننا پېچىنە ئىشلەپچىقاردى. مۇسۇلمانلار قەنت ـ كېزەك زاۋۇتى 2 مىليون 960 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، 320 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىپ، ئۇدا نەچچە يىل ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى.

2) پۇرچاقتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر: ئازادلىقتىن كېيىن، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە، دۇفۇ،

كەسپى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان بىرەر زاۋۇت يوق ئىدى. 1984 - يىلى 8 - ئايدا كۆكتات پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا رەسمىي كىرىشتۈرۈلدى. شۇ يىلى، 23 خىل كۆكتاتتىن 114 توننا چىلىنىپ، شەھىرىمىز چىلىغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ئەھۋال ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى، 350 توننا چىلىغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىپ مەھسۇلات قىممىتى 400 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

5) ھەر خىل گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى:

ھەر خىل گۆش پىششىقلاپ ئىشلەشتە سوغۇق ساقلاش ئاساسىي كەسىپ قىلىنىدۇ. توڭ ئىسكىلاتى — ھەر خىل گۆش تاۋار ئوبوروتىدا «سۇ ئامبىرى» بولۇپ، بازارنى تەمىنلەشنى تەڭشەپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. 1957 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە، شەھەرگە قاراشلىق سودىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سىغىمچانلىقى 500، 4500، 3000 ۋە 5000 توننىلىق توڭ ئىسكىلاتى ياسالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەر خىل گۆش تۈرلىرىنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش 1 - زاۋۇتىغا تەۋە 500 ۋە 5000 توننىلىق توڭ ئىسكىلاتىدا چوشقا گۆشى ساقلىنىدۇ. گۆش تۈرلىرىنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش 2 - زاۋۇتىغا تەۋە 4500 ۋە 3000 توننىلىق توڭ ئىسكىلاتتا كالا، قوي گۆشى ساقلىنىدۇ. ھازىر، شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ توڭ ئىسكىلاتىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 13 مىڭ تون-

مايۇەنشىڭنىڭ نەنگۇەندە ئاچقان ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەش ئورنىمۇ بار ئىدى. 1955 - يىل 9 - ئايدا، فۇچۇەنيۇڭ، يىشىڭيۇڭ، جىيىشىڭ ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەش ئورنى ئاۋۋال دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى تىجارەتكە قاتناشتى. 1956 - يىلى يەنە، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەيدىغان 49 يەككە تىجارەتچىنىڭ دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى تىجارەتكە قاتنىشىشى بىلەن دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى داجۇڭ جياڭيۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى، شەھەر بويىچە دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ۋە شەھەر - بازارلارنىڭكى بولۇپ ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەش كارخانىسىدىن 20 نەچچىسى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى داجۇڭ جياڭيۇ زاۋۇتى، 1 - ئىيۇل جياڭيۇ زاۋۇتى ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ ئىشلەشتە پەن - تېخنىكىدىن پايدىلاندى، سۈپىتى ياخشى، مىقدارى كۆپ، تازىلىقى ياخشى بولۇپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى، شەھەر بويىچە 12 مىڭ توننا جياڭيۇ، 9656 توننا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆكتات شىركىتىگە قاراشلىق ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ زاۋۇتى 6 مىڭ 538 توننا جياڭيۇ، 5 مىڭ توننا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقاردى.

4) كۆكتات چىلاش: ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەزەلدىن كۆكتاتنى ئاچچىقسۇ، جياڭيۇغا چىلاش، ئاچاسەي ياساش

مي يىغمىندىن كېيىن، مەبلەغ سېلىپ قۇرۇلۇش قىلىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش ئارقىلىق، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىياپىتى يىلمۇ- يىل يېڭىلاندى. 1981 - يىلى، سۇنئىي دېڭىزپىيانى سىناق قىلىپ ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1985- يىلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوددىگە ئېلىنىپ، شۇ يىللا مەھسۇلات قىممىتى 776 مىڭ يۈەنگە يېتىپ زىيان تارتىش ئەھۋالى تۈگىتىلدى. شۇ يىلى، نەنجىڭ دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە يېڭى مەھسۇلات ئاشقازان دورىسى «ۋېيۇلېي»نى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئالاقىدار تارماقلار بۇ دورىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، دۆلەت بويىچە تۇنجى كەشپىيات دەپ قارىدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى ھەم 1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئىلغار پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى بېرىلدى.

7) سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى: بۇ زاۋۇت ئىلگىرى سۈت دېزىنفېكسىيە پونكىتى دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ كەسىپ دائىرىسى سېتىۋېلىنغان سۈتنى يۇقىرى ھارارەتتە دېزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈن شەھەرگە تارقىتىدىغان تۈگۈن ئىدى. 1981 - يىل 8 - ئايدا، نامى سۈت مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، كەسىپ دائىرىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭەيتىلدى. بۇ زاۋۇت كۈنسى

نا بولۇپ بۇ گۆش مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ئېھتىياجىنى تامامەن قاندۇردى. گۆش تۈرلىرىنى ئۇنىۋېرسال پىشىشقلاپ ئىشلەش 1 - زاۋۇتى — شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ كالا، قوي گۆشىنى توڭلىتىپ ساقلايدىغان ئەڭ چوڭ زاۋۇتى بولۇپ، بۇنىڭغا 7500 توننا گۆش سىغدۇرغىلى بولىدۇ. سېرىق خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر، ئىسكىلاتتا قوي، كالا گۆشى، توڭلىتىلغان بېلىق، ئۆي قۇشلىرى، تېز توڭلىتىلغان كۆكتات، قۇلماق قاتارلىق تاۋارلار ساقلىنىدۇ. 1984 - يىلى، 340 توننا 7 خىل كۆكتاتنى تېز توڭلىتىپ ساقلاشنى سىناق قىلىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە كۆكتاتلارنى تېز توڭلىتىش، زاپاس ھەم يېڭى پېتىچە ساقلاش جەھەتتىكى بوشلۇق تولدۇرۇلدى. 1985 - يىلى، قوبۇل قىلىش - چىقىرىش مىقدارى 13 مىڭ 173 تونىنغا يەتتى. گۆش تۈرلىرىنى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش 2 - زاۋۇتى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ بالدۇر سېلىنغان توڭ ئىسكىلات، 1985 - يىلى، قوبۇل قىلىش - چىقىرىش مىقدارى 24 مىڭ 916 تونىنغا يەتتى.

6) بىئوخىمىيىلىك دورا زاۋۇتى: 1959 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە، بۇ زاۋۇت ئىزچىل زىيان تارتىپ كەلگەنىدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇ-

پىدىكى شەھەر مەركىزىدىن تەخمىنەن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دالىغا سېلىنغان بولۇپ، بۇ جاينىڭ مۇھىتى گۈزەل، يېڭىدىن تىكىلگەن 40 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك كىشىگە ئارام بەخش ئېتىدىغان دەل - دەرەخ ۋە مېۋىلىك دەرەخ، 18 گۈللۈك، 6 مو چىملىق بولۇپ، باغ-بوستانلاشتۇرۇش نىسبىتى 67.5% كە يېتىدۇ.

## 2. جۇڭگو مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى

1955 - يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ، 1956 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ مېھمانخانا ئاساسەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى كۈتۈۋالىدۇ. 1983 - يىلى، مېھمانخانىنىڭ 3 قەۋەتلىك بىناسى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، ياتاقلىرى ئۆلچەملىك ياتاققا ئايلاندۇرۇلدى. 1984-يىل 5 - ئايدىن 1985 - يىل 9 - ئايغىچە، مۇشۇ مېھمانخانا قورۇسىغا يەر كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى 53.3 مېتىر كېلىدىغان 17 قەۋەتلىك مېھمان كۈتۈش بىناسى سېلىندى.

مېھمانخانا يېڭىلانغان ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن 600 كارىۋات ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1985 - يىلى جەمئىي 16 مىڭ 637 نەپەر مېھمان كۈتۈۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو مۇھاجىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداش، چەت ئەل تەۋەلىكىگە ئۆتكەن جۇڭگولۇقتىن 492 نەپەر، چەت ئەللىك مېھماندىن 2713 نەپەر بار.

گە 4 توننا سۈتنى پىششىقلايدىغان بىر سۈت پاراشوكى ماشىنىسى، كۈنىگە 30 توننا يېڭى سۈتنى بوتۇلكىغا قاچىلايدىغان بىر يۈرۈش لىنىيىنى يېڭىدىن سېتىۋالدى ھەم يىل بويى قېتىق، يازلىقى قېتىق چوكا مۇزى ياساپ كەلدى. قېتىق چوكا مۇزىنىڭ سۈپىتى مۇقىم، تەملىك بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونى بويىچە پۈرىقى مېزىلىك، توڭلىتىلغان ئىچىملىكنىڭ بىرى بولۇپقالدى. 1985 – يىلى سۈت سېتىۋېلىشتا 10 مىڭ توننا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، 463 توننا قېتىق، 3 مىليون 180 مىڭ تال قېتىق چوكا مۇزى، 21 توننا سۈت پاراشوكى ياساپ، پۈتۈن يىلدا 83 مىڭ 200 يۈەن پايدا ئالدى.

## ئازادلىقتىن كېيىن سېلىنغان ئاساسلىق مېھمانخانىلار

### 1. ئالىي مېھمانخانا

1956 – يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ، 1957 – يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. بۇ مېھمانخانىنىڭ مېھمان ياتىدىغان 11 بىناسى ۋە باشقا قوشۇمچە ئەسلىھەلىرى بار، يەر كۆلىمى ئاز كەم 30 مىڭ كۋادرات مېتر بولۇپ، 230 كارىۋىتى بار.

بۇ مېھمانخانا ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرەپ

ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئادىتىدىكى چەت ئەللىكلەرنى كۈتۈۋالالايدۇ. بۇنىدىن باشقا يەنە مۇلازىمەت بۆلۈمى، ساتراچخانا، كىرئالغۇ ماشىنىسى، پوچتا، ئايروپىلان بېلەتلىرى سېتىش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى بار بولۇپ، ساياھەتچىلەرگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلگەن.

### 5. شىنجاڭ مېھمانخانىسى

شىنجاڭ مېھمانخانىسى — ئاپتونوم رايوننىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى ۋە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش سودىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش خاراكتېرىدىكى كارخانا. بۇنىڭ ھەر خىل ئۆلچەمدىكى 600 دىن كۆپرەك كارىۋىتى، دەرىجىسى ۋە تەمپۇرىقى ئوخشاش بولمىغان 4 تاماق زالى بار. 1983 - يىل 1 - ئايدا تىجارەت باشلىغاندىن بۇيان، ئىسلاھات جەريانىدا يېڭىلىق يارىتىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ، ئاپتونوم رايون، شەھەر، سايباغ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار ئورۇن تەرىپىدىن كۆپ قېتىم «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى»، «باھا ئۆلچەمدە ئىشەنچلىك»، «ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «بىخەتەرلىك قوغداش»، «تازىلىقى پاكىز»، «پىلانلىق تۇغۇت» قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلغار ئورۇن دەپ نام

### 3. بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسى

بەيخۇاسۇن مېھمانخانىسى—شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ سىرتتىن ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش، مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا سېتىشنى كېڭەيتىش، توغرا لېنىيىلىك بىرلىشىشنى قانات يايدۇرۇشتىكى سودا كۆزنىكى بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ كۋادرات مېتىر، تىجارەت كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ساراي بۆلۈمى، ئاشخانا، سودا سارىيى قاتارلىق كەسىپلىرى بار. بۇ مېھمانخانا 1959-يىل 4-ئايدا سېلىنغان. 1982-يىلى، بۇرۇنقى جايىغا كېڭەيتىپ 9 قەۋەتلىك مېھمانخانا سېلىپ تىجارەت باشلىغان. ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىلىك ياتاق بولۇپ 600 كارىۋىتى بار. ھەر خىل يېمەك ۋە ئىچكى-تاشقى ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.

### 4. بۇغدا مېھمانخانىسى

بۇغدا مېھمانخانىسى 1984-يىل 5-ئايدا پۈتكەن. كۆرۈنۈشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئىچكى پەدەزلىرى سەلتەنەتلىك بولۇپ، ياتاقلىرى كىشىنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك ياتىقى. جۇڭگوچە، غەربچە تاماقلىنىش زالى ۋە مۇسۇلمانلار تاماقلىنىش زالى بار بولۇپ،

1952 - يىلى، دۆلەت پۇل قەرز بېرىپ يۆلىگەچكە 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىجارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1957 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتتى.

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خۇگچۇنيۇەندە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. دۆلەت پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن، پۇل قەرز بەرگەنلىكتىن 5 قەۋەتلىك چوڭ بىنا سېلىپ تىجارەت كۆلىمى 5688 كۋادرات مېترغا يەتتى، ئىچىدە جۇڭگوچە، غەربچە ئاشخانا ۋە ساراي بۆلۈمى بار. 1982 - يىلى، كارخانا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ئاساستا دېرېكتور سايلىدى، مېھمانخانىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش نىزامىنى يولغا قويدى. ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، شەھەر مالىيە - سودا سېپىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بۇ مېھمانخانىنىڭ ئالاھىدە ئاشپەزى لى جىنشىڭ كۆپ قېتىم شەھەر بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.

### 8. كوئېنلۇن مېھمانخانىسى

كوئېنلۇن مېھمانخانىسى 1958 - يىلى سېلىنىدى، ئوتتۇرا قىسمى 8 قەۋەت. 1984 - يىلى، يېڭىدىن

بېر ىلدى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سودا مىنىستىرلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك سودا سېستىمىسى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى، شەرەپ بىلەن سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئالتۇن قەدەھ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 6 . لۇگچۇەن مېھمانخانىسى

لۇگچۇەن مېھمانخانىسىنى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 9 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئىش باشقارمىسى سېلىپ، 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىجارەت باشلىغان. ئىككى تىجارەت بىناسى بار. تىجارەت كۆلىمى 9608 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. سارايبۆلۈمىنىڭ 150 ئېغىز ئۆيى بار بولۇپ 5 دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، يەنە 80 چە ئادەم سىغىدىغان مەجلىسخانىسى بار.

## 7. خۇگچۇنيۇەن مېھمانخانىسى

خۇگچۇنيۇەن مېھمانخانىسى ئازادلىقتىن بۇرۇن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سىچۇەنچە قورۇما، تاماق ئېتىدىغان ئاشخانا ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، «5 كە قارشى» ھەرىكەتتە يوشۇرغان باجنى تۆلىگەنلىكتىن داۋاملىق تىجارەت قىلىشقا مادارى يەتمەي تاقىلىپ قالغانىدى.

ئادەم سىغىدىغان مەجلىسخانا. بۇندىن باشقا كۆلىمى 1100 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ تاماق زالى بو-لۇپ مۇسۇلمانلار ۋە خەنزۇ ئاشخانىسىغا بۆلۈنگەن، بىرلا ۋاقىتتا 500 ئادەم تاماقلىنالايدۇ.

**10. تىيانشان مېھمانخانىسى**

تيانشان مېھمانخانىسى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە سېلىنغان، 1959-يىل 9 - ئايدا تىيانشان مېھمانخانىسى دەپ نام بېرىلگەن. بۇ مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، 130 ئېغىز ئۆلچەملىك ياتىقى، 330 كارىۋىتى، چوڭ، ئوتتۇرا ھال، كىچىك 3 مەجلىسخانىسى بار، 2 - قەۋىتىدە 600 كىشىلىكتىن كۆپرەك ئورۇندۇقى بار چوڭ زال. 1 - قەۋىتىدە جۇڭ-گوچە، غەربچە، مۇسۇلمانچە ئاشخانا، چوڭ - كىچىك 6 تاماقلىنىش زالى بار، يەنە تىجارەت ئاشخانىسى بار.

سىرتقى كۆرۈنۈشى ئىنتايىن چىرايلىق 13 قەۋەتلىك مېھمان كۈتۈش بىناسى سېلىندى. مېھمانخانىنىڭ 429 ئېغىز ئۆيى، 864 ئۆلچەملىك كارىۋىتى بار. كارىۋات كۆپەيتكەندە بىر مىڭ ئادەمنى كۈتۈۋالالايدۇ. كەڭ ـ ئازادە، يورۇق چوڭ زالىنىڭ كۆلىمى 948 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مېھمانلارنىڭ دەم ئېلىشى، سەيلە قىلىشىغا ئەپلىك.

مېھمانخانىنىڭ ئىچىدە 3 چوڭ تاماق زالى بار. مۇسۇلمانلار تاماق زالى ۋە خەنزۇلار تاماق زالىنىڭ ھەر بىرىدە، بىر ۋاقىتتا 500 ئادەم تاماق قىلالايدۇ. غەربچە تاماق زالى ئاساسەن چەت ئەللىكلەر ۋە شاڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ. بۇ مېھمانخانىنىڭ يېقىندىن بارلىققا كەلتۈرگەن «تۇرپان ئۈزۈمى پىشتى» دېگەن قۇرۇمىسىنىڭ ئۆزگىچە تەم ـ پۇرىقى بار.

### 9. قىزىل تاغ مېھمانخانىسى

قىزىلتاغ مېھمانخانىسى 1971 ـ يىلى قۇرۇلۇش باشلاپ، 1975 ـ يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. ئومۇمىي كۆلىمى 8713 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7700 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بىنانىڭ ئاساس قىسمى 5 قەۋەت. 12 يۈرۈش ئالىي ياتىقى بار، 5 ـ قەۋىتى 150

ۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىنىڭ قىياپىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاشقى دۈشمەن ياقۇپبەگ 1870 - يىلى ئۈرۈمچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تەپ تارتماستىن ھەر مىللەت خەلقىنى ئەبجىنىشلىق قىرغىن قىلغان، شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي ئارقا - ئارقىدىن قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ كۆپ قېتىم قانلىق جەڭ قىلغان، كېيىن ليۇجىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ياردىمى بىلەن 1876 - يىلى قىشتا، ياقۇپبەگ باندىتلىرى قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە قوشنا ناھىيە، بازارلار قايتۇرۇۋېلىنغان. بىراق كۆپ يىللىق ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇ قەلئەسى خانىۋايران قىلىنىپ، مانجۇ قەلئەسى تۈزلىۋېتىلگەن («شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىن ئېلىنىدى)، «مانجۇ، خەنزۇ ئىككى قەلئەدە خەنزۇ ۋە مەجرۇھلانغان خۇيزۇلاردىن ئاران نەچچە 10 لا ئادەم قالغان». («شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دىن ئېلىنىدى). ئۈرۈمچى «تۈزۈكرەك بىرەر ماكىنمۇ يوق، ئۇ تەرىپىدىن قارىسا بۇ تەرىپى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، شەھەر ئىچىنى ياۋا ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن شەھەر ئىدى»، ئېتىزلار چۆللىشىپ، دېھقانلار ئۆي - ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتكەن. بۇ، تاجاۋۇزچىلىق تارىخىدا ئاز كۆرۈلـ

# ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىدىكى زور ئۆزگىرىش

## لۇخە نىڭ

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 40 يىل مابەينىدە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەر ئەتراپىدا ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش بولدى.

بۇ ئۆزگىرىشلەرنى مۇنداق 6 نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ بايان قىلماقچىمەن. بۇ مېنىڭ دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا قىلغان سوۋغام بولۇپ قالسۇن.

### 1. تارىخىي كۆرۈنۈشلەر

1884 - يىلى، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە دىخۇا ناھىيىسىنى تەسىس قىلىپ، شەھەرگە يېقىن جايلارنىڭ مەمۇرىيىتى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق، چار-

## 2. باۋجالىق تۈزۈمى ① نى بىكار قىلىپ، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش

ئازادلىقتىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى (ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خەلق شات-خۇراملىق ئىلكىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باۋجالىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەر مىللەت، ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق رايونلۇق، يېزىلىق، خەلق ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدەك يېزىلاردا دېھقان (چارۋىچى)لار جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ دېھقان، چارۋىچىلار ئىتتىپاق قىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىش، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش، يېڭى جۇڭگونىڭ خوجىلىرىدىن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

بىراق، كونا جۇڭگونىڭ فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ تۈپەيلىدىن شەھەر ئەتراپلىرىدىكى يەرلەرنىڭ ئىگىلىنىشى نامۇۋاپىق، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلالمىغان

① باۋجالىق تۈزۈمى — ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ نوپۇس ئارقىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى.

گەن بالايى ـ ئاپەت ئىدى. شۇڭا، ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنى ئەمىن تاپ- قۇزۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ئۆكۈز ۋە دېھقانچىلىق سايمان- لىرى، ئۇرۇق قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بېرىپ ئۇلارنى قايتىدىن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈيۈشتۈردى. ھەرقايسى يېزىلارنىڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن «ھۆكۈ- مەت پۇل، ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش، پۇقرالار ياساش» ئۇسۇلىنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ دېھقان- چىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي ۋە گومىن- داڭ ھۆكۈمرانلىق قىلدى، 1949 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. بۇ چاغدا، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا 33 مىڭ 554 نوپۇس، پايدىلىنىش- قا بولىدىغان 900 مىڭ مو يەر بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە 196 مىڭ 700 مو يەرگە تۈرلۈك زىرائەتلەر تېرىلىپ شۇ يىلى 23 مىليون 728 مىڭ جىڭ ئاشلىق، 12 مىليون 290 مىڭ جىڭ ھەر خىل كۆكتات ئېلىنغان. چوڭ - كى- چىك چارۋا 110 مىڭ تۇياقتىن ئاشاتتى، ئەينى زامان- دا ئىقتىساد قالاق، مال باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كەت- كەن، يېزىلار خانىۋەيران بولۇپ كەتكەچكە، پۇق- رالار خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان.

ۋالدا، كەمەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە
ياللانما دېھقانلار ياشاش ئۈچۈن پومېشچىك ياكى باي
دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا، قەرزگە ئېلىشقا
ياكى ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارغا ئېغىر يەر
ئىجارىسى ياكى يۇقىرى ئۆسۈمنى تۆلەش ئۈچۈن ئۇ-
لارغا ھەقسىز ئىشلەش ياكى ياللىنىپ ئىشلەش قاتار-
لىق ئېچىنىشلىق ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغانلىقتىن ئىن-
تايىن ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرەتتى. فېئوداللىق ئېكس-
پىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ۋە پەرقلىق
ھالدا پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈ-
مىتى 1951 - يىل 11 - ئايدىن 1952 - يىل 3 - ئايغىچە،
شەھەر ئەتراپىدا (ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە
قاراشلىق ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).
ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرى-
كىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پومېشچىك ۋە زومىگەرلەر
ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئىگىلى-
ۋالغان 6892 دادەن ئاشلىق، 205 تۇياق چارۋا، 1221
مو يەرنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى 3199 ئائىلىلىك كەم-
بەغەل، ياللانما دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپ، كەمبەغەل،
ياللانما دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېزىلىش
ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئازابىنى دەسلەپكى قە-
دەمدە يەڭگىللىتىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

ئىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە: 311 پومېشچىك ئائىلىسى 291 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، كىشى بېشىغا 112.8 مو توغرا كەلگەن؛ يېرىم پومېشچىك ھېسابلىنىدىغان 8 ئائىلىلىك باي دېھقان 7362 مو تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، كىشى بېشىغا 112 مودىن توغرا كەلگەن؛ 206 باي دېھقان ئائىلىسى 75 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، كىشى بېشىغا 40 مودىن توغرا كەلگەن. ئەمدى 6211 ئائىلىلىك ئەمگەكچى دېھقانىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى تەخمىنەن 149 مىڭ مو بولۇپ كىشى بېشىغا 5.7 مودىن توغرا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يېقىن ئەتراپتىكى ئىتتىپاق، دېموكراتىيە، تىنچلىقتىن ئىبارەت 3 دېھقانچىلىق يېزىسىنىڭ ئىجارە كېمەيتىش ۋاقتىدىكى ئونىۋېرسال ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا: 262 ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا 8.7 مودىن، 199 كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا 3 مودىن، 83 ياللانما دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىشى بېشىغا 0.2 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن.

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلاردىن پومېشچىكلارنىڭ كىشى بېشىغا ئىگىلىۋالغان يېرى ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭكىدىن 14 ھەسسە، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭكىدىن 37.5 ھەسسە، ياللانما دېھقانلارنىڭكىدىن 564 ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ئەھ-

چىقىرىش قىزغىنلىقى ئېشىپ، دېھقانچىلىقتا ئىلغار رايونلارنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى پايدىلىنىش ئېھتىياجى كۆرۈلدى. 1952 - يىلدىن باشلاپ ئىچكىرىدىن تەۋرەنمە دەستىلىك ئۇرۇق سەپكۈچ كىرگۈزۈلۈشكە باشلاپ، «ئۇچۇملاپ ئۇرۇق چېچىش» تەك ئۇسۇل ئۆزگەرتىلدى. 1953 - يىلىغا بارغاندا، شەھەر ئەتراپلىرىدا تەۋرەنمە دەستىلىك ئۇرۇق سەپكۈچ 477 گە يېتىپ، كېيىنكى چاغلاردىكى 10 قۇرلۇق سىيالكىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئاساس يارىتىلدى.

1953 - يىلدىن باشلاپ، ئىككى چاقلىق ئىككى چىشلىق، ئىككى چاقلىق تاق چىشلىق سوقا ئومۇملىشىپ «بىر جۈپ كالا بىلەن يەر ھەيدەش» تەك كونا ئۇسۇلنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، ئات بىلەن سۆرۈلىدىغان ئورۇش ماشىنىسى، چاغلاش ماشىنىسى، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان كولتىۋاتور، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسى ئومۇملىشىشقا باشلاپ، تۆمۈر چاقلىق چوڭ ھارۋا، ئۇقۇرسىمان ھارۋا قاتارلىق كوناشەكىلدىكى دېھقانچىلىق ئۈسكۈنىلىرى شاللىۋېتىلدى. ئەينى يىللاردا يەنە، دېھقانچىلىق دورىلىرى ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش تەشۋىق قىلىنىپ، كېيىنكى چېكەتكە ئاپىتىنى تىزگىنلەش ۋە چېكەتكە يوقىتىشقا تېخنىكىۋى ئاساس سېلىندى.

1954 - يىلى، 4 زەنجىر تاپانلىق تراكتور شىمالىي

ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى.

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شۇنىڭغا ئۇلاپلا 1952-يىل 9 - ئايدىن 1953 - يىل 11 - ئايغىچە شەھەر ئەتراپىدا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى ماتېرىيالدا: يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدە 268 ئائىلىلىك پومېشچىك ئارتۇق ئىگىلىۋالغان 169 مىڭ 600 مويەر، 1440 باش ئات-ئۇلاق، 3835 ئېغىز ئۆي، 769 مىڭ 400 جىڭدىن ئارتۇقراق ئاشلىق، 7537 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى مۇسادىرە قىلىنىپ، 5517 ئائىلىلىك دېھقانغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنلىكى، ئەمگەكچى دېھقانلار ئەڭ كەم دېگەندىمۇ كىشى بېشىغا 10 مودىن يەرگە ئىگە قىلىنغانلىقى، بۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىشتىن ھەرمىللەت دېھقانلىرى چوڭقۇر ئىلھاملانغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ يىلى، شەھەر ئەتراپىدا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى 1950 - يىلىغا قارىغاندا 85 مىڭ مو ئارتۇق تېرىلىپ، ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 51 مىليون جىڭدىن ئېشىپ 1949 - يىلىدىكىدىن 2.18 ھەسسە ئاشقان.

## 3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئات - ئۇلاقنى يايلاققا قويۇۋېتىش

ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىدىكى ھەرمىللەت دېھقانلىرىنىڭ ئىشلەپ-

ئەگىشىپ، كالا ۋە ئات قاتارلىق قارا ماللار بارغانچە ئازلاپ كەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا: ئات - كالىلار تاغلىق رايونلارغا ئېلىپ كېتىلىپ كۆپەيتىلگەن ياكى سوت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلگەن.

## 4. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە يېڭى كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش

شەھەر ئەتراپىدا كۆكتات بىلەن ئاشلىق تېرىش، يااقا جايلاردا ئاشلىق، گۆش ئىشلەپچىقىرىش ئاساس قىلىنىپ، شەھەر قۇرۇلۇشىنى كۆكتات، گۆش، تۇخۇم، سوت يېمەكلىكلىرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسى تەدرىجىي ئايدىڭلىشىشقا باشلىدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلار 250 توننىدىن ئارتۇقراق كۆكتات ئىشلەپچىقىراتتى. بۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەسلا قاندۇرالمايتتى، 1962 - يىلى، 2100 توننا كۆكتات ئىشلەپچىقارغان بولسىمۇ يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ بالايى - ئاپەت ۋە خىزمەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن كۆكتاتچىلىق ئىشى تاشلاپ قويۇلدى، پەقەت «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا،

تەرەپتىكى ئەنەنچۈي رايونىدا ئىشقا كىرىشتى، كىشىلەر «تۆمۈر بوقا يەر ھەيدەيدىغان بولدى!» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. 1955 - يىلغا كەلگەندە كومبايىن، 24 قۇرلۇق ئۇرۇق چېچىش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار ئېتىز - ئېرىقلاردا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. كوپىراتسىيىلىشىش ئېقىمىنىڭ يۇقىرى دولقۇنىغا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1956 - يىلى يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش تېخىمۇ ئومۇملاشتى. شۇ يىلى ئۇرۇمچى ئەتراپىغا ئىككى چاقلىق، ئىككى چىشلىق سوقىدىن 400 ى كىرگۈزۈلدى. 1965 - يىلىغا كەلگەندە ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى تۈزلەڭ رايونلاردا ئۇلاق كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئاساسي جەھەتتىن ئومۇملاشتى.

شەھەرئەتراپىدىكى دېھقانلار 1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىن باشلاپ، تراكتور ۋە دېقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشقا باشلىغانىدى. كېيىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، 1985-يىلىغا كەلگەندە يېزا ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپلىق تراكتور 948 گە (774 ى يەككە لەرنىڭ) كىچىك تىپتىكى تراكتور 1207 گە (1151 ى يەككىلەرنىڭ) دېھقانچىلىققا ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل 819 گە (817 سى يەككىلەرنىڭ) يەتتى. دېھقانچىلىقتا ماشىنا، تراكتورلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا

بىلەن تەمىنلىگەن. ئەتىيازلىق كۆكتات 40 ـ 50 كۈن بۇرۇن بازارغا سېلىنغان، كۈزلۈك كۆكتات بىلەن تەمىنلەش ۋاقتى 30 كۈن ئۇزارغان، بۇنىڭ بىلەن 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا بازارغا يېڭى كۆكتات سېلىنىپ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان.

## 5. تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش

شەھەر ئەتراپىدىكى رايون، يېزىلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كوپېراتسىيىلىشىش، كوللېكتىپلىشىش يولىنى بېسىپ ئۆتتى. 1953 ـ يىلى، ئەتىيازدا، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ھەممىلا يەردە قۇرۇلدى، شۇ يىلى دېھقانلارنىڭ 75% ى ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا قاتناشتى، كېيىن باشلانغۇچ كوپېراتىپ، ئالىي كوپېراتىپقا ئايرىلدى. 1959 ـ يىلى كوللېكتىپلىشىشنى ئاشۇرۇپ، 11 خەلق كوللېكتىپى، 3 چارۋىچىلىق فېرمىسى قۇرۇلدى. كوپېراتسىيىلىشىش ۋە كوللېكتىپلىشىش يولىدا بەزى چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە زاۋۇت، كان ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سېتىۋېلىنىپ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىر ـ

كۆش، تۇخۇم ۋە كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى، تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن چىداۋان، ئەرگۈك، داۋان، دىئوپۇ يېزىسى، ئەنچۈي رايونى ۋە دۇگەن رايونىدىكى بىر قىسىم جايلاردا كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جەنۇبىي تەرەپتىكى قىسمەن يېزا – كەنتلەردە ياڭيۇ ئىشلەپچىقىرىش بازىسى، يۇگەنىڭ يېزىسىدا ياغلىقدان، سامساق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلدى. ئىلمىي ئۇسۇلدا كۆكتات تىكىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائال تەشۋىق قىلىنىپ، يەرنى ئاسراش قۇرۇلۇشى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ پارنىك، سۇلياۋ يوپۇق، مايسىغا سۇلياۋ يېپىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. 1988 – يىلىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، شەھەر ئەتراپىدىكى ئاسرالغان كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 16 مىڭ موغا، پارنىك 100 موغا، يەرلىك پارنىك 752.3 موغا، سۇلياۋ يوپۇق 464 موغا، قۇرۇتۇش ئېغىزى بىلەن سۇلياۋ يېپىلغان كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 13 مىڭ 647 موغا، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى 73 مىڭ 500 موغا يېتىپ، پۈتۈن يىلدا شەھەرنى 165 مىڭ توننا تاۋار كۆكتات بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ بازارغا سېلىنغان ئومۇمىي كۆكتاتنىڭ 70%نى ئىگىلەيدۇ. ئاسرالغان يەردىن قىش پەسلىدە بازارنى 3 مىڭ توننا يېڭى كۆكتات

تىيىننىڭ سىياسەتلىرىگە، ئىمكىنىچىدىن، پەن - تېخنىكىغا، ئۈچىنچىدىن دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا تايىنىش كېرەكلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى. شۇڭا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بەلگىلىمە ۋە تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز تۈزۈپ ۋە پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرغاندىن سىرت، يەنە، ئىمكان قەدەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىپ قوللىدى. ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىل مابەينىدە دۆلىتىمىز تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا خېلى زور دەرىجىدە مەبلەغ سالدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، سېلىنىدىغان مەبلەغ بارغانچە كۆپەيدى. بۇ يەردە بىز 1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 10 يىل داۋامىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا سېلىنغان مەبلەغنى مىسال كەلتۈرۈپ كۆرەيلى، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ 10 يىل ئىچىدە سېلىنغان مەبلەغى تۆۋەندىكىچە:

1976 - يىلى 132 مىڭ يۈەن، 1977 - يىلى 203 مىڭ يۈەن.

1978 - يىلى 251 مىڭ يۈەن، 1979 - يىلى 679 مىڭ يۈەن.

1980 - يىلى588 مىڭ يۈەن، 1981-يىلى بىر مىليون63 مىڭ يۈەن.

شى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بىراق ئەمگەك كۈچلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە داش قازاننىڭ تامىقىنى يەيدىغان، تەڭ تەقسىماتچىلىق قاتارلىق نۇقسانلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى چۈشەپ قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزدى. بۇ تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ 1981 - يىلىدىن ئېتىبارەن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. دەسلەپكى قەدەمدە گۇرۇپپىلار بويىچە ھۆددىگە بېرىلدى، كېيىن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىدا يەر ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئېلىپ سېتىشقا بولمايدىغاندىن سىرت، باشقا دېھقانچىلىققا كېرەك بولغان ئاپتوموبىل، تراكتور، پارنىك، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار چوڭ - كىچىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى خۇسۇسىيلارغا ھۆددىگە بېرىشكە ياكى باھاغا سۇندۇرۇپ خۇسۇسىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدىغان بولدى. مانا بۇ يېزىلاردا ئىنتايىن زور تەسىرگە ئىگە بىر قېتىملىق ئىسلاھات.

پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، بىرىنچىدىن، پار-

يان، شەھەر ئەتراپى رايونى توخۇم بىلەن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. 1988 - يىلى بازارغا 1300 توننا توخۇم، 320 توننا بېلىق سېلىنىپ، بازاردا يىل بويى بېلىق ئۈزۈلمىدى. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.

### 6. تاغ - ئېدىر، ئېرىق - ئۆستەڭلەر تېزگىنلىنىپ، يەر - زېمىندا ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇش

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى تولىمۇ كىچىك بولۇپ، ئەسلىدىكى شەھەر سېپىلىنىڭ 4 تەرىپىدىكى 4 دەرۋازا ئىچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ئاساس قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن سىرت چوڭ كۆۋرۈك بىلەن نەنزىگۇدا بەزى كوچىلار بار ئىدى. شەھەر رايونى جەنۇبتىن شىمالغا بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ جەنۇبىي ئۇچتاشقىچە، شىمالىي لىيۇداۋان تاغ باغرىغىچە سوزۇلاتتى. مانا بۇ كونا شەھەر رايونىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىل مابەينىدە، شەھەر رايونىنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ، ئەسلىدە شەھەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان كۆكتاتلىق ۋە تېرىلغۇ يېتىزلارنىڭ كۆپى شەھەرگە قوشۇۋېتىلىپ شەھەر ئەتراپىنىڭ يېزا قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتتى. غەربىي كۆكتاتلىق (خەلق

1982 ـ يىلى بىر مىليون 482 مىڭ يۈەن، 1983 ـ يىلى 887 مىڭ يۈەن.

1984 ـ يىلى 2 مىليون 182 مىڭ يۈەن، 1985 ـ يىلى 4 مىليون 109 مىڭ يۈەن.

سىياسەت، پەن ـ تېخنىكا، مەبلەغ قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارنىڭ تۈرتكىسى ۋە تەسىرى بىلەن شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈدا 11يىل مەھسۇلات ئېشىپ باردى. 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا: ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 1988 ـ يىلى تېز تەرەققىي قىلغان، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 200 مىليون يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 18.3% ئاشقان؛دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 710.74 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن70.53 يۈەن ئاشقان؛ ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 44 مىڭ 586 تونىغا يېتىپ، 50 ـ يىلنىڭ 2.7 ھەسسىسىگە باراۋەر كەلگەن؛ قوتاندىكى چارۋا 424 مىڭ تۇياققا يېتىپ 1950ـ يىلدىكىدىن 305 مىڭ تۇياق كۆپەيگەن. ئۇنىڭدىن باشقا كۆكتات، ياغلىق زىرائەت قاتارلىقلارنىڭمۇ مەھسۇلات مىقدارى بەلگىلىك ئاشقان. 1984 ـ يىلدىن بۇ-

مۇددەتكە بۆلۈنۈپ دەريانى تىزگىنلەش ئەمگىكىگە قاتـ
نىشىپ ئەسلىدىكى خۇگيەنچى سۇ ئامبىرى بىلەن تىنچـ
لىق سۇ ئۆستىڭى كېڭەيتىپ ياسالدى. كېيىن دەريانىڭ
يۇقىرى ئېقىمىغا بىر غـول ئۆستەڭ ــ ياشلار ئۆستىڭى،
40 مىليون كۇب مېتر، سىغىمچانلىقىدىكى ئۇلانباي سۇ ئامـ
بىرى بىلەن 900 مىڭ كۇب مېتر سىغىمچانلىقىدىكى ئۈچ تاش
سۇ ئامبىرى ياسالدى. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا يەنە،
جيۇجاۋەن سۇ ئامبىرى، باجاڭخۇ سۇ ئامبىرى قاتـارلىق
سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمـ
چـى دەريـاسى ئـاخىرى تىزگىنلىنىپ، قـايتا ئـاپـەت
پەيدا قىلالمايدىغان بولدى. دەريا سۈيى بىلەن تاغدىن
ئېقىپ چۈشكەن كەلكۈن سۇلار هـەر قايسى سۇ ئامبارـ
لىرىغا قويۇلغاندىن سىرت، ئىـنسانلارنىڭ باشقۇرۇشىغا
بويسۇنۇپ، تىنچلىق ئۆستىڭىنى ئاساس قىلغان هەر قايـ
سى ئۆستەڭ، تۇرۇبىلار ئارقىلىق سانائەت، دېھقانچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشى، شەھـەرنى كۆكەرتىش قـۇرۇلۇشى ۋە
خەلق تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىپ، تېگىشلىك رولىنى جارى
قىلدۇرماقتا. كەلكۈندىن كېيىن هاسىل بولغان سايلىق—
جەنۇبىي شىمالغا سوزۇلغان غول قاتناش لىنىيىسى خېـ
تەن يولىغا ئايلاندۇرۇلدى.
شەھەر رايونى ۋە شەھەر ئەتراپى رايـونى سۇنى
تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئىلگىرى— كېيىن
بولۇپ تاغ ـ ئېدىرلارمۇ تىزگىنلەندى، گىياھ ئۆنمەيدىـ

كىنوخانىسىدىن «119» ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئەتراپـ
غىچە)، شى جەمەتىنىڭ كۆكتاتلىقى، ياغـماۋخۇ دىگەنـ
لەرنىڭ ئورنىنى ئىگىز ئىمارەتـلەر ۋە رەتلىك كوچىلار
ئىگىلىدى. ئەسلىدە شەھەرگە خېلىلا يىراق بولغان چۆلـ
لۈك ـــ باجاگخۇدىن سەنشىخۇغىچـە، دۈگىسەن رايونىدىـ
كى دۈگگېبى (نېفىت خىمىيە زاۋۇتىنىڭ ئورنى) ئىگىزـ
ئىگىز مۇرىلار تۇتىشىپ كەتكەن زاۋۇت ئۆيلىرى بىلەن
بېزەلدى. مانا بۇ شەھەر ئەتراپى رايونىنىڭ قىياپىتىـ
دىكى بىر ئۆزگىرىش. بـۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلەرگە مىـ
سال بەكمۇ كۆپ.
شـەھەر ئـەتراپىنىـڭ يـەنە بىر خىل ئۆزـ
گىرىشى ـــ سۇ، تاغلارنى تىزگىنلەش. مۇزلۇق، قارلىق
تاغلاردىن ئېقىپ كەلگەن سۇدىن ھاسىل بولغان ئۈرۈمچى
دەرياسى، ئەزەلدىن ھەدىسىلا كەلكۈن كېلىدىغان ئاپەت
ئىدى. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئاي مەزگىلىدە تاغدىن كەلكۈن
كېلىپ، ئـۈرۈمچىدىكى 4 كـۆۋرۈك ۋە نۇرغۇن ئۆي ۋاقـ
لارنى ئېقىتىپ كېتىپ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ قاتنىـ
شى 3 كۈن ئۈزۈلۈپ قالدى. كەلـكۈن پېسىلغاندىن كېـ
يىن دەريا قۇم ـ تاشلار بىلەن بىر پارچە چۆللۈككە ئايـ
لىنىپ قالدى. شەھەر رايونىنى ئۈزۈنغا كېسىپ ئۆتكەن
بۇ دەريانى تۈزەش ۋە تىزگىنلەش ئـۈچۈن شەھەردىكى
كادىر، ئائىلە ۋە ئىشچى ـ دېھقان، ئەسكەر، ئوقۇغۇچى،
سودىگەرلەر بولۇپ پۈتۈن ئاممىـا تۈركۈم ـ تۈركۈمگە،

# يېڭى مۇساپىغا ئۇچۇش

## جاۋ يۇڭخۇڭ

ئۇستەل ئۈستىدىكى كالېندارنى ۋاراقلاپ، 80 - يىللارنى ئۆزىتىپ، 90 - يىللارغىچە بەدەسلىك بىلەن قەدەم باسقانلىقىمىزنى ھېس قىلدىم. 1949 - يىلدىن 1989 - يىلغا قەدەر خەلق جۇمھۇرىيىتى 40 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇزۇندىن بۇيان چۆللۈكتىكى ھاۋا ئارمىيە قىسمىدا خىزمەت ئۆتەپ كەلگەن مەندە، ئاجىز قەلىمىم بىلەن بولسىمۇ خەلق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدىكى تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئىستىكى بارلىققا كەلدى.

ھازىر ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ غەربىي چۆللۈكتىكى ئىزىنى ئىېپىش، ماڭا نەقەدەر قىيىنغا چۈشسىمۇ، لېكىن مەڭگۈلۈك خاتىرىلەش، مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخقا قىزىقىدىغان تارىخشۇناسلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تەتقىقاتى ئۈچۈن، جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاددىي پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرۇش مەجبۇرىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

غان .قاقاس تاغلارنىڭ قىياپىتى ئۆزگەرتىلىپ كىشىلەر سەيلە ـ ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك تاغ، باغ، ئورمان، چىمەنزارلىق تاغلارغا ئايلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقراقلىرى كىشىگە ھوزۇر بەخش ئېتىدىغان قويۇق ئورمانغا پۈركەنگەن قىزىل تاغ، گۈللىرى خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان بۇلاق تېغى (شىمىگودا)، قويۇق ئورمانلىق ليۇيسەن تېغى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا سۇ مۇنارى تېغى، چىداۋان تۆپىلىكى، يىقىلغان تاش، ئۆمۈچۈك تېغى، پىگىدىڭشەن، ساڭفاڭ ـ گۇ تېغى، خۇگىيەنچى تېغى، چىپەنشەن ۋە ئۇلانباي سۇ ئامبىرى تېغى قاتارلىقلارمۇ مەنزىرىلىك ياپ ـ يېشىل ئورمانلىققا ئايلاندى.

ھازىر شەھەر ئەتراپى رايونىدا قاتناش ھەر تەرەپكە تۇتاشقان، رايون ۋە يېزىلارغا ئاپتوبۇس ياكى نۆۋەتچى ئاپتوموبىللار قاتناپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار، تراكتور، موتسىكلىت، ۋېلىسىپىتلەر قوشۇلۇپ قاتناش ۋاسىتىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزىلارنىڭ ئالدىراشلىق مەنزىرىسى ۋەتىنىمىزنىڭ «7 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى دەۋر ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

دىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا بۇيرۇدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۆلكە مەركىزى دىخۋاغا كېلىپ، شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلام زاتلارغا خىزمەت ئىشلەپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر ئاستى ئىلغار تەشكىلاتلار ئۆلكە مەركىزى دىخۋادا پائالىيەتنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى، «ئاۋانگارت تەشكىلاتى» ئىنقىلابىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، «بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ، بارلىق ئىلغار كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت كۈرەش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى. دىخۋادا تۇرۇشلۇق قوشۇنغا خىزمەت ئىشلەشتىن سىرت، تەشكىلاتنى دىخۋادا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ھاۋا ئارمىيىسى «259» تەمىنات ئوتتۇرا ئەترىتىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەزكۇر ئەترەتتە ئۇچۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، مايور جاڭ يۈيتاڭ، ئۇچۇش بۆلۈمىنىڭ سەنمۇسى جايۈنجۇ، مەسئۇل ھەربىي ۋىراچ ياڭ چىرۋي، مىخانىك لۇجاۋتەي، لىيەن خۇيلەردىن تەركىب تاپقان «ئاۋانگارت تەشكىلاتى» گۇرۇپپىسىنى قۇردى. ئۇلار تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى

ھازىر، قەلىمىم بىلەن تارىخنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرلەي:

1949 - يىلىنىڭ باش كۈزىدە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۈەندىكى بارلىق كوماندىر، جەڭچىلەر غازاڭنى سۈپۈرگەن كۈز شامىلىدەك لەنجۇ، شىنىڭنى بىر يولدىلا ئازاد قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈزۈندىن بۇيان قارقاپلاپ ياتقان، ھاۋاسى سوغۇق ھەم شالاڭ چىلىيەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ جاڭيېغا ھۇجۇم قىلىپ 2 - بىڭتۈەننىڭ 6 - ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى ھەممە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان گومىنداڭ ھەربىي مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ئالدىنى توساپ زەربە بەردى. خېشىدىكى مۇھىم بازار جۇچۈەننى ئازاد قىلىپ، يۈمېنگۈەندىن ئۆتۈپ، شىنجاڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى، شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىغا بىر قانچە كۈنلا قالغان ئىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ھارپىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يولداش دېڭ لىچۈننى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا ئەۋەتتى، بۇنىڭ ئالدىدا دېڭ لىچۈن ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىيۇشاۋچىغا ھەمراھ بولۇپ موسكۋاغا بارغان ئىدى. ئىش تۈگىگەن-

كە قايتىش خەۋىرى ھەققىدىكى تېلېگرامما چاقماق
تېزلىكىدە دىخۋا شەھىرىگە تارقالدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئام-
مىنىڭ روھى ئۇرغۇپ، پۈتۈن شەھەر قاينام ـ تاشقىن-
لىققا چۆمدى، ھەر مەھەللەت يېزىسىدىكى
رەڭدار لوزۇنكىلار ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقاتتى.
9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ھەققەتكە قايتقان قو-
شۇنىڭ بىر ئاتلىق لىيەنى سانجىدا يۈز ئۆرىدى، ئۇ-
لارنىڭ نەگە قاچقانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھەربىي
كارىزون قوماندانلىق شتابى «259» تەممىنات ئوتتۇرا
ئەترىتىگە ئايروپىلان ئەۋەتىپ رازۋېت قىلىشقا جىددىي
بۇيرۇق چۈشۈردى. «ئاۋانگارت تەشكىلاتى»نىڭ ئەزاسى
جاڭ يۈيتاڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئەترەت باشلىقى
يۈي پىڭشياڭدىن جەڭگە ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلدى،
يۈي پىڭشياڭ قوشۇلغاندىن كېيىن، جاڭ يۈيتاڭ 6 — AT
تىپلىق ئايروپىلاننى ھەيدەپ، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق
رازۋېت قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى سەنتەيىنىڭ شىمالى
تەرىپىدىن 50 ـ 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا نىشاننى كۆ-
رۈپ، تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى چېچىپ قايتىپ كېلىپ،
ھەققەتكە قايتىش قوماندانلىق شتابىنى بۇ ئىشنى ۋاق-
تىدا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئاخبارات
بىلەن تەمىنلىدى.

تارقاتتى، قوغداش ئەترىتى تەشكىللەپ ۋە تۆرلۈك ئا-
ماللارنى قوللىنىپ ئايروپىلان ۋە ئايرودروم ئەسلىھە-
لىرىنى گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى-
دىن ساقلاپ قالدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دىخۇا ھەربىي گارنىزون
قوماندانلىق شتابىنىڭ سەنمۇجاڭى تاۋجىڭچۇ «259» تە-
مىنات ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ باشلىقى يۈي پىڭشياڭ
بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا مەخپىي سۆزلەش-
تى. يۈي پىڭشياڭ ئەترەتكە قايتقاندىن كېيىن، دەر-
ھال مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ليۇجەنشۇڭ بىلەن بىر-
لىكتە تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى ۋە تولۇق
تەييارلىق كۆردى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاۋىئاتسى-
يە ئەترىتىنىڭ ھاۋا ۋە يەردە مەشغۇلات قىلىدىغان
بارلىق خادىملىرى ئەترەت ئىشخانىسى ئالدىغا جەم
بولدى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ، كونىنى ئۇزۇ-
تىپ يېڭىنى كۈتۈۋالىدىغان، يورۇقلۇققا قاراپ قەدەم
تاشلىغان ئەڭ تەنتەنىلىك بىر كۈن ئىدى. ئەترەت
باشلىقى يۈي پىڭشياڭ ساپ گۇاڭدۇڭ تەلەپپۇزىدا، بار-
لىق خادىملارغا «259» تەمىنات ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ
گېنېرال تاۋسىيۆگە ئەگىشىپ ھەقىقەتكە قايتىش سېپىگە
قوشۇلغانلىقىنى، شۇكۈندىن ئېتىبارەن گومىنداڭنىڭ
گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەقىقەت-

رىتىدىكى 155 نەپەر خادىمدىن 150 نەپىرى خەلق هاۋا ئارمىيىسىدە قېلىپ، داۋاملىق ئىشلەشكە رازىلىق بىلدۈرۈشتى، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن ئىككى 6 — AT تىپلىق ئايروپىلان، يەتتە چوڭ ئاپتوموبىل، تۆت كىچىك ئاپتوموبىل، بىر تېخنىكا ئاپتوموبىلى، بىر ماي توشۇش ئاپتوموبىلى تولۇق ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئىككى ئايدىن كېيىن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، دىخۇا شەھىرىدە خەلق هاۋا ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى ئاۋىئاتسىيە ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى—جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دىخۇا ئاۋىئاتسىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلدى. جاۋ جىڭشياڭ مۇدىر، گودىيەنچاڭ سىياسىي ياردەمچى، لياڭخۇ كاتىپ بولدى.

ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسكەر يۆتكەش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە، ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسى ھەققەتكە قايتقان كوماندىر، جەڭچىلەرنى تەشكىللەپ، قۇمۇل، دىخۇا ئايرودرومىدا، ئارمىيىمىزنىڭ 1 - بىنگتۇەنگە، 6 - ئارمىيىگە، 17 - دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىن، 49 - تۇەن، 50 - تۇەن، 51 - تۇەن، 16 - دىۋىزىيىنىڭ 18 - تۇەنىدىكى جەمئىي 15 مىڭ ئادەمنى جۇچۇەندىن هاۋا ئار-

شۇ كۈنى، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى، يىغىن غەربىي بىنانىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزۈلدى، دىڭ لىچۈن، تاۋسىيۆ، بۇرهان شەهىدىلەر يىغىنغا قاتناشتى. يوي پىڭشياڭ جاڭ يۈيتاڭنى ئايروپىلان بىلەن يىغىننىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش، تەشۋىقات ۋەرەقى چېچىشقا ئەۋەتتى. كىشىلەر بۇ كۈرەشچى لاچىننىڭ خەلقنىڭ ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

10 - ئايدا، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسىنىڭ هاۋا ئارمىيە باشقارمىسى جاۋجىڭشياڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە لىيىخېڭدا، گاۋيۈەنفېڭ، چاڭ تىيچېڭ، دۇڭ شۈيزېن، لياڭ خۇ قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭغا كىرگەن ئالدىنقى قىسىم بىلەن دىخۇاغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، دىخۇادىكى ئاۋىئاتسىيە ئاپپاراتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىدى. جاۋجىڭشياڭ قاتارلىقلار «259» تەمىنات ئەترىتىگە كەلگەندىن كېيىن، هەقىقەتكە قايتقان هاۋا ئارمىيە خادىملىرىغا قىزغىن قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى، ئۇلارغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، هەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. ئۇلاردىن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ماددىي ئەشيالارنى ياخشى ساقلاشنى تەلەپ قىلدى. تەمىنات ئەت-

تەشكىلات
جاۋجۈنياڭ پۇنكت ياشلىقى، 2 ـ بىڭتۇەن
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن ياشلىقى بولداش لۇي جىڭشۇۋ
سياسىي كومىسار، گودىيەنجاڭ مۇئاۋىن سياسىي كو-
مىسار، چىن گۇاڭيۈەن سەنمۇجاڭ. ۋاڭ جىڭچىڭ سى-
ياسىي باشقارما مۇدىرى، شاۋرىنەن مۇئاۋىن مۇدىر،
ليۈمىنياڭ كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭ نىڭ-
لىن تەمىنات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى. ئاۋ-
ئاتسيەپۇنكتىدە تۆت چوڭ باشقارما يەنى: سەنمۇ باش-
قارمىسى، سياسىي باشقارما، كادىرلار باشقارمىسى، تە-
مىنات باشقارمىسى تەسىس قىلىندى؛ سەنمۇ باش-
قارما قارمىقىدا: ھەربىي ئىشلار بۆلۈمچىسى،
ئۇچۇش بولۇمچىسى، تېخنىك ئىشلىرى بۆلۈمچىسى،
ئالاقىلىشىش بۆلۈمچىسى، مۇھىم ھۆججەتلەر
بۆلۈمچىسى، باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى؛ سياسىي باشقارما
قارمىقىدا: تەشكىلات بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمچى-
سى، قوغداش بۆلۈمچىسى، ياشلار بۆلۈمچىسى؛ كادىر-
لار باشقارمىسى قارمىقىدا: سياسىي چېنىقىش ئەترى-
تى؛ تەمىنات باشقارما قارمىقىدا: ھەربىي تەمىنات
بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، ھەربىي قورال ـ يا-
راق بۆلۈمچىسى، ماي، ئوق ـ دورا بۆلۈمچىسى تەسىس
قىلىندى. دىخۇا ئاۋىئاتسيە پونكىتىغا بىۋاستە قا-
راشلىق ئورۇنلاردىن: ھەربىي مەشق چوڭ ئەترىتى (ئەت-
رەت باشلىقى ليۇۋېنخەي، سياسىي تەربىيىچى ياڭ

قىلىق ئۈرۈمچى، غۇلجا، ماناس، شىخۇ قاتارلىق جاي-لارغا يۆتكەشكە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قوماندان پىڭ دېخۇەينىڭ مەخسۇس ئايروپىلانى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت مۇھىم خادىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ-كېتىشىنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈپ، سوۋېتلىك دوستلار-نىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. مۇشۇ جەرياندا، باشقارما غەربىي ئىشلار كومىتېتى ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جاڭ يۈيتاڭ، ۋاڭ سۇڭ، گاۋجىجۇڭ، گاۋشياڭلىيەن، جۇمىيلىڭ قاتارلىق كىشىلەرنى تاللاپ خەلق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاۋىئات-سىيەمەكتىپىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، غەربىي شىمال ھەربىي رايونى ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسى ھاۋا ئارمىيىسى دىخۇا ئاۋىئاتسىيە باشقارمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دىخۇا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قۇرۇشنى ئېلان قىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان دىخۇا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى (دىۋىزىيە دەرىجىلىك ئاپپارات) ئەسلىدىكى «259» تە-مىنات ئوتتۇرا ئەترىتى ئاساسىدا، 1 - بىڭتۇەن 2 - ئارمىيىسى قاتارلىق شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملاردىن بىر قىسىم كوماندىر، جەڭچىلەرنى ۋە مەكتەپتىن ھەربىيلىك-كە قاتناشقان بىر قىسىم ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئاجرىتىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە، يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەسىس قىلدى.

ئازادلىق ئارمىيىسى هاۋا ئارمىيىسى قۇرۇلۇپ دۈشمەنگە تۇنجى قېتىم زەربە بەرگەنلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ. باندىتلارنى يوقىتىش جېڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى غەلىبىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە ئايروپىلان قاتناشتۇرۇپ، ئالاهىدە ئۇچۇش ماهارىتى كۆرسەتتى.

50 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى پارتكومى هەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ هەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا قوللانغان ئىتتىپاقلىشىش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاممىنى دادىل سەپەرۋەر قىلىش، سىياسىي تەربىيە بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللىنىپ، بىر قاتار ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆز ئۆزىنى ئۆزگەرتىش هەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ئارقىلىق هەقىقەتكە قايتقان جەڭچىلەر توغرا كىشىلىك كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق خەلقنىڭ جەڭچىسىگە ئايلاندى. قىش پەسلىدە، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆگىنىش كۇرسى ۋە نەزەرىيە جەهەتتىن چېنىقىش سىنىپى ئېچىپ، «يېڭى دېموكراتىزم هەققىدە» ۋە «خەلقنىڭ دۈشمىنى — جياڭ جيېشى» دېگەن ماقالىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش تەلىپىگە ئاساسەن، ئاۋىئاتسىيە

چىڭ)، مۇھاپىزەت يىڭگى (يىڭجاڭ ۋاڭفىنجۇن)، ئاپتوموبىل ئەترىتى (ئەترەت باشلىقى جاڭشۇجۇ)، ئالاقىلىشىش ئەترىتى (ئەترەت باشلىقى لىرۇگيى)، باقمىچىلىق ليەنى (ليەنجاڭ لىشۇدې، سىياسىي يېتەكچى ليۇچېڭيۈەن)، سەھىيە بۆلۈمى بار ئىدى. ئاۋىئاتسىيە پونكىتىغا ئالتە ئايرودروم يەنى: غۇلجا ئايرودرومى (باشلىقى گاۋيۈەنفېڭ)، قۇمۇل ئايرودرومى (باشلىقى جاۋجۇخۇي، سىياسىي تەربىيىچى جاڭخۇگجى)، قەشقەر ئايرودرومى (باشلىقى دوڭشۇي)، كۇچار ئايرودرومى (باشلىقى زېيجەن، سىياسىي تەربىيىچى لىفۇچاڭ)، يەنجى ئايرودرومى، گۇچۇڭ ئايرودرومى قارايتتى.

شۇ يىلى 5 - ئايدا، ئوسمان باندىت ئادەم توپلاپ توپىلاڭ كۆتەردى. دىخۋا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى غەربىي شىمال ھەربىي رايونىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، 16 - چىسلا ئۈچۈش بۆلۈمچىنىڭ باشلىقى يۈي پىڭشياڭ ۋە تېخنىكا ئىشلىرى بۆلۈمچىنىڭ مېخانىكى لىجۇڭكەي 6 — AT تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ھەيدەپ گۇچۇڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار 18 -، 19 - كۈنلىرى ئۇدا ئىككى كۈن ئۈچۈپ 6 - جۇننىڭ باندىتلارنى يوقىتىش قوشۇنىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ - كىچىك يولغۇنلۇق جىلغا ۋە قارا تاغقا جايلىشىۋالغان باندىتلارغا دەل، قاتتىق زەربە بېرىپ، قۇرۇقلۇق قوشۇننىڭ باندىتلارنى قورشاپ يوقىتىشىغا ياردەملەشتى. بۇ، خەلق

رايونى هاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى لويۈەنفا ۋە سىياسىي كومىسسارى جاۋگۇاڭيۈەن، سەنمۇجاڭى يۈەنشۆكەي بىرلىكتە بۇيرۇق ئېلان قىلىپ: ئۈرۈمچى شەھىرنىڭ قورۇلۇش تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن، دىخۇا ئايرودرومىنى شىنجاڭ ئويغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈش، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدىكى خادىملار ۋە مۇھىم ئۈسكۈنىلەرنى شىنجاڭدىكى غەربىي شىمال ھەربىي رايون ھاۋا ئارمىيىسىگە يۆتكەپ كېتىشنى جاكارلىدى. سابىق دىخۇا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى شىنجاڭنىڭ ئازادلىق غەلىبىسىنى قوغداش شەرەپلىك ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى.

پونكىتى دىخۋانىڭ شەھەر مەمۇرىي قۇرۇلۇشىغا قاتنى-
شىپ، تىنچلىق ئۈستىگىنى ياساش، شەھەر سېپىلىنى
بۇزۇش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلدى. شەھەر سېپىلىنى
بۇزۇش ئەمگىكىدە، سېپىل ئۆرۈلۈپ ئاۋىئاتسىيە پون-
كىتىدىن ئىككى يولداش قۇربان بولدى.

1952 - يىلى ئەتىيازدا، دىخۋا ئاۋىئاتسىيە پون-
كىتى تەرتىپكە سېلىندى. 6 - ئارمىيەدىن زور تۈركۈم-
دە كادىر يۆتكەپ كېلىندى. ۋاڭفىنجۇن پونكىت باش-
لىقى، خۇشلۇ سىياسىي كومىسسار بولدى، ئاۋىئاتسىيە
پونكىتىنىڭ سەنمۇ باشقارمىسى قوماندانلىق شتابىغا
ئۆزگەرتىلدى، كادىرلار باشقارمىسى بۆلۈمچىگە قىسقى-
راپ، سىياسىي باشقارمىغا تەۋە بولدى، تەمىنات باش-
قارمىسى ئارقاسەپ تەمىنات باشقارمىسىغا ئۆزگەرتى-
لىپ، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى تۆەن دەرىجىلىك ئاپپارات-
قا ئايلاندى.

1954 - يىل، ئاۋىئاتسىيە پونكىتى قىسقارتىپ
تەشكىللەندى، ۋاڭفىنجۇن پونكىت باشلىقى، جاڭخۇي-
جى سىياسىي كومىسسار بولدى. قىسقارتىپ تەشكىللەن-
گەندىن كېيىن، ئاۋىئاتسىيە پونكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋە-
زىپىسى، كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئايروپىلانلارغا كاپا-
لەتلىك قىلىش ۋە ئايرودرومغا قاراشتىن ئىبارەت
بولدى.

1956 - يىل 6 - ئايدا، غەربىي شىمال ھەربىي

نۆۋەتچى ئايروپىلان قاتنايتتى، بىر ئايلىق پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى ئاران 60 نەچچە كىلوگرام، جەمئىي 10 مىڭ 800 پارچە بولۇپ، پوچتا يوللانمىلىرى، گېزىت - ژۇرناللارنى پوچتالىيونلار دولىغا ئارتىپ پىيادە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇرۇن بىر پارچە خەتنىڭ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ئۈچۈن 1 ئاي، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى ئۈچۈن 12 كۈن، ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىشى ئۈچۈن 22 كۈن ۋاقىت كېتەتتى. پوچتا يوللىرى توسىلىپ قالغاندا ناھايىتى ئاستا يېتىپ باراتتى، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى كونىرىغان، قالاق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە پەقەت بىرلا «شىنجاڭ گېزىتى» نەشىر قىلىناتتى، تارقىتىلىش مىقدارىمۇ بەك ئاز ئىدى. گېزىتكە يېزىلغانلار 100 دىن ئاشمىغاچقا 4 پوچتالىيون پىيادە تارقىتىپ بولاتتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا خەلق پوچتا خەۋەرلىشىش ئىشلىرى ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچىدە پوچتىخانىلار كەڭ تارقالدى، شەھەرنىڭ مەمۇرىي ئايرىلىشىغا ئاساسەن 6 مەركىزىي ئىدارە، 1 ناھىيىلىك ئىدارە، جەنۇبىي پويىز ۋوگزالى شۆبە ئىدارىسى، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى، تېخنىكا، ئايرىش، پو-

# تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۈرۈمچى پوچتا ئىشلىرى

## ۋاڭ جەۋمىي

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پوچتا - خەۋەرلىشىشىنىڭ تۈگۈنى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى-ۋە سىرتى بىلەن بولغان تۈرلۈك پوچتا يوللانمىلىرى، گېزىت - ژۇرناللارنى قوبۇل قىلىش، ئايرىش، تارقىتىش، توشۇش، يەتكۈزۈپ بېرىشتەك ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، شەھەر بويىچە پەقەت ئىككىلا پوچتىخانا، 40 تىن ئارتۇقراق ئىشچى - خىزمەتچى، شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا پوچتا يوللانمىلىرىنى توشۇيدىغان 4 پوچتا ھارۋىسى بولۇپ، جەنۇبتا داۋانچىڭ، شەرقتە گۇمۇدى (ھازىرقى مىچۇەن ناھىيىسى)، غەربتەسانجىغىچە بولغان 160 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق پوچتا يولىدىكى يوللانمىلارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. قۇمۇل بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا ھەپتىسىگە بىر قېتىم نۆۋەتچى ماشىنا، ئىككى قېتىم

را، بىخەتەر، قولايلىق» تىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇردى. خەۋەرلىشىش ئىقتىدارى، خەۋەرلىشىش ۋاستىسى، مۇلازىمەت سەۋىيىسى، خەۋەرلىشىش سۈپىتى قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى نەتىجىلەر ياراتتى، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى نۆۋەتچى پوچتا ھارۋىسىنىڭ ئورنىنى ھەرتەرەپكە تۇتاشقان ئاۋىئاتسىيە، پويىز، ئاپتوموبىل، موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت قاتارلىق زامانىۋى پوچتا قوراللىرى ئىگىلىدى. 1986 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شەھەر بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 12 مىڭ 740 كىلومېتىرغا يېتىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى 160 كىلومېتىردىن 78 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى 9 غا، ئۇزۇنلۇقى 6431 كىلومېتىرغا، پويىز پوچتا يولى 3كە، ئۇزۇنلۇقى 5012 كىلومېتىرغا، ئاپتوموبىل پوچتا يولى 15كە، ئۇزۇنلۇقى 1174 كىلومېتىرغا يەتتى. ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى لەنجۇ، شىئەن، چېڭدۇ، بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، قاراماي، غۇلجا، ئالتايغا؛ پويىز پوچتا يولى شىئەن، بېيجىڭ، شاڭ

سۇلكا ـ باسما بۇيۇملىرى، يۆتكەپ توشۇشتىن ئىبارەت 4 ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم، ئىشخانىسى، 79 شەھەر رايونى تارماق پوچتىخانىلىرى (شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى يېزا تارماق پوچتىخانىلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەسىس قىلىندى. بۇ 1949 ـ يىلدىكىدىن 144.8% ئاشتى. ئىدارە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، مەمۇرىيەت، كەسىپ، پىلان ـ مالىيە، قوغداش قاتارلىق باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى بۆلۈم، ئىشخانىدىن 23ى، پوچتا ئارقىلىق سېتىشىلىش، پوچتا ماركا تويلاش، تېز يەتكۈزىدىغان يوللانمىلار، گېزىت ـ ژۇرناللارنى پارچە سېتىشتىن ئىبارەت 4 شىركەت، 1 زىيالى ياشلار ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ۋە «7 ـ ماي» زاۋۇتى بار. پۈتۈن شەھەردە 716 خەت ساندۇقى، 20 گېزىت ـ ژۇرناللارنى پارچە سېتىش بوتكىسى، 9 مىللەتتىن تەركىب تاپقان1656ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ 707نەپىرى ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى، 339 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پۈتۈن ئىدارە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 37 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن ئىدارىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پوچتا خەۋەرلىشىشىدە «تېز، توغ-

پوچتا كەسپىنىڭ مىقدارى زور كۆلەمدە ئاشتى. پوچتا خەۋەرلىشىش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇلازىمەت سۈپىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى. ئۈرۈمچى پوچتا خەۋەرلىشىشنى مەركەز قىلغان خەۋەرلىشىش تورى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن شەھەر، ئاپتونوم رايون-نىڭ پوچتا خەۋەرلىشىش ۋە خەلقئارا پوچتا يوللانمىلىرىنى ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ خەلقئارا كەسپىي تار-ماقلىرى 140تىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون بىلەن پوچتا ئالاقىسى ئورناتتى. پوچتا خەۋەرلىشىش يولى ئارقى-لىق دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستا-نە بېرىش - كېلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئال-ماشتۇرۇلۇش مىقدارى 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چوڭ قاپقا قاچىلانغان پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئالماش-تۇرۇلۇش مىقدارى 4 مىليون 1379 تاغارغا؛ تالون بېرىل-گەن پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مىقدارى 19 مىليون 110 مىڭ 335 پارچىغا؛ ئادەتتىكى پوچتا يول-لانمىلىرى 174 مىليون 880 مىڭ پارچىدىن كۆپرەككە؛ مۇشتىرى قوبۇل قىلغان، سېتىلغان گېزىت - ژۇرناللار 122 مىليون 660 مىڭ پارچىدىن كۆپرەككە؛ تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرناللار 197 مىليون 930 مىڭ پارچىدىن

خەي، كۆرلىغا تۇتاشتى. ئىدارە بويىچە 47 ئاپتوموبىل، 46 موتسىكلىت، 350 ۋېلىسىپىت بار. پوچتالىيونلار يوللانمىلارنى پىيادە يەتكۈزىدىغان تارىختا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىلدى.

ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا ئازادلىق-تىن ئىلگىرى پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمەت ئاپپاراتىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى. دېھقانلار خەت سېلىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش ئۈچۈن، شەھەر ئىچىدىكى پوچتا ئىدارىسىغا كېلىپ بېجىرەتتى، بەنفاڭگۇ، شۇيشىگۇ قاتارلىق چەت-جايلاردىكىلەر پوچتا يوللانمىلىرىنى سېلىش ئۈچۈن 60 تىن 100 كىلومېتىرغىچە يول يۈرۈشكە توغرا كې-لەتتى. ھازىر ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى 21 يېزا - بازار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممىسىگە پوچتا يولى ئېچىلىپ پوچتا مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. 60.4%تىن يۇقىرىراق مەمۇرىي كەنت شۇ كۈندىكى گېزىت - ژۇر-ناللارنى شۇ كۈنى كۆرەلەيدۇ، 18.8% تىن يۇقىرىراق مەمۇرىي كەنت ئالدىنقى كۈننىڭ گېزىتىنى كۆرە-لەيدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى 20 يېزىنىڭ 19 ىغا تېلېفون ئۇلاندى، 95 مەمۇرىي كەنتنىڭ 68گە تېلېفون ئورنىتىلدى.

ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ سوتسى-يالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ

ئارتۇق ھەرمىللەت ئاممىسى پوچتا ماركىسى توپلاش پائالىيىتىگە قاتناشتى. پوچتا ماركىسىنى كۆرگەزمە قىلىش، پوچتا ماركىسى توپلاش بىلىملىرى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇش، پوچتا ماركىسى ئالماشتۇرۇش، سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق پوچتا ماركىسى سەنئىتىنى باھالاش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە ئاممىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بېيىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت بازىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، گېزىت - ژۇرناللارنى پارچە سېتىش شىركىتى قۇرۇلۇپ، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پارچە سېتىلىش مىقدارى كۆپەيتىلدى. بۇندىن باشقا يەنە، 1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شەھەر يېزىچە گېزىت - ژۇرناللارنى ئارىيەتكە بېرىش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئۆزلۈكسىز يىناخشىلىدى ۋە كۈچەيتتى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ فاكتچىن،

كۆپرەككە؛ تۇرلۇك پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ كۈندىلىك سىغىمچانلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىڭ خالتا (ئورام)غا يەتتى. 1986 ـ يىل 1 ـ مايدىن باشلاپ پوچتا پۇل ئامانەت قويۇش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى پوچتا پۇل ئامانىتىنىڭ مىقدارى 40 مىليون يۈەنگە يەتتى. شەھەر بويىچە 34 پوچتا پۇل ئامانەت قويۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ پۇل خەزىنىسگە يىغىۋېلىنىپ مەبلەغ جۇغلاندى.

1983 ـ يىلى، پوچتا ماركىسى توپلاش ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ شەھىرىمىزنىڭ پوچتا ماركىسى توپلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شەھىرىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، پوچتا ماركا توپلاش شىركىتى قۇرۇلدى. شەھەر بويىچە 22 پوچتا ماركىسى توپلاش مۇلازىمەت نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى ۋە ياخشى باھاغا ئېرىشتى. پوچتا ماركىسى توپلاش پائالىيىتىنى تەشكىللىك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، 1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شەھەر بويىچە 30 مىڭدىن

لارنى يەتكۈزۈش خىزمىتىدە «5 ئىشنى ۋاكالىتەن قىلىپ بېرىش»، «5نى يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ ئابونېتلار ئۈچۈن ۋاكالىتەن سالغان خەت - چەك ۋاكالىتەن ئېلىپ يەتكۈزۈپ بەرگەن پوسۇلكا ۋە پېرېۋوت پۇللىرى 167 مىڭ 989 پارچىغا، ۋاكالىتەن يېزىلغان گېزىت - ژۇرنال 7500 نۇسخىدىن كۆپرەككە، ۋاكالىتەن سېتىۋالغان پوچتا ماركىسى 9630 يۈەنگە يەتتى. پوچتا كەسپىنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. يىلدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «دۇنيا پوچتا كۈنى»، «پوچتا تەشۋىقات ئېيى» پائالىيىتىدىن پايدىلىنىپ پوچتا كەسپى بويىچە مەسلىھەت بېرىشنى قانات يايدۇردى. پوچتا كەسپىي تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقاتتى. قەرەلسىز ھالدا تۈرلۈك كەسپىي تەشۋىقات ئېلانلىرىنى تۈزۈپ ئېلان قىلدى، پوچتا نومۇرىنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈردى. پوچتا خەۋەرلىشىش ئىسلاھاتىنى يولغا قويدى. «پوچتا قانۇنى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەنپەئىتى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ خەت - ئالاقە ئەركىنلىكىنى قوغدىدى. تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاشنى پائال يولغا قويۇپ، پوچتا پوسۇلكىلىرىنى ئايرىش ماشىنىسى بىلەن، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سانىنى مىكرو ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن بىرتەرەپ قىلىش دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

لۇشيەن ۋە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى پائال قانات يايدۇردى. ئىدارىنى قانۇنغا تايىنىپ تۈزەپ، غايىلىك، مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى يېتىشتۈردى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىدى، «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «بەش بولۇش، ئۈچتە گۈزەل»، «ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسىنى كەڭكۆلەمدە چوڭقۇر ئۇزۇنغىچە قانات يايدۇرۇپ ھەمدە ئۇنى كەسپىي ئالاھىدىلىككە بىرلەشتۈرۈپ، پوچتا خەۋەرلىشىش خىزمىتىنىڭ «تېز، توغرا، بىخەتەر، قولايلىق» يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت 4 سۆزلۈك فاڭجېننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كەسپىي ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇپ پوچتا كارخانىلىرىنىڭ ئابرويىنى قوغدىدى. شۇنداقلا پۈتۈن ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «ئەگەر مەن بىر ئابونېت بولسام» دېگەن پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلىدى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئىشەنچىگە ئىگە بولدى. خەۋەرلىشىش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇلار سەييارە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1988 - يىلى 1539 ئابونېتنى (ئادەم قېتىم) زىيارەت قىلدى، 759 ئادەم قېتىم سەييارە مۇلازىمەت قىلدى. يوللانما-

نىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلىك
پوچتا ئىدارىسى ئۆز سىستېمىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى
ياخشىلاشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پوچتا
خەۋەرلىشىشنىڭ يېڭى كەسپىنى پائال ئاچتى. 10 يىل-
لىق ئىسلاھات جەريانىدا كەينى - كەينىدىن پوچتا پۇل
ئامانەت كەسپى قاتارلىقلارنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئۈ-
چۈن مەبلەغ توپلاپ بېرىپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇ-
رۇلۇشىغا ياردەم بەردى ھەمدە ئاممىغا قولايلىق يارى-
تىپ بەردى.

ئىسلاھاتنىڭ يۇقىرى سۈرئەت، يۇقىرى ئۈنۈملۈك
ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن،
«ئالاھىدە، مەخسۇس يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار»
كەسپىنى يولغا قويدى. بۇ خىل يېڭى كەسىپ
نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: مەخسۇس ئادەم بىر
تەرەپ قىلىدۇ، مەخسۇس ئاپتوموبىل يەتكۈزىدۇ،
سۈرئىتى تېز، ئىشەنچلىك، بىخەتەر، توغرا بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. مەيلى خەت - چەك، ھۆججەت،
پەن - تېخنىكا ئاخباراتى، ماتېرىيال، تاۋار، مال
ئەۋرىشكىسى قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بولمىسۇن مەم-
لىكەت ئىچىدە ئەۋەتىلسە ئادەتتە شۇ كۈنى قوبۇل قى-
لىنىپ، ئىككىنچى كۈنى يولغا سېلىنىپ ئەڭ كۆپ
بولغاندا 3 كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇۋالغۇچىغا يەتكۈزۈپ
بېرىلىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدىكى 30 نەچچە شەھەردە

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن 6 تۈرلۈك ئىقتىسادى، تېخنىكا كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1982 - يىلىقى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىدارە دائىرىسىدە ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، 1985 - يىلدىن باشلاپ، ئىدارە بويىچە يەنە ئىقتىسادنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك ئىدىيىسىنى يەنىمۇ توغرىلىدى، ئومۇميۈزلۈك سۈپەت تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كونا كارخانىلار ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، ئۇدا 3 يىل ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار كارخانا ۋە مەملىكەتلىك پوچتا - تېلېگراف ساھەسى بويىچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى كارخانا بولۇپ باھالاندى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىغانلىقتىن پوچتا خەت خەۋەرلىشىش ئىشلەپچىقىرىشى، پوچتا خەۋەرلىشىش سۈپىتى، مۇلازىمەت سەۋىيىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتى-

ھبسسيات ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئاڭلاشقا يېقىملىق، تەسىر-لىك بولۇپ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى كۆرگەندەك بو-لىدۇ. ئاۋازلىق خەت ـ چەكلەر يەنەپارتىيە،ھۆكۈمەت، كارخانا، كەسپى، ئارمىيە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يىغىن ئېچىش، ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، كەسپىي سۆھبەت ئېلىپ بېرىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئاۋازلىق خەت ـ چەكلەر ئادەتتىكى خەت ـ چەكلەرگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ قوغدىلىشىغا ئىگە بولۇپ، يەتكۈزۈش ۋاقتى ئادەتتىكى خەت ـچەكلەرگە ئوخشاش تېز بولىدۇ.

ۋاكالىتەن ئېلان قىلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. تاۋارلارنى سېتىش ۋە تاللاپ سېتىۋېلىشقا قولايلىق يارىتىپ، سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋاكالىتەن ئېلان قىلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جەمئىيەتكە سودا خا-راكتېرىنى ئالغان ئېلانلارنى تارقاتتى، بۇ، تۈرلۈك سودا ئىشلىرى خاراكتېرىدىكى ئېلان، تەشۋىق ۋە-رەقى، سېتىۋېلىش ـ سېتىش توغرىسىدىكى ئېلان قا-تارلىق تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مال پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا، يوللانمىنى ئەۋەتكۈچى يول-لانمىنى پوچتىغا سېلىش ۋاقتىدا ئەۋەتمەكچى بولغان نەرسىنىڭ مال باھاسىنى پوچتا خادىمىغا ئېيتىپ،

بۇ خىل كەسپىنىڭ بىر لەشمە تورى شەكىللەندى. بۇلدىن باشقا، ئۇرۇمچى ئاۋستىرالىيە، كانادا، فرانسىيە، گېرمانىيە لىيەنباڭ جۇمھۇرىيىتى، ياپونىيە، گوللاندىيە، سىنگاپور، شىۋىتسارىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، براز-ىلىيە، ئارگېنتىنا، مالايشىيا، شاڭگاڭ، ئاۋمېن قاتار-لىق 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن خەلقئارا ئالاھىدە، مەخسۇس، تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار كەسپىنى يولغا قويدى. بۇ يوللانمىلار ئادەتتە 3 كۈندىن 5 كۈنگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يەتكۈزۈلىدۇ.

پوچتا خەۋەرلىشىش باشقىنى - ئاخىر «خېتى بار ئاۋازى يوق» يەتكۈزۈش قورالى دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ لغۇ ۋە ئېلېكترون سانائىتىنىڭ قوللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ئۆزگەردى. ئۇرۇمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى 1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، مەملىكەت ئىچىدە «ئاۋازلىق خەت - چەك» كەسپىنى يولغا قويۇپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن پايدىلىنىپ خەۋەرلىشىدىغان بولدى. بۇنىڭدا ئەۋەتكۈچى دېمەكچى بولغان سۆزىنى لېنتىغا ئېلىپ ھەمدە پوچتىخانا مەخسۇس تەييارلىغان لېپاپقا قاچىلاپ پوچتىخانا ئارقىلىق تاپشۇرۇۋالغۇچىغا ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئاۋازلىق خەت - چەك ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ.

پوچتىخانا ساقلاپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇ، كاماندىروپكىغا، سەيلى ـساياھەتكە، تۇققان، ئەل-ئاغىنىلىرىنى يوقلاشقا چىققۇچىلار ئۈچۈن بىخەتەرلىك، قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېچىلغان يېڭى كەسىپ، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ناھايىتى ئاددى، بۇنىڭدا، مۇناسىۋەتلىك پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ سىرتىغا (ياكى پوسۇلكا قەغىزىگە) ياكى پۇل پېرېۋوت ئۇقتۇرۇشى (تېلېگرام پۇل پېرېۋوت قەغىزى) غا تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ-ئىسىم فامىلىسىنى، ساقلىغۇچى پوچتىخانىنىڭ ئىسمىنى ۋە پوسۇلكا ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى، ئىسىم فامىلىسىنى ئېنىق يېزىش ھەمدە «پوچتىخانىدا ساقلىنىپ كېيىن ئېلىنىدۇ» دەپ ئىزاھ بېرىلسىلا بولىدى. بۇ خىلدىكى پوچتا يوللانمىلىرى، پېرېۋوت قىلىنغان پۇل قارشى تەرەپتىكى پوچتىخانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پوچتىخانا ساقلايدۇ، پوسۇلكىنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئۆزىنىڭ سالاھىيەت كېنىشكىسىنى ئېلىپ بېرىپ پوچتىخانىدىن ئېلىۋالىدۇ. بۇ، ھەم بىخەتەر،ھەم قولايلىق بولغان يېڭى كەسىپ.

پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش كەسپى يولغا قويۇلدى. پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش ـ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ھالقا بولۇپ، ئۇنىڭدا پوچتا تىرانسپورت تورلىرىنىڭ ھەر تەرەپكە تۇتاشقان ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇمچى بىلەن مەم-

پوچتىخانىغا پوچتالىيون يوللانمىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋاقتىدا مالنىڭ پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىپ پوچتا ئارقىلىق ئۆزىگە پېرېۋوت قىلىشنى ھاۋالە قىلىدۇ.

تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك پوسۇلكا كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا، ھەجمى كىچىك، ئېغىرلىقى بىر كىلوگرامنىڭ ئىچىدىكى ۋاقىت چەكلىمە تەلىپى يۇقىرى خەت ـ چەكتىن تاشقىرى بۇيۇملار مەسىلەن، مال زاكاز قىلىش ئەۋرىشكىسى، جىددىي ئېھتىياجلىق دورا ماتېرىياللىرى، دورا بۇيۇملىرى قاتارلىقلار تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك پوسۇلكا كەسپى ئارقىلىق بىر ئىككى كۈن بۇرۇن يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

چوڭ تىپتىكى تاۋار پوسۇلكىلىرىنى قوبۇل قىلىش ـ يەتكۈزۈش كەسپى يولغا قويۇلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوبوروت يوللىرىنى كۆپلەيدىن ئېچىپ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكى تېخىمۇ جانلاندى. خەلقنىڭ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىدىغان ماددىي بۇيۇملىرىمۇ بارغانچە كۆپەيدى، مانا بۇ خىل يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پوچتىخانا چوڭ تىپتىكى تاۋار پوسۇلكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ يەتكۈزۈش كەسپىنى 1987 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويدى.

لانمىنىڭ يېتىپ بېرىش ۋاقتىنى بىلىۋالالايدۇ. ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەر پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان كىتاب، خەت - چەك، ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە ماددىي بۇيۇملار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى «پوچتا ئارقىلىق تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار» ئارقىلىق ئەۋەتىشكە بولىدۇ. تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلارنى پوچتىخانا ئىدارىدا قولىنىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى بويىچە قوبۇل قىلىپ ۋە يەتكۈزۈپ، يوللانمىلارنىڭ توغرا يەتكۈزۈلۈشى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچىدىكى 33 تارماق ئاپپارات پوچتا تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار كەسپىنى يولغا قويۇپ كەڭ ئابونتلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

پوچتا يوللانمىلىرىنى پويىز ئارقىلىق ۋاكالىتەن ئەۋەتىش، ۋاكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇ كەسىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۆمۈر يول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ماللىرىنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى يەڭگىللىتىپ، تۆمۈر يول مال مەيدانىنىڭ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈردى. باج ئوغرىلاش يوچۇقلىرىنى توساپ، بازارنى جانلاندۇردى، ئابونتلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى پوچتا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى تو-

لىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ۋە خەلقئارائوتتۇرىسىدا تاۋارلارنى پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. ۋاكالەتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالەتەن سېتىش، ۋاكالەتەن ئەۋەتىش، ۋاكالەتەن تەشۋىق قىلىش كەسىپلىرىنى بېجىرىدۇ. ئەگەر بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا، تاۋارلار بولسا پوچتا ئارقىلىق سېتىۋېلىش شىركىتىنىڭ يولى ئارقىلىق يول ئېچىپ پۇل ئوبوروتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

پوچتا ئارقىلىق تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلار كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇ پوچتا تارماقلىرى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغان بىر خىل يېڭى كەسىپ بولۇپ، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر كۈنى پوچتا قاتناپ تۇرىدىغان بارلىق شەھەر، ناھىيىلەردىكى پوچتا تارماقلىرى بېجىرىشكە باشلىدى. بۇ كەسىپتە يەتكۈزۈش ۋاقىت چەكلىمىسىگە قاتتىق تەلەپ قويۇلىدۇ، تىجارەت، ئايرىش، توشۇش، يەتكۈزۈش، تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى چىڭ باشقۇرۇش تەشكىلىي تۈزۈمى ئورنىتىلغان، ھەر قايسى ھالقىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش رەسمىيەتلىرى ۋە تەلىپى ئادەتتىكى پوچتا يوللانمىلىرىغا نۇرغۇن جەھەتلەردە ئوخشىمايدۇ، پوچتىخانا تېز يەتكۈزۈلىدىغان يوللانمىلارغا نىسبەتەن تېز ۋە ئۈنۈملۈك يەتكۈزىدىغان قاتناش قورالى ۋە لىنىيىنى تاللاپ ئىشلىتىپ، تېز يەتكۈزۈشنى ئۈيۈشتۇرىدۇ. ئابونت يوللانمىنى پوچتىغا تاپشۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يول-

# تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى

## چيا ۋېنشەن

## كونا دەۋردىن يېڭى دەۋرگىچە

1949 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ ھەربىي ۋەكىللىرى سابىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، بارلىق تېلېگراف ئىشچى - خىزمەتچىلىرى: ئۇزۇندىن بۇيان تەشنا بولۇۋاتقان ئارزۇيىمىز ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى، دەپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى رادىستلار يەتتە يىل ئىلگىرىلا يەنئەن سىمسىز تېلېگراف رادىستلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، چېگرا شەھەر ئۈرۈمچى بىلەن ئىنقىلابىي مۇقەددەس شەھەر يەنئەن ئوتتۇرىسىدىكى سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسى سېپىدە ئىككى يىل ئىشلىگەن ئىدى. بۇ، 1940 - يىلى، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى يول-

لۇق فوزغاپ، خەۋەرلىشىش سوپىتى، مۇلازىمەت سەۋىيە-
سى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى بىردەك يۇقىرى كۆتۈردى.
ھازىر، ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا تۇرۇشلۇق
پوچتا ـ تېلېگراف تارماق ئىدارىسىنىڭ بىر كۈنلۈك
كەسپىي مىقدارى، 1949 ـ يىلدىكى كونا «دىخۇا»شەھەر-
لىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىر ئايدا 60كىلوگراملىق كەس-
پىي ئالماشتۇرۇش مىقدارىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق. ھازىر
ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلغان پوچتا خەۋەرلىشىش
تورى ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچىنىڭ سوتسىيالىس-
تىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆر-
سىتىپ جارى قىلدۇرماقتا.

بۇ يەردىكى ياش رادىستلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. كۆپچىلىك رادىستلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ: يەنە ئەن بىرىنچى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالمۇتا ئىككىنچى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئەڭ ناچار، دەپ باھا بېرىشكەن ئىدى. ھەر قېتىم يەنئەندىن تېلېگرامما ئارقىلىق قوبۇل قىلغان شىنخۇاشې تېلېگراف خەۋەرلىرىنىڭ گېزىتكە بېسىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىز ئىنتايىن خۇشال بولاتتۇق. 1942 - يىلى، شىڭشىسەي ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتقاندىن كېيىن، شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەۋاتقان بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى قولغا ئالدى ۋە يەنئەن بىلەن بولغان تېلېگراف ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا مال باھاسى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، سىياسىي ۋەزىيەت قالايمىقانلاشتى. تېلېگراف ئىدارىسىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. تىجارەتتە ئېغىر زىيان تارتقاچقا، چاغئەن تېلېگراف ئىدارىسى، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن قەرز پۇل ئېلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىشقا مەجبۇر بولدى، بەزىدە ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ ئاران 40%-50% نىلا تارقىتالىدى. 1949- يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىقى چۇڭچىڭدىن شىنجاڭغا بۇيرۇپ بەرگەن بىر تۈركۈم شەھەر ئىچى تېلېفون كابېللىرى، تېلېگرامما ئاپپاراتى، تېلېگرامما قەغىزى قاتارلىق يەتتە

داشلار شىڭ شىمەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۈرۈمچى
سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسىدا يەنئەن بىلەن بولغان
سىمسىز تېلېگراف ئالاقە يولىنى ئېچىپ، كۈندە بىرسا-
ئەت ئالاقە قىلىپ، 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش
بېجىرىش ئورنى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تېلېگراممىلارنى يەتكۈزۈشنى
كېلىشكەن ۋاقىتتىكى ئىش ئىدى. بۇ، شىڭ شىمەي
ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپە بولغاچقا، تېلېگراف ئىستانسىسى
شىنجاڭ قاتناش تېخنىكومىنىڭ 3 - قارار رادىست سىنى-
پىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن نەتىجىسى ئەلا
بولغان تۆت ئوقۇغۇچىنى تاللاپ بۇ تېلېگراف ئالاقىسى-
نىڭ دېژورنىلىق خىزمىتىگە قويغان. ئۇ چاغدا يەنئەن-
نىڭ تېلېگراف ئىستانسىسى كەمە ئىچىدە تېلېگرامما تار-
قىتاتتى ھەمدە ئاپپارات - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ چاستوتى-
سى تۆۋەن، سىگنالى ئاجىز ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تې-
لېگراممىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.
لېكىن يەنئەن تېلېگراف ئىستانسىسى رادىستلىرى خىز-
مەتتە ئىنتايىن ئەستايىدىل بولۇپ، بىر پارچە تېلېگ-
راممىنى بەزىدە 10 نەچچە قېتىم تەكرار بېرەتتى
ياكى 5 - 10 گۇرۇپپا سىفىر ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،
تېلېگراممىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم سو-
راپ، ئاندىن داۋاملاشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىنى-
قىلابىي ئىشلارغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىزنىڭ

باشقۇرالمايتتى؛ چەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق بىر قانچە ناھىيىدىنمۇ پەقەت كىچىك تىپتىكى سىمسىز تې- لېگراف ئىستانسىلىرىلا بار ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى تې- لېفون كامىتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 300 تېلېفون بولسىمۇ، لېكىن ئاسىراس-رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك زاپچاسلار كەمچىل بولغاچقا، ھەر بىر كامىتاتور ئۇلى- يالايدىغان تېلېفون سانى كامىتاتور سىغىمچانلىقىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى، تېلېگراف ئىدارىسىدىن سىرتقا تارتىلغان تېلېفون كابېلىنىڭ بىر قىسمى يېرىلىپ كەتكەچكە دائىم سۇ كىرىپ كېتىپ، تېلېفون سىمىلىرى ئارىلىشىپ كېتىپ، نۇرغۇن تېلېفونلارنى ئالغىلى بول- مايتتى. تېلېگراف ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى قىلچە كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شىنجاڭ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ 1948 - يىلى گو- مىنداڭ ھۆكۈمىتى قاتناش مىنىستىرلىقى تېلېگراف باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا يوللىغان بىر پارچە تې- لېگراممىسىدا: «يېقىنقى ئۈچ ئايدا، ئىش ھەققىنى تو- لۇق تارقاتقىلى بولمىغاچقا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يەتتى. بۇ ئايدا ئىش ھەققىنىڭ 40 پىرسەنتى تارقىتىلدى، ئىككىنچى قەرەللىك مۇكاپات سوممىسىنىڭ ئاران 30 پىرسەنتى تارقىتىلدى، بۇ لەنجۇ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى (گەنسۇ تېلېگراف باش- قۇرۇش ئىدارىسى) تارقاتقان ئىش ھەققى (80 پىرسەنت)

تونىا جىددىي ئېھتىياجلىق ئۇسكۇنە ـ ماتېرىياللار باۋجى، شۇاڭشىپۇ (فېڭشيەن ناھىيىسى)گە توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ ئېلىپ كېلىشۋېلىشىغا توغرا كەلگەن. ئەمما شىنجاڭ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ توشۇش ھەققىنى تۆلەشكە پۇلى بولمىغاچقا ئېلىپ كېلەلمىگەن ھەمدە كۆندە لازىم بولىدىغان تېلېگراممىما قەغىزىنىمۇ لەنجۇ تېلېگراف ئىدارىسىدىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلەتكەن.

1948 - يىلى، گەرچە ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ ئوتتۇرىسىدا تېلېگرامما بىلەن تېلېفون يولىنى بىللە ئىشلىتىش ئۈچۈن يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېگراف ئالاقىسى قەرەللىك يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ قوشۇنلىرى سىم يولىغا خالىغانچە تېلېفون ئاپپاراتى ئورناتقان، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىنى بۇلاپ كەتكەن، تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈۋەتكەن بولغاچقا، دائىم كاشىلا چىقىپ تۇراتتى. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسى پەقەت سانجى، جىمىسار، ماناس، قارا شەھەر قاتارلىق ئۆلكە مەركىزىگە يېقىن بولغان بىر قانچە ناھىيىگە ئاران يېتىپ باراليتتى. ئەمما مۇشۇ تېلېفون يوللىرىنىمۇ شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي دائىرىلىرى «ھەربىي ئىشلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق» دېگەندەك باھانىلار بىلەن دائىم ھەقسىز ئىگىلەپ ئىشلىتەتتى. ئۇنى تېلېگراف ئىدارىسى

ئۆزبېك، شىۋە، رۇس كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 53 نەپىرى كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبى، شىمالىي شىنجاڭدىكى تېلېگراف سېستېمىلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ، كەسپىي تايانچلاردىن بولۇپ قالدى. 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى شىنجاڭ مەركىزىدىكى تېلېگراف كارخانىلىرىنى باشقۇرىدىغان ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاپپارات بولۇپ، ئورنى باھار شامىلى كوچىسىدىكى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئىدى. 1955 ـ يىلى، پوچتا ـ تېلېگراف مىنىستىرلىقىنىڭ «مەملىكەت بويىچە پوچتا ـ تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدىكى قارارى»غا ئاساسەن، ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى بىلەن تېلېگراف ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى بولدى. كېيىن يەنە، 1964 ـ يىلى ئېچىلغان مەملىكەت بويىچە 14 ـ قېتىملىق پوچتا ـ تېلېگراف خىزمىتى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ شتاتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 50 ـ يىللاردا شىنجاڭدا تېخنىك، كەسپىي خادىملار قوبۇل قىلىنىپ تەربىيىلەنگەندىن باشقا، پوچتا ـ تېلېگراف مىنىستىرلىقى ئىچكى ئۆلكىلەردىن زور تۈركۈمدىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىسى مول كەسپىي كادىرلار، ئىشلەپچىقىرىش

نىڭ ئاران يېرىمىغا، مۇكاپات سوممىسى (60 پرسەنت)- نىڭ ئاران يېرىمىغا باراۋەر كېلىدۇ، بۇ ئانچە مۇۋا- پىق ئەمەس...» دېيىلگەن. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ- زۇن مۇددەتلىك رۇخسەت سوراپ باشقا تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزدىگەن. غەربىي شىمالنىڭ قوماندانى جۇ- شاۋلياڭ تېلېفون ئۇرۇپ: «ئەگەر پاسسىپلىق قىلىپ ئىش- نى ئاقساتقان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، ئۆز ئىختىيارىچە ئىشقا كەلمىگەن، باھانە كۆرسىتىپ رۇخسەت سورىغانلار بولسا، تېلېگراف ئىدارىسى ھەربىي سوت- نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ، ھەربىي قانۇن بو- يىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم» دەپ تەھدىت سالغان. مانا بۇ، ئازادلىق ھارپىسىدىكى ئۈرۈمچى تې- لېگراف ئىشلىرىنىڭ ۋەيرانە ھالىتى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىنلا ئۈرۈمچىنىڭ تېلېگراف ئىشلىرى شىنجاڭدىكى ھەر قاي- سى قېرىنداش مىللەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئالاقە قورالىغا ئايلاندى. ھەربىي ۋەكىللەر ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىچىدە ئاران 13 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1950- يىلى 4- ئايدىن 1951- يىلى 3- ئاي- غىچە، شىنجاڭ قاتناش نازارىتى بىلەن تېلېگراف باش- قۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە ئاچقان تېلېگراف خادىم- لىرى كۇرسىغا 56 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق، تاتار،

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى (ھازىرقى ئاپتو-نوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچى خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا 7.8 ھەسسىسى ۋە 25 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى 402 نەپەر، 1988 - يىلى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا سالاھىيىتىگە ئىگە 384 نەپەر تېخنىك خادىم باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە: يۇقىرى دەرىجىلىك-لەر 13 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 107 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىكلەر 264 نەپەر، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى يىلىغا 20%ئېشىپ باردى. ئىدارىدا فۇنكسىيىلىك بۆلۈم، ئىشخانىدىن 17 سى، پار-تىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار سىستېمىسىدىكى بۆلۈم دەرى-جىلىك ئورۇندىن 46سى، 12 ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم، ئىش-خانا (شەھەرلىك تېلېفون شۆبە ئىدارىسىنى ئۆز ئىچىگە ئا-لىدۇ)، 1 خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇش ئورنى، 2 شۆبە ئورۇن؛ ئىدارە قۇرغان تېلېگراف تىجارەت نۇقتىسىدىن 37 سى، 75 ۋاكالىتەن تىجارەت نۇقتىسى بار. بۇلار پۈتۈن شە-ھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ھەر خىل تېلېگراف كەسپلىرىنى بېجىرىدۇ ھەمدە ئىككى تىجارەت ئورنى كېچە - كۈندۈز تىجارەت قىلىدۇ.

قايانچىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈر-
گەن ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن
نىڭ تېلېگراف قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. ئۈرۈمچى
تېلېگراف ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنغان بۇ ئىختىساس
ئىگىلىرى بىلەن ئىدارىدا ئەسلىدە بار ئىشچى - خىز-
مەتچىلەر ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ،
ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەپ، ئۈرۈمچىنىڭ تۇرلۇك
تېلېگراف كەسپلىرىدە مۇستەھكەم ئاساس ياراتتى.
40 يىللىق جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك
يارىتىش جەريانىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېلېگراف
ئىدارىسى شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئالاقە تۈگۈنىگە ئاي-
لاندى. ئۇ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تېلېگراف ئالاقە
يوللىرىنى تەكشۈرۈش، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، تېلېگرام-
مىلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلاپ بېرىشنى ھەمدە ئۈرۈم-
چى رايونىنىڭ تېلېگراف تىجارىتى ۋەزىپىسىنى ئۈستى-
گە ئالغان. ئۇنىڭ مۇلازىمەت دائىرىسى چېتىلىدىغان
جۇغراپىيىلىك رايون، شەھەرلەر مەملىكىتىمىزدىكى
ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن باشقا، يەنە بەش چوڭ
قىتئەدىكى 140 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. ئىسلاھات، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 1988 - يىلى
تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇ-
مىي سانى 1925 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ 331 نەپىرى
ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولۇپ، بۇ

نى ئىچىشتا ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسى سەككىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى ئىجارىگە بېرىپ، گېئولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، نېفىتلىك كۆلىمىنى بېكىتىشىگە ياردەم بەرگەن. ئىدارە ئىچىدە سىرتقا چىققان تېلېگراف ئاپپاراتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان رادىستلار كېچىلىرى ئاجىز كىرسىن لامپا يورۇقىدا نائۇشنىكتىن ئاڭلانغان پاشىنىڭ ۋىڭىلدىشىدەك ئاجىز سىگناللارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلاپ خاتىرىلەپ ھېرىپ-چارچىسىمۇ كۈندۈزى يەنە پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

1951 - يىلى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان ئۇيغۇرچە تېلېگرامما كەسپى مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم دۆلەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى تېلېگراف ئالاقىسىدا يەتكۈزۈلۈشكە باشلىغان ئازسانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تېلېگرامما كەسپى بولۇپ، بۇ، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغان ئازسانلىق مىللەت خەلقىنى قولايلىق، ئىشەنچلىك خەۋەرلىشىش ۋاسىتىسى بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەق ھېسابلاش ئۆلچىمى مەملىكەت ئىچىدىكى خەنزۇچە ۋە باشقا يېزىقلاردىكى ئاممىۋى تېلېگرامما ھەققىدىن 37.5% تۆۋەن بېكىتىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئازسانلىق مىللەت خەلقىگە بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى.

# تېلېگرامما بەش قىتئەگە تۇتاشقان

ئۈرۈمچىنىڭ تېلېگرامما ئالاقىسىدا 50 ـ يىللار-
دا، شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، كىشىلىرى ناچار بولۇش-
تەك ئالاھىدىلىكىگە ۋە شۇ چاغدىكى دۆلەتنىڭ ما-
لىيە كۈچى، ئادەم كۈچى، تېخنىكا ئەھۋالىغا ئاساسەن،
سىمسىز تېلېگراف ئالاقىسى ئاساس قىلىنىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە بىر قى-
سىم ناھىيىلەردە سىمسىز تېلېگراف، تېلېفون ئالاقىسى
يولغا قويۇلغان. يەر ئىسلاھاتى، دالا مەشغۇلاتى، ئا-
پەتتىن قۇتقۇزۇش، باندىت يوقىتىش قاتارلىق جىد-
دىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن،
يەنە كىچىك تىپتىكى سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى
ئىجارىگە بېرىش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، تېخنىكا جە-
ھەتتىن پىششىق ياش رادىستلار تېلېگراف ئاپپاراتىنى
يۈدۈپ، جەڭ ئېتىغا مىنىپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت
ئەترىتى، ئورمان، مۇزلۇق، گېئولوگىيە تەكشۈرۈش
ئەترەتلىرى، باندىت يوقىتىش قوشۇنلىرى بىلەن بىللە،
نۆلدىن تۆۋەن 40 ـ 50 گىرادۇس قاتتىق سوغۇقتا شىن-
جاڭدىكى ئېگىز چوققىلار، قارلىق داللاردا خەۋپ -
خەتەردىن قورقماي، مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى
باشتىن كەچۈرۈپ، ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولغان ئالا-
قىلىشىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. قاراماي نېفىتلىكى-

يۇقىرى تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە بولدى؛ 1982 – يىلى يەنە، سۈرئىتى تېز، شاۋقۇنى تۆۋەن بولغان تولۇق ئېلېكترونلۇق فوتو تېلېگراف ماشىنىسى ئەسلىدىكى قوپال يوغان 55 تىپلىق فوتو تېلېگراف ماشىنىسىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 1980 – يىلى 9 – ئايدا، يېڭىدىن قۇرۇلغان 17 مىڭ 671 كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى تېلېگراف تۈگۈنى بىناسى پۈتۈپ، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن مىكرو ئېلېكترون مېڭە ئارقىلىق تېلېگراممىنى ئاپتوماتىك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇرۇمچىنىڭ تېلېگراما يەتكۈزۈشى خەلقئارالىق زامانىۋى سەۋىيىگە يەتتى. بۇ تېلېگراما يەتكۈزۈش سۈرئىتىنى ۋە يەتكۈزۈش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلدى ھەمدە تېلېگراما كەسپىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ جىسمانى ئەمگىكى زور دەرىجىدە يېنىكلەپ 30 نەچچە نەپەر رادىست تېجەپ قېلىندى. 1988 – يىلى، تېلېگراما قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش مىقدارى 1950 – يىلدىكىنىڭ 147 ھەسسىسىگە يەتتى.

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇرۇمچىنىڭ خەلقئارا تېلېگراما كەسپىدە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا بىلەن ئۇرۇمچى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلا تېلېگراف يولى بار ئىدى. ھازىر 5 قىتئەدىكى 140 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن خەلقئارا تېلېگراما

60 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەۋەر-
لىشىش تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە سىم-
لىق تېلېفون يولىدىكى يۆتكىلىمە دولقۇنلۇق تېلېگرامما
ئالاقىسى قانات يايدۇرۇلدى، فوتوتېلېگرامما ماشىنىسى
ئارقىدا قالغان ۋېيشى تېلېگرامما قوبۇل قىلىش ـ تارقى-
تىش ئاپپاراتىنىڭ ئورنىنى دەسسىدى. 1958 ـ يىلى،
فوتو تېلېگراف كەسپى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن،
1969 ـ يىلى، ئۈرۈمچى ـ بېيجىڭ تېلېگراف يولىدا گې-
زىت نۇسخىسىنى فوتو تېلېگراف ئارقىلىق يەتكۈزۈش
مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1970 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ
1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، فوتو تېلېگراف ئارقىلىق گېزىت
نۇسخىسىنى يەتكۈزۈش ھەر ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئايرو-
پىلان ئارقىلىق گېزىت نۇسخىسىنى يەتكۈزۈشنىڭ ئور-
نىنى ئىگىلىدى. نەتىجىدە ئۈرۈمچىدىكى مۇشتەرىلەر
«خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»،
«پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» قاتارلىق بېيجىڭدا نەشىر
قىلىنىدىغان گېزىتلەرنى شۇ كۈنىلا كۆرەلەيدىغان بولدى.
1978 ـ يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئەينەن
فوتو تېلېگراف، ئابونىت تېلېگرامما كەسپى يولغا
قويۇلدى، يەنە تېلېگراممىدىكى خاتالىقلارنى ئاپتوما-
تىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۈزىتىدىغان (ARQ) ئۈسكۈنە
ئورنىتىلىپ، تېلېگرامما ئالاقىسى مۇلازىمىتى تېخىمۇ

مىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئەمما تېلېگراممىنى لاتىنچە يېزىقتا بولغاچقا، بوۋاي نەچچە كىشىگە ئوقۇتقان بولسىمۇ ئۇلار تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، ئۇ فرونزىدىكى ئۇكام ئالەمدىن ئۆتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۈچ كۈن يىغلايدۇ، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا تېلېگراف ئىدارىسىغا بېرىپ كۆرسىتىپ بېقىشنى ئېيتىدۇ، خەلقئارا تېلېگرامما تىجارەت ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىم بۇ بوۋاينى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى تېزلا تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۇكىسى 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى تەبرىكلەپ بەرگەن تې- لېگرامما ئىكەن، بوۋاي شۇ ھامان خۇشال بولۇپ، خىز- مەتچى خادىمغا رەھمەت ئېيتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن تېلېگراممىلارنى ئەگەر تېلېگراممىنى بىر تەرەپ قىلىش قائىدىسىدىكى تەلەپ بويىچە بىر تەرەپ قىلغاندا، تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى ئەسلىدىكى تېلېگرامما بەرگەن ئورۇنغا قايتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى: نۇرغۇنلىغان تېلېگرام- مىلاردىكى تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسى نەچچە ئون يىل ئىلگىرىكى ئادرېس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېنىق ئەمەس ئىدى، بەزى ئادرېسلار قالدۇقچان يو- قاپ كەتكەن بولۇپ، تېلېگراممىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئىنتايىن تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېگرامما تار- قاتقۇچى ئىدارە تېلېگرامما مەزمۇنىنى لاتىنچىغا تەر-

ئالاقىسى بار. 1988 ـ يىلقى خەلقئارا تېلېگراممىلارنى قوبۇل قىلىش ۋەتارقىتىش مىقدارى 1950 ـ يىلدىكىنىڭ 19 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، خەلقئارا تېلېگراف تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار تىجارەت ئورنىنى ئېلىمىزنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىدىكى بىر كۆزنەك دەپ قاراپ ھەر بىر ئابونېتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزغىن پوزىتسىيىدە كۈتۈۋالدى ھەمدە ئابونېتلارنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ھەر خىل مۇلازىمەت بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. دۆلەت ئىچىدىكى بىر ئابونېت سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇپ ئالالمىغاندىن كېيىن تېلېگرامما بېرىدۇ، ئەمما تېلېگراممىسى قايتىپ كېلىدۇ. تىجارەتچى خادىم بۇ كىشىنىڭ قولىدىكى چەتئەلدىن كەلگەن خەتتە ئۇ ئىزدىمەكچى بولغان ئابونېت فوتوتېلېگراف ۋاكالەت نومۇرىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ كىشىگە ئابونېت تېلېگراممىسى بېرىشنى نەسىھەت قىلىدۇ، دەسلەپتە بۇ كىشى ئابونېت تېلېگراممىسىنىڭ رولىغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، قارشى تەرەپنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسى يېتىپ كېلىدۇ. بۇكىشى ئىنتايىن ھەيران قېلىپ: «سىلەرنىڭ تېلېگراممىلارنىڭ ئايروپىلاندىنمۇ تېز ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن» دەيدۇ. يەنە بىر ئۇيغۇر بوۋاي سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى فرونزىدىن كەلگەن بىر پارچە تېلېگرام-

كۈتۈۋاتقان ئىكەن، ئۇلار ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ: «سىزگە كۆپ رەھمەت، بىز بۇ ئىككى كۈندىن بۇيان ماشىنىنى تەييار قىلىپ قويغان ئىدۇق، ئەگەر بىز بۇ تېلېگراممىدىكى كۈندە تۇغقىنىمىزنى كۈتۈۋالالمىساق، ئۇلارغا بەك ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولاتتۇق» دەيدۇ. خىزمەت جەريانىدا خەلقئارا تېلېگراف خادىملىرى ئابونېتلارغا ئادرېس، ئىسىم فامىلىسىنى ئېنىق يېزىشنىڭ مۇھىملىقىنى دائىم قايتا - قايتا تەپسىلىي چۈشەندۈردى، چەت ئەللەرگە بېرىلىدىغان خەلقئارا تېلېگراممىلارنىڭ ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى، ئۆلچەمگە لايىق بولمىغان، لاياقەتسىز تېلېگراممىلارنى ھەرگىز بەرمىدى، شۇڭا چەت ئەلدىن قايتۇرۇۋېتىلگەن لاياقەتسىز تېلېگراممىلار ئىنتايىن ئاز بولدى.

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كېچە - كۈندۈز راۋان

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون جەھەتتە، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پەقەت ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغىچە بولغان بىرلا يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى بار ئىدى. 1952 - يىلى ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە، ئۈرۈمچىدىن ئىلىغىچە بولغان يۆكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئازساندىكى رايونلاردىمۇ تېلېفون ئالاقىسى يولغا قويۇل-

جەمئە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى بىز تەرەپ تاپشۇرۇۋالغان-
دىن كېيىن، لاتىنچە يېزىقتىكى ئادرېس، ئىسىم-
فامىلىلەرنى يەنە ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىققا تەرجىمە
قىلىدۇ، تەلەپپۇز قىلىش ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىككى
قېتىم تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا ئۆزگىرىش بىر قەدەر
چوڭ بولۇپ، تېلېگراممىنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئادرې-
سىنى پەرقلەندۈرۈپ تونۇش ئىنتايىن تەس بولىدۇ.
بۇنداق ئەھۋالغا دۈچ كەلگەندە خەلقئارا تېلېگرامما
تىجارەت ئورنىدىكى خادىملار، پوچتالىيونلار ئاۋارىچىلىق-
تىن قورقماي ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تېلېگرام-
ما قوبۇل قىلغۇچى كىشىنى ئىزدەيدۇ، بەزىدە بىر تېلېگ-
راممىنى ئۆز ئىگىسىگە تەككۈزۈش ئۈچۈن، ئون نەچچە
قېتىم تېلېفون ئۇرۇشقا، بىر قانچە ئورۇنغا بېرىپ ئىز-
دەشكە توغرا كېلىدۇ. بىر قېتىم، خەلقئارا تېلېگرامما
تىجارەت ئورنىدىكى خىزمەتچى خادىم يولداش ۋۇگۇاڭ-
چى بىر پوچتالىيون ئىككى قېتىم يەتكۈزۈپمۇ ئىگىسىنى
تاپالمىغان بىر تېلېگراممىنى ئېلىپ بەخت يولىغا
بېرىپ، نۇرغۇن كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ پوچتالىيوننىڭ
ياردىمى ئارقىسىدا، ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ
ئىككىنچى ئىشىكىدىن تېلېگراممىنى قوبۇل قىلغۇچى
ۋالىسا مۇسادانى تاپىدۇ، بۇ ئائىلىدىكىلەر قورغاسقا
بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئولتۇراقلاشقان تۇغقىنىنى
كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ تېلېگراممىنى تەقەززالىق بىلەن

بولدى - دە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئۇزۇن يوللۇق خەۋەرلىشىش تور - لىنىيەلىرى شەكىللەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىدا ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىدى. 1979 - يىلى ۋە 1984 - يىلى 12 يۆكلىمە دولقۇنلۇق ئاپپارات كۆپەيتىپ ئورنىتىلدى ۋە ئېچىلاندى، ھەمدە 1982 - يىلى كۇيتۇن يۆنىلىشىدە يەر ئاستى سىممېترىك تېلېفون كابېللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نەتىجىدە يەتكۈزۈش سۈپىتى ۋە سىرتقى كاشىلىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە زور يۈكسىلىش بولدى. 1983 - يىلى، يېرىم ئاپتوماتىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ئاپتوماتىك ئۇلاشقا ئۆتۈش باسقۇچى بولۇپ، ئۈرۈمچىدىن بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بارىدىغان نەچچە ئون تېلېفون يولىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى سىممىسىز ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يوللىرى پۈتۈنلەي زاپاس ھالەتكە ئۆتتى. ھازىر ئۈرۈمچى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى 19 شەھەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك بىۋاسىتە تېلېفون يولى، يۆكلىمە دولقۇنلۇق، مىكرو دولقۇنلۇق، سۈنئىي ھەمرا تېلېفون يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 70 تىن ئارتۇق تېلېفون يولى بار.

غان بولسىمۇ، لېكىن ئۇسكۇنىلەرنىڭ چاستوتىسى تۆۋەن، ئالاقىلىشىش ئارىلىقى يىراق، ئېگىز تاغلار كۆپ بو- لۇشتەك سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تېلېفوندا سۆزلىشىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى ئېچىلدى. 1956 - يىلى، ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا بىۋاسىتە بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق يۇكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، 1962 - يىلىغا كەلگەندە لەنجۇ، بېيجىڭغا بارىدىغان تېلېفون يوللىرىنىڭ سانى يەنە كۆپەيتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىئەنگە بىۋاسىتە بارىدىغان تېلېفون يولى ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاقسۇنى ياردەملەش- شىش مەركىزى قىلىپ، كورلا، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، چەرچەن، چارقىلىقنى تۇتاشتۇرغان، شىمالىي شىنجاڭدا شىخۇنى ياردەمچى مەركەز قىلىپ، غۇلجا، بۆرتالا، قاراماي، تارباغاتاي، ئالتاي، گۇچۇڭ، سان- جى قاتارلىق جايلارنى تۇتاشتۇرغان ئىككى ئايلانما خەۋەرلىشىش تورى شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لېنىيىسىنىڭ بىر رەجايىداكا شىلا، توسال- غۇ چىققاندا، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسىنى را- ۋانلاشتۇرغىلى بولىدىغان ئايلانما تېلېفون يولى بار

فامىلىسىنىمۇ ئېيتماستىن «بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز»
دەپلا كىتىپ قاپتۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك مەھسۇلات،
مېۋە ـ چېۋە شىركىتىدىكى ساۋ فامىلىلىك بىر يولداش
شىنجىڭ تىجارەت ئورنىدىن خەت يېزىپ مۇنداق دەي-
دۇ: «شىركىتىمىز ئەسلىدە 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 4
تونىنا ھۆل ئۈزۈمنى ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا ئېلىپ
بارماقچى ئىدى، بۇ ئۈزۈمنىڭ ئۆز ۋاقتىدا توشۇلۇش-
توشۇلماسلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مەن 7 ـ
ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۈچ قېتىم ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون
ئۇرۇپ ئالالمىدىم، ئۇرۇمچى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون
ئىستانسىسىدىكى تېلېفونچى خادىملار تەشەببۇسكارلىق
بىلەن مەندىن تېلېفون قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تۇرۇشلۇق ئۆيىنىڭ
ئادرېسىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى كەچتىلا
شىركەت مەسئۇلىنى تېلېفوندا ئېلىپ بەردى». ئېچىۋې-
تىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇ-
يان، داشىمىن تېلېگرامما تىجارەت ئورنىنىڭ تېلېفون ساق-
لاش زالىدىكى 40 نەچچە ئورۇندۇق كۈندە كەچتە بوش
قالمايدىغان بولدى. تېلېفون ساقلاۋاتقان بىر ئۇي-
غۇر يەككە تىجارەتچى مۇنداق دېدى: «ئۇزۇن يوللۇق
تېلېفون بىزگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، بىز 3 ـ 4 كۈندە
بىر كېلىپ تېلېفون ئۇرىمىز». يەنە بىر يەككە تىجا-
رەتچى مۇنداق دېدى: «كۈندۈزى ئىدارىلار تېلېفون ئۇر-
غاندا، بىز تىجارەت قىلىمىز، كەچتە كادىرلار ئىشتىن

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون خىزمەتچى خادىملىرى «خەلق پوچتىسى خەلقنى كۆزلەيدۇ» دېگەن پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئابونېتلار ئۈچۈن تېلېفون ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇردى. قەشقەرنىڭ مەلۇم بىر ئىدارىسىدىكى ۋاڭخۇا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئىستانسىسىغا مۇنداق مەزمۇندا خەت يازىدۇ: «جىيەنىم تۇنجى قېتىم يىراق سەپەرگە چىقىپ، خۇبېيدىن شىنجاڭغا كېلىپ، ئۈرۈمچىدە پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن ماڭا تېلېگرامما بېرىپتۇ، مەن تېلېگراممىنى ئېچىپلا، جىيەنىمنىڭ تېنەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جەنۇبىي پويىزۋوكزالى ئىش سوراش ئورنىغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ جىيەنىمگە بىزنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت گۇرۇپپىمىزنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا بېرىپ ساقلىشىنى ئېيتىپ قويۇشىنى ئۆتۈندۈم. تېلېفونچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشىدە قىيىنچىلىق بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماڭا: «سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بىز دەرھال پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ جىيەنىڭىزنى تېپىپ، ئۇنى سىزلەرنىڭ ئىدارىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى تۇرۇشلۇق جايغا ئاپىرىپ قويىمىز» دېدى، ئاندىن ئىككى تېلېفونچى خادىم دەرھال پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ، جىيەنىمنى پويىز ئىستانسىسىدىن مەن دېگەن جايغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئىسىم

يىن، تېلېفون يىغىنلىرىنىڭ سۈپىتى مىنىستىرلىق بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتتى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ مۆلچەرلىشىچە تېلېفون يىغىنى شەكلى ئارقىلىق ھەر قايسى ئۆلكىلەر قاتناشقان مەملىكەتلىك يىغىن ئاچقاندا يىغىن خىراجىتى ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىپ مەجلىس ئاچقاندىكىنىڭ ئاران $\frac{1}{7}$ گە باراۋەر كېلىدىكەن، يىغىنغا قاتناشقان ئادەم سانى 10 نەچچە ھەسسە ياكى نەچچە ئون ھەسسە كۆپىيىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خەلق ھاۋا قاتنىشى، تۆمۈريول قاتارلىق قاتناش ـ ترانسپورت تارماقلىرىغا بولغان بېسىم زور دەرىجىدە يېنىكلەيدىكەن. زېمىنى كەڭ، قاتنىشى قولايسىز بولغان شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرىدىغان رايون. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە كەسپىي سىستېمىلار تېلېفون يىغىنىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلىش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە جىددىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئىشلەپ بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسا-

چۈشۈپ تېلېفون يولىرى بوشىغاندا، تېلېفون ساقلاش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ ھەمدە يېرىم باھا مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولغىلى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى». تېلېگراف ئىدارىسى يېرىم ئاپتوماتىك تېلېفون ئۇلاش ئۈسكۈنىسىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون خادىملىرى نەچچە قېتىم كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئەسلىدە 1988 - يىلى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسى مىقدارى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىدىن 85 ھەسسە كۆپەيگەن.

تېلېفون يىغىنى — ئېلىمىزدە 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان تېلېگراف مۇلازىمەت كەسپى، ئۈرۈمچىدە 1953 - يىلى تۇرپان، قۇمۇل، غۇلجا، ماناس، شىخۇ، فۇكاڭ قاتارلىق جايلار قاتناشقان تېلېفون يىغىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلدى، ئۇ چاغدا شىنجاڭ بويىچە مۇكەممەل ئىشەنچلىك ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون تورى شەكىللەنمىگەن، ئۇلاش- يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئارقىدا قالغان بولغاچقا، سىناق نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانىدى.

1973 - يىلى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بېكىتىلگەن تېپتىكى يىغىن تېلېفوننى ئۇلاش - يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسى ئورنىتىلغان، شىنجاڭ بويىچە يۆكلىمە دولقۇنلۇق ئۇزۇن يوللۇق خەۋەرلىشىش تورى شەكىللەنگەندىن كېـ

ۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر بويىچە تېلېفون كامىتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 550 كە، تارتىلغان جۈپ ئوچۇق سىملار 426 كىلومېتىر، تېلېفون كابىللىرى 6.6 كىلومېتىرغا يەتتى. كامىتاتور ئۈسكۈنىلىرى، سىم يوللىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ۋە رېمونت قىلىنغان بولغاچقا، تېلېفوندا سۆزلىشىش سۈپىتى خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن شەھەر تېلېفونلىرىنىڭ سانى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن خېلىلا يىراق بولغاندىن تاشقىرى، يەنە يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەسىلەن: نەنگۇەن، دۆڭ كۆۋرۈك رايونىدىكى ئابونېتلار شەھەر مەركىزىگە بىر قېتىم تېلېفون ئۇرسا ئادەم كۈچى بىلەن تۆت باش ئاپپارات ئارقىلىق ئۇلاپ بېرىلەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى: يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن 50 تېلېفونلۇق كامىتاتور نەنگۇەنگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ جايدىكى ئابونېتلار شەھەر رايونىغا تېلېفون ئۇرغاندا تېلېفون ئۇرغۇچىنىڭ ئىدارىسىدىكى تېلېفون باش ئاپپاراتى — تېلېگراف ئىدارىسى نەنگۇەن تېلېفون باش ئاپپاراتى — تېلېگراف ئىدارىسى بېيىاڭ تېلېفون باش ئاپپاراتى — تېلېفون قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندىكى ئابونېت تېلېفون باش ئاپپاراتى ئارقىلىق تېلېفون قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تېلېفون ئاپپاراتىغا يېتىپ باراتتى، بۇنداق كۆپ ئۇلاش ـ ئالماشتۇرۇش ھالقىلىرى بولغاچقا ھەمدە ھەر

دىي تەرتىپىنى ياخشىلاش، ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىشخانا خىراجىتىنى تېجەش ئۈچۈن، بۇ يىل 1 - پەسىلدە ھەر قايسى سىستېمىلار تېلېفون يىغىنىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئېچىلغان تېلېفون يىغىنلىرىنىڭ قېتىم سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 2.5 ھەسسە كۆپ بولدى.

## شەھەر ئىچى تېلېفونلىرى ئىنتايىن قولايلىق

1949 - يىلى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان شەھەر ئىچى تېلېفون كەسپىدە پەقەت كونىراپ كەتكەن 300 ئورتاق باتارىيىلىك تېلېفون كامىتاتورى ۋە ئۇزۇنلۇقى 1.5 كىلومېتر كېلىدىغان 30 جۈپ يوللۇق تېلېفون كابېلىلا بار ئىدى، ئوچۇق سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىدىكى سىملار كۆپ بولغاندا سەككىز قەۋەتكە، تارتىلغان جۈپ ئوچۇق سىملار 350 كىلومېترغا يېتەتتى، تېلېفونلارغا ئۇلىنىدىغان سىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئېلېكتر لامپا سىملىرى، سىملىق رادىئو سىملىرى بىلەن بىر تۈۋرۈكتە بولغاچقا، ئاۋازنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش ئەھ

گىرىلگەن ھالدا يېڭى تەلەپ قويۇلدى، 1974 - يىلى يېڭىدىن قۇرۇلغان بېيجىڭ يولى شەھەر ئىچى 8 - شۆبە تېلېفون ئىدارىسى (ھازىرقى 3 - شۆبە ئىدارە)دە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن JEB—1A تىپلىق ئاپتوماتىك تېلېفون كامىتاتورى ئورنىتىلىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شەھەر ئىچى تېلېفون ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك تېز بولدى. 1983 - يىلى دوستلۇق يولى 4 - شۆبە تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشتى. توغرا، تىك قۇرۇلمىلىق 2060 يوللۇق ئاپتوماتىك شەھەر ئىچى كامىتاتورى ئورنىتىلدى. 1985 - يىلى، جيەنشاڭجياڭ يولىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان شەھەرلىك 5 - شۆبە تېلېفون ئىدارىسىدا توغرا، تىك قۇرۇلمىلىق 4120 يوللۇق شەھەر ئىچى كامىتاتورى ئورنىتىلدى، بۇ مەزگىلدە، شەھەرلىك 2 -، 3 -، 4 - شۆبە ئىدارىلار يەنە كۆپ قېتىم سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، 1985 - يىلىغا كەلگەندە شەھەر بويىچە تېلېفون كامىتاتورلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىمچانلىقى 14 مىڭغا يەتتى. 1987 - يىلى يەنە ياپونىيىدە ئىشلەنگەن 6500 دانە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى پروگراممىسى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان شەھەر ئىچى تېلېفونى كىرگۈ-

بىر ھالقىدىكى ئۇلاش لىنىيىلىرى يېتىشمىگەچكە، تې-
لېفونلارنىڭ ئۇلىنىش نىسبىتى تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن
تۆۋەن بولۇپ، بۇنىڭغا ئابونېتلارنىڭ پىكرى ئىنتايىن
كۈچلۈك ئىدى. 1955 - يىلى، شەھەر بويىچە كامىتاتور-
لارنىڭ سىغىمچانلىقى 1000 تېلېفونغا يېتىپ ماگنىتلىق
كامىتاتور بىلەن ئورتاق باتارىيىلىك كامىتاتور ئالما-
لاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى، ئەڭگۈەن تېلېفون كامىتاتورى
ئېلىنىۋېتىلدى. تېلېگراف ئىدارىسىدىن سىرتقا چىققان
تېلېفون كابىلى 1200 جۈپتىن كۆپىيىپ 2000جۈپكە يەت-
تى، تارتىلغان تېلېفون سىملىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئازاد-
لىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكىنىڭ 12 ھەسسىسىگە يەت-
تى. 1957 - يىلى، جۇڭسەن يولى تېلېگراف ئۇنىۋېرسال
بىناسى قۇرۇلدى. ھازىرقى شەھەرلىك 2 - شۆبە تېلېفون
ئىدارىسىدا دېموكراتىك گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن 2000
يوللۇق C - 52 ئاپتوماتىك تېلېفونكامىتاتورى ئورنۇ-
لاشتۇرۇلۇپ ئورۇمچى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى نو-
مۇر بۇرايدىغان ئاپتوماتىك شەھەر ئىچى تېلېفونى ئىش-
لىتىلگەن شەھەرگە ئايلاندى، نەتىجىدە، شۇ چاغدىكى
شەھەر ئىچى تېلېفونلىرى جىددىي بولۇش ئەھۋالى ھەل
بولدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېلېگراف تېخنىكىسى
جەھەتتىمۇ، خەۋەرلىشىش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا
كىردى. شەھەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە
ئەگىشىپ، تېلېگراف ئالاقىسى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئىل-

ئاپپارات ـ ئۈسكۈنىلەر يېتىشمەسلىكتىن ھازىرچە ئورنى-
تالمىدى. ئۇرالغۇ ئۆيىگە تېلېفون ئورناتقان 70 ياش-
لىق بىر مومايي مادانىياك مۇنداق دېدى: «نەچچە كۈن
ئىلگىرى بىزنىڭ ئۆيدىكى بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز كېسىلى
قوزغىلىپ قالدى، بۇ چاغدا مەن تېلېفون بىلەن ئوغ-
لۇمنى چاقىرتىپ كېلىپ، بوۋاينى دوختۇرخانىغا ئېلىپ
باردۇق؛ ئەگەر تېلېفون بولمىغان بولسا ئۇنىڭ كېسە-
لى چاتاق بولاتتى». 1986 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، «28613»
نومۇرلۇق شەھەر باشلىقى تېلېفونى پۈتۈن شەھەرگە
ئاشكارا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تۇنجى كۈنىلا دىجور-
نى خادىم 40 نەچچە قېتىم ئاممىدىن كەلگەن تېلېفون-
نى ئالغان، ئۇلاردا ئاممىنىڭ جىددىي ھەل قىلىشقا
تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلىرى ئىنكاس قىلىنغان، بۇ-
لارغا رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۆز ۋاقتىدا بىر
تەرەپ قىلدى. بۇ تېلېفون ھۆكۈمەت بىلەن ئامما ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا ناھايىتى
زور رول ئوينىدى. ئامما: «شەھەر باشلىقى تېلېفونى
بار بولغاندىن كېيىن، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىزگە يېقىن-
لاشتى» دېدى.

## ئىسلاھات جەريانىدا يۈكسىلىش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»مەزگىلىدىكى 10 يىللىق
قالايمىقانچىلىقتا، ئىلگىرى ياخشى بولغان تېلېگراف

زۇلدى. بۇ، 1957 ـ يىلى ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنى-تىلغاندىن كېيىنكى تېخنىكا جەھەتتىكى بىر زور سەك-رەش. 1988 ـ يىلىغا يەتكەندە، شەھەر بويىچە تېلې-فون كامىتاتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 25 مىڭ-دىن كۆپەيگەن، تېلېفون كابېلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېترغا يېتىپ، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدى-كىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 83 ھەسسە ۋە 460 ھەسسە ئاشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەر ئىچى تېلېفون ئىشلىرى ھاۋادا تارقىتىلغان ئوچۇق سىمدىن يەر ئاس-تى كابېلىرىغا، ئادەم كۈچى ئارقىلىق تېلېفون ئۇلاش-تىن نومۇر بۇرايدىغان ئاپتوماتىك تېلېفونغا، يالغۇز بىر ئىدارىدىن كۆپ ئىدارىغا، ئاپتوماتىك كامىتاتور-دىن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى پروگراممىسى ئارقىلىق كونترول قىلىشقا راۋاجلىنىشتەك ئەگرى ـ تو-قاي يولنى بېسىپ ئۆتتى، بىر قىسمى 80 ـ يىللاردىكى خەلقئارالىق تېخنىكا سەۋىيىسىگە يەتتى.

شەھەر ئىچى تېلېفون قۇرۇلۇشى ئۈرۈمچى رايو-نىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زور قولايلىق ئېلىپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەھەر ئىچى تېلې-فون كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر زور ئالاھىدىلىك: 2000 دىن ئارتۇق ئائىلە ئۆيىگە تېلېفون ئورناتتى، يەنە نەچچە يۈز ئائىلە تېلېفون ئورناتماقچى بولسىمۇ،

لىرى يولغا قويۇلدى؛ 1982 - يىلى، ئىقتىسادىي مەسئۇ-
لىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يادرو، كارخانى-
لاردىكى ئىقتىسادىي باشقۇرۇش، سۇپەت باشقۇرۇش ۋە
ئىقتىسادىي ھېسابات خىزمىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلى-
غان كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش خىز-
مىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى
دەرىجىمۇ-دەرىجە ئورنىتىلدى، پۈتۈن ئىدارە بويىچە ئىق-
تىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بويىچەمۇكاپاتلاش- جازا-
لاشنى يولغا قويۇشنىڭ 22 ماددىلىق تەپسىلىي پىرىنسى-
پى تۈزۈپ چىقىلدى، 465 ماددىلىق ھەر خىل مەسئۇلى-
يەت تۈزۈمى، 3143 ماددىلىق بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ ئا-
ساسىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلدى. كەسپلەشكەن
باشقۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە
ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش ئاپپا-
راتلىرى مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى ھەمدە ھەر قايسى
بۆلۈم، ئىشخانا، بەنلەرگە بەزى ھوقۇقلار چۈشۈرۈپ بې-
رىلدى؛ 1985 - يىلى، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش
ئاساسىدا، سىناق قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن ئىدارىنىڭ
ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈم، ئىشخانىلىرىدا ئىقتى-
سادىي ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇمىيۈز-
لۈك يولغا قويۇلدى. 1988 - يىلى 4 - ئايدا
يەنە، 2 -، 7 - شەھەر ئىچى تېلېفون شۆبە ئىدارى-
لىرىدا ئاشكارا خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش ئار-

كارخانىلىرى ئىچىدە قائىدە - تۈزۈملەر بىكار قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلاشتى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولغان بەزى ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار كەسپىي ئىش ئورنىدىن يۆتكىلىپ كەتتى. يىللىق تېلېگراف كىرىمى 1960 - يىلىدىكى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن پايدا تېپىشتىن، 1971 - يىلى 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان تارتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، تېلېگراف ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ نورمال تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە خاتا ئەھۋال، يالغان ئەنزىلەرنى ئاقلاش، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقى ئاشتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ھەل قىلغۇچ تەدبىر كارخانىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى. 1979 - يىلى، پۈتۈن ئىدارە دائىرىسىدە سۈپەت، كەسىپ مىقدارى، مالىيە كىرىم - چىقىمى، ئەمگەك ئىش كۈنى بېكىتىلگەن «كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش» مۇكاپاتى ۋە يۈرۈشلەشكەن تېلېفون يولى مۇسابىقىسى مۇكاپاتى قاتارلىق ئەمگەك مۇسابىقىلىرى، مۇكاپاتلاش تۈزۈم-

رىقى نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى. 1980 - يىلىدىن كېيىن، ئىدارە ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرھەرخىل شەكىلدىكى كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا قاتناشتى. ئىدارە باشلىقى يولداش جاڭ شىجيۇ 1984 - يىلى، ئاپتونوم رايوندا ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە دىرېكتور، زاۋۇت باشلىقلىرىدىن ئىبارەت ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن ئىدارىدا ئولتۇرۇپ خېرىدار كۈتىدىغان، نوقۇل تىجارەت قىلىدىغان كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى، تېلېگراف ئالاقىسىنى «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالى» دەپ قارايدىغان، نوقۇل ھالدا سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان كۆزقاراشنى ئۆزگەرتتى. كۆپچىلىك: «خەۋەرلىشىشمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، تېلېگراف ئىقتىسادىي — تاۋار ئىقتىسادى؛ بازار كۆز قارىشى، رىقابەت كۆز قارىشى، ئۈنۈم كۆزقارىشى، ئىختىساس ئىگىلىرى كۆزقارىشى، قانۇن كۆزقارىشى ۋەتەنگە قىممەتتە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تىجارەت پرىنسىپلىرىنى تېلېگراف كەسپىگە كىرگۈزۈش لازىم» — دەپ قارىدى. ئۇلار، تېلېگراف ئالاقىسىنىڭ ئىجـ

قىلىق ئىدارە باشلىقى سايلاش خىزمىتى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 6 رىقابەتچى ئۆزلىرىنىڭ ئىدارىنى باشقۇرۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چوڭ يىغىندا سوئاللارغا جاۋاب بەردى، ئەڭ ئاخىرىدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋاڭ مىنجىڭ شۆبە ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا ـ تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل خاتىپ خەبەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش بويىچە سوئاللارغا جاۋاب بېرىش يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: 2 ـ، 7 ـ شۆبە ئىدارىنىڭ ئىدارە باشلىقىنى ئاشكارا خەبەردار چاقىرىپ تەكلىپ قىلىش ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف تارماقلىرىدا تېخى تۇنجى قېتىم،شۆبە ئىدارىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن قابىلىيەتلىك، بىلىملىك كىشى ئىدارە باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۈرۈمچى رايونىدىكى ھەر قايسى پوچتا-تېلېگراف ئورۇنلىرىنىڭ كادىرلارنى ئاشكارا تاللىشىنى تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى. بۇ بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئارقىلىق كارخانىنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1988 ـ يىلى، ئومۇمىي كەسپىي كىرىم 1978 ـ يىلدىكىنىڭ يەتتە ھەسسىگە يەتتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تىجارەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى يۇقى-

ئـايـنـىـڭ 22 ـ كۈنـى ئاپتـونوم رايونـلۇق خـەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ۋە مۇئاۋىن رەئىسى توختى سابىر، جىن يۈگخۈيلار پوچتا ـ تېلېگراف مىنىستىر ـ لىقىغا ئىككى قېتىم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە پوچتا ـ تېلـ ـلېگراف مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، مۇئاۋىن مىنىستىرلـ ـرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتـ ـنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت 1989 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلـق قـۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىغا بەرگەن «هۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ليۇزۇگخاۋ بەرگەن «1989 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات لايىھىسى» دە 1989 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئېلېكـ ـترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى پروگراممىسى ئارقىلىق كونتـ ـرول قىلىنىدىغان نومۇر بۇراپ بىۋاسىتە ئالغىلى بولىدىغان ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭـ ـدىن يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك راۋاجلىنىش ۋەـ زىيىتىنى يارىتقىلى بولىدىغانلىقىنى، چەتئەل مەبلىغـ ـنى كىرگۈزۈش، شەرق بىلەن ھەمكارلىشىپ غەربكە چىـ ـقىرىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلغىلى، ئۇنى،

تىمائىي، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇۋالدى. مەسىلەن: تېلېگراف ئىشلىرىغا بىر يۈەن مەبلەغ سېلىنسا جەمئىيەتكە 3.5 يۈەن قىممەت يارىتىپ بېرىدۇ؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 قېتىملىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننىڭ 76.6 قېتىمى كاماندىروپكىنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلەيدۇ؛ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 100 قېتىملىق شەھەرئىچى تېلېفوننىڭ 92.7 قېتىمى ماشىنا چىقىمىنىڭ ئورنىنى دەسسىيەلەيدۇ. تېلېگراف كارخانىلىرى ئەلاسۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ۋە تۆۋەن سەرپىياتلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، ۋاقىت ۋە بوشلۇقنى قىسقارتتى، تاۋار ئىقتىسادىي ساھەسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمالدىن ئىبارەت تۆت ھالقىنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلىرىدە غايەت زور ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

«ئىسلاھات دولقۇنىدا ئېتىبار بېرىپ راۋاجلاندۇرۇش، سىياسەت جەھەتتە يار-يۆلەكتە بولۇش، پۈتۈن شەھەر تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش» تىن ئىبارەت تېلېگراف قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنىغا ئاساسەن، 1988 - يىلى 9 - ئايدا، ئۈرۈمچى تېلېگراف قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ماۋشۈي گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. 1988 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ۋە 1989 - يىل 2 -

ۋەرلىشىش يېڭى تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان تېلېگراف خەۋەرلىشىش كارخانىلىرى پۈتۈنلەي يېڭى قىياپەتتە شىنجاڭدىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ، تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ.

شىنجاڭنىڭ دۇنيانى، دۇنيانىڭ شىنجاڭنى تونۇشىدىكى، شىنجاڭنىڭ ئىمكان قەدەر تېز راۋاج تېپىشىدىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى تېزرەك بېيىتىشتىكى ئۇ- چۇر قورالىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر، ئۈرۈمچى تېلېگراف ئىدارىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇنىڭغا ئۇرغۇن جاپالىق ئەجرى سىڭدۇردى. مۇناسىۋەت- لىك قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى چەتئەللىك مۇتە- خەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە 500 يوللۇق، نومۇر بۇرايدىغان ئاپتوماتىك تېلېفون ئۈسكۈنىلىرىنى كېچە- كۈندۈزلەپ قۇراشتۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە ئىشقا كىرىش- تۈرۈش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغىچە بولغان فوتو تالالىق تېلېفون كابېلى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇش تەييارلى- قى خىزمىتىمۇ ئىشلىنىۋاتىدۇ، 32مىڭ يوللۇق ئېلېكترون- لۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كونترول قىلىنى- دىغان شەھەر ئىچى تېلېفون قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەر جەھەتتە 1988 - يىل 9 - ئايدا زاۋۇت بى- لەن توختام تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسى كېرەكلىك مەبلەغنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن پاراخال جۇغلاپ، 1989 - يىل 1 - پەسىلدە ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش- تىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. زامانىۋى خە-

لىك تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ئاتىسىدىن تارتىپ دېھقانچى-
لىقنى تاشلاپ يېزا بازىرىدا كىچىككىنە مەبلەغ مال دۇكىنى
ئېچىپ، كۈندىلىك ماسچماللار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان.
ئەينى ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان يەرلىك ئە-
مەلدارلاردىن سىرت، يەنە چەتئەللىك سودىگەرلەرنىڭ
قولچومىقىغا ئايلانغان ئاقساقاللار بولۇپ، ئۇلار يەرلىك
خەلقتىن ئېغىر باج - سېلىقلارنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئى-
گە ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ دادىسى مانا بۇ خىل
قاتمۇ - قات ئېغىر باج - سېلىقلارغا بەرداشلىق بېرەل-
مەي ئىلاجسىزلىقتىن 1897 - يىلى قىشتا، ئەندىلا يېرىم
ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابدۇرېھىم ھاجىنى ئېلىپ
جاھاندارچىلىق قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ. ئەينى
ۋاقىتتا قەشقەر يېڭىشەھەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ
چوڭ شەھەر بولۇپ، جان بېقىشنىڭ يوللىرى ئاتۇشقا
قارىغاندا خېلىلا كەڭرى ئىدى؛ شۇڭلاشقا ئابدۇرېھىم
ھاجىنىڭ دادىسى بۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ، يازدا باق-
قالچىلىق قىلىپ، قىشتا مەدىكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ
تۇرغانچە 13 يىل ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا 4 قېتىم كېلىپ
كېتىدۇ. ھەرقېتىمدا ئېشەكلىك ئىككى كۈن يول يۈرۈپ
يۇرتىغا كېلىپ 4، 5 كۈن تۇرۇپ قايتقانلىقتىن ئاتۇشنىڭ
ئاشلىق ئېتىزلىرى، مېۋىلىك باغلىرى، سۈزۈك دەرياسۇلىرى،
گۈزەل گۈل - گىيالىرى ۋە ئاقكۆڭۈل، ساددا خەلقى

# هاياتىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا بېغىشلىغان ئابدۇرېھىم ھاجى

زەن يۈيلىن

## 1. ئاتۇش

ئابدۇرېھىم ھاجى 1897 - يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 32 - يىلى) 5 - ئايدا ئاتۇشتا تۇغۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇش قەشقەر تەۋەلىكىدىكى 100دىن ئارتۇقلا ئاھالىسى بار كىچىككىنە يېزا بازىرى ئىدى.

ئاتۇشنىڭ قەشقەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر بولۇپ، يېرى مۇنبەت، سۇمەنبەئى مول، ئاشلىق ۋە مېۋە ئوخشايدىغان رايون ئىدى. بولۇپمۇ شاپتۇل، ئۆرۈك ۋە قوغۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مەشھۇر ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى نەچچە ئەۋلات مانا مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ كەلگەن دېھقانلاردىن بولۇپ، كېيىن ئېغىر قەھەتچى-

دەپ توختىماي سوراپ تۇردى. ماڭغان يولى ئۇزارغانچە پوتەيىنىڭ سانىمۇ ئېشىپ ئەستە تۇتۇپ بولمىغانلىقتىن ئۇمۇ سوراشتىن توختاپ «پۇلنى كۆپ تاپقىلى بولىدىغان» ئۇرۇمچىگە بالدۇرراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىرىدى.

قانچىلىغان پوتەينى بېسىپ ئۆتكەنلىكى ھەتتا قانچە كۈن يول يۈرگەنلىكىنىمۇ ئېنىق ئەستە تۇتالماي ئاخىرى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ چاغلاردا ئۇرۇمچىنىڭ شەھەر سېپىلى، شەھەر دەرۋازىسى، شەھەر ئىچىدە شۇنفۇ يامۇلى (ۋالى مەھكىمىسى) بار ئىدى، شۇنفۇ يامۇلىنىڭ ئالدىدا يامۇلنىڭ چوڭ دەرۋازىسى (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ) بولۇپ، بۇ جاي خۇددى ھازىرقى يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرىغا ئوخشاش تۈرلۈك كەسىپتىكىلەر توپلاشقان ئاۋات بازار ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاچقان دۇكانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇكانلىرى نەنگۈەن ئەتراپىغا جايلاشقان ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى دادىسى بىلەن بىرگە بىر يۇرتدىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن كېچىسى نەنگۈەندىكى بىر دۇكاندا يېتىپ، كۈندۈزى يامۇلنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى بازارغا بېرىپ مەدىكار ئىشلىتىدىغان خېرىدار كۈتتى. بىر كۈنى بىر خەنزۇ خېرىدار ئۇلارنى مەدىكارچىلىققا ياللىدى، 10 نەچچە كۈن لايچىلىق ئىشىنى قىلغاندىن

ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ بالىلىق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئاتۇشقا بارغان ۋاقتى 1910 - يىلىنىڭ روزى ھېيت مەزگىلى بولۇپ، ئاتا - بالا ئىككىسى ھېيت نامىزىغا قاتنىشىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ. ھېيتنى ئۇتكۇزۇپلا قېرىنداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. كەنتتىن چىقىپ ئانچە يىراققا بارمايلا ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە كۆز تاشلاپ دادىسىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ، ئابدۇرېھىم ھاجىمۇ يىغلاپ تاشلايدۇ. دادىسى ئۇنى بەزلەپ: «جۇر بالام ماڭىلى، ئۇرۇمچىدە ئىش ۋە پۇل تاپماق ئاسان، بىز پۇلنى جىقراق تاپقاندىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇرتى، يۇرتىنىڭ گۈزەل ئېتىز - باغلىرى ۋە ئاقكۆڭۇل ئەمگەكچان خەلقى بىلەن خوشلىشىدۇ.

## 2. جۇۋىچى

ئۇرۇمچىگە كېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بارغانغا قارىغاندا ئۇرغۇن مۇساپىنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئېشەكلىك كۈنىگە كۆپ دېگەندە 5 پوتەي (50 چاقىرىم) يول يۇرۇشكە بولاتتى. دەسلەپكى ئىككى كۈندە ئابدۇرېھىم ھاجى دادىسىدىن «نەچچە پوتەي يول يۇردۇق؟»

سۆسەر تېرىسى، قۇندۇز تېرىسى قاتارلىق قىممەتلىك تېرىلەردىن جۇۋا تىكىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، ھايۋانات تېرىسىدىكى تىرناق، قۇلاق، ئېغىز، قۇيرۇقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىرايلىق شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن ئېسىل جۇۋىلارنى تىكىپ خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولىدۇ. 1914 - يىلى، ئۇلار نەنگۇەن كونا مال بازىرىدا تېرە مەھسۇلاتلىرى دۇكىنى ئاچىدۇ. دادىسى دۇكاندا تىجارەت قىلىپ ئۆزى كارخانىسىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىجارىتى راۋاج تېپىپ نەچچە يىلدىلا نۇرغۇن پۇل تاپىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى تەسىرلەنگەن ھالدا: «ئۈرۈمچىدە پۇل تېپىش ئاسان ئىكەن دېگىنىمدىن كۆرە خەنزۇ ئۇستام ماڭا ياخشى ھۈنەر ئۆگەتتى دېگىنىم تۈزۈكرەك» دەيدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ كۆنچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى تېزلا جايلارغا تارقىلىدۇ. 1918 - يىلى، چۆچەكلىك بىر تېرە مەھسۇلاتلىرى سودىگىرى ئابدۇرېھىم ھاجىنى ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىتىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ چۆچەكتە بىر يىل تۇرۇپ نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، 1919 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئابدۇرېھىم ھاجى كىشىلەرگە نىسبەتەن سەممىي، ئادىل ئىش قىلىدىغان بولغانلىقتىن نۇرغۇن خەنزۇلار بىلەن دوستلۇق ئورناتقان. كەسپتە ئۆزئارا ئىشىنىپ،

كېيىن، ھېلىقى خەنزۇ كىشى ئەندىلا 14 ياشقا كىرگەن ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ئەقىللىق ۋە قولىدىن ئىش كېلى-دىغانلىقىنى بايقاپ ئۇنى ھۆكۈمەت ئاچقان قول ھۈ-نەرۋەنچىلىكنى ئۆگىتىش ئورنىغا كۆنچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە تونۇشتۇردى. ئۆگىتىش ئورنى نەنگۇەن ئارقا كوچا مال بازىرىدىكى بىر چوڭ قورۇدا ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى بىلەن بىرگە كۆنچىلىك ھۈ-نەر- سەنئىتىنى ئۆگىنىۋاتقان 20 نەچچە ياش ئۆس-مۈرنىڭ يېرىمى خەنزۇ، يېرىمى خوتەن، قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن ئۇيغۇر بالىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇس-تىسى ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەن بولۇپ،ھۈ-نەرنى ئەستايىدىل ئۆگىتەتتى، شاگىرتلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئابدۇرېھىم ھاجى مانا مۇشۇ خەنزۇ ئۇستىدىن كۆنچىلىك ھۈنەر- سەنئىتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. يېرىم يىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قېرى قوينىڭ تېرىسىدىن ھەربىي جۇۋا تى-كىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ زېھنى ئۆت-كۈر، قولى چىۋەر بولغاچقا ماتېرىيالنى رەڭگىگە قاراپ ياخشى تاللاپ ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكە قىلغاچقا تى-كىپ پۈتتۈرگەن جۇۋىلىرى دائىم ئۇستىسىنىڭ ماختى-شىغا ئېرىشىپ تۇراتتى. 3 يىلدىن كېيىن، ئۇ ماھىر ئۇستا بولۇپ يېتىشتى. قوي تېرىسىدىن ھەرخىل جۇۋا تىكتىشنى ئۆگىنىۋېلىپلا قالماي، بەلكى تۈلكە تېرىسى،

ئۇچۇن، 1927 ـ يىلىدىن 1930 يىلىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقستان، ئۆزبېكستان، قىرغىزىستانلارنى ئايلىنىدۇ. بارغان يەرلىرىدە بەزىدە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسا، بەزىدە باشقىلارنىڭ كۆنچىلىك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدۇ ياكى بىر نەچچە كۈن ۋاقىتلىق ئىش قىلىدۇ. نەگىلا بارمىسۇن يەرلىك خەلق ئۇنى چەتكە قاقماي ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇرېھىم ھاجى گەرچە ئىلىپىنىڭ سۈرگۈنىدىكى بولمىسىمۇ بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىدىن نۇرغۇن يېڭى ئىشلارنى يەنى لېنىننىڭ نېمە ئۈچۈن روسىيە ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغانلىقى، سوتسىيالىزمنىڭ زادى نېمىلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن قانداق بەھرىمەن بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى بىلىۋالىدۇ. ئۇنى تولىمۇ قىزىقتۇرغىنى جۇڭگولۇق خەنزۇلارنىڭمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى، لېنىننىڭ بىر مۇھاپىزەت بەنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىكەنلىكى بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئاڭلىغاندەك قىلسىمۇ لېكىن ئېسىگە ئالالمايدۇ. ئۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يەنى خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭمۇ شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت خەلقىغە ئوخشاش چېك سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە

بىر ـ بىرىنى قوللاپ ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن جېدەل ـ ماجىرا كۆرۈلۈپ باقمىغان.

## 3 .3 يىل

1927 ـ يىلى يازدا، غۇلجىلىق ئەيسا ھاجى ئابدۇرېھىم ھاجىنى جۇۋا تىكىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىن، بولۇپمۇ يېمەكلىك تەمىناتى يېتىشمەيۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەيسا ھاجى غۇلجىدىكى ئاتاقلىق چارۋىدارلاردىن ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنى بىرقوتان قوينى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. 30 ياشقا تولغان ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭمۇ چەت ئەللەرگە چىقىپ كۆزىنى ئېچىپ كېلىش ئارزۇسى بولغانلىقتىن، ئۇ، يەنە بىر ھەمراھى بىلەن بىرلىكتە 200 تۇياقتىن ئارتۇق قوينى ھەيدەپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ ئۇزۇنغا بارمايلا بۇ 200 تۇياقتىن ئارتۇق قوينى سېتىپ قوينىڭ پۇلىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققىنى ئېلىپ قېلىپ قالغان پۇلنى ئەيسا ھاجىغا تاپشۇرۇشنى ھەمراھىغا ھاۋالە قىلىدۇ ـ دە، ئۆزى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش

بالا بولغاچقا دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى قوللايدۇ ۋە ئوتتۇ-را ئاسىيادىكى ۋاقتىدا ھەج قىلىش توغرىسىدا ئاڭلى-غان، ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ يىلى روزى ھېيتتا ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ دادىسى ناھايىتى روھلانغان ھالدا بىر قوينىڭ گۆشىنى تونۇر كاۋىپى قىلىپ مۇسۇلمان ۋە خەنزۇ دوست-لىرىنى قىزغىن مېھمان قىلىدۇ. ھېيتنى ئۆتكۈزۈپلا ئاب-دۇرېھىم ھاجى دادىسىغا ھەمراھ بولۇپ ھەج قىلىشقا ماڭىدۇ، ئۇلار ئالمۇتاغا بارغاندا ھەج قىلىشقا كېتىۋات-قان يەنە ئىككى دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ تۆتىسى بىر-لىكتە قۇربان ھېيتتىن بۇرۇن مەدىنىگە يېتىپ بارىدۇ. قۇربان ھېيت كۈنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەج قىلىش ئۈچۈن كەلگەن نەچچە يۈزمىڭ مۇسۇلمان بىلەن بىرگە ئاراپاتقا قاتنىشىپ ئۇنىڭ نەزەر دائىرى-سى يەنىمۇ كېڭىيىدۇ. ئاراپاتتىن كېيىن ئۇلار مۇقەد-دەس جاي ھەدىيە قىلغان قىزىل دوپپىنى كىيىپ خۇشال ھالدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ، ئۇلار ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەنلىكتىن يېقىن ئەل - ئاغىنىلىرى كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەيدۇ، خەنزۇ دوستلىرى ئابدۇرې-ھىم ھاجىنى «كىچىك ھاجى»، ئۇنىڭ دادىسىنى «چوڭ ھاجى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى كىچىكىدىن ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ قارىداپ كەتكەنلىكى ئۈ-چۈن خەنزۇ دوستلىرى دائىم مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنى

ياڭ زىڭشىننىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقانلىقى؛ خەنزۇ ئۇستىدىن ئۆكتىنىۋالغان جوۋۋا تىكىش تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭدا ئەسقېتىپلا قالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ ئەسقاتقانلىقى، شىنجاڭدىكى خەنزۇ دوستلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان دوستانە بېرىش - كېلىش قاتارلىقلارنى ئويلايدۇ. قىرغىزىستانىدا ئۇ يەنە جۇڭگودىن ئۇ يەرگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خۇيزۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلار بىلەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكەندە ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلىدۇ. مانا بۇلار ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىشىغا مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

## 4. «قىزىل» ھاجى

ئابدۇرېھىم ھاجى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرغان 3 يىل ئىچىدە جايلاردىكى مۇسۇلمانلاردىن ھەج قىلىپ كەلگەنلەرنى ئاڭلاپ ئۇلاردىن ھەرەمگە بېرىشنىڭ يولى، قاتناش ئەھۋالى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى سوراپ بىلىۋالىدۇ. 1930 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن غۇلجىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يېشى گەرچە 60 تىن ھالقىغان بولسىمۇ ھەج قىلىش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى ئىنتايىن مۇلايىم، ۋاپادار

ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق نارازەت قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن 3 ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى دىققەت بىلەن كۈزەتتى. 1947 - يىلىنىڭ بېشىنىڭ مەلۇم بىر ئاخشىمى بىر كىچىك جىپ ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇيۇقسىز توختاپ پۇقراچە كىيىنگەن 3 ئىشپىيون ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىدۇ - دە، شىنجاڭ جىگىبىي سىلىڭبۇنىڭ مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئابدۇرېھىم ھاجى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ زەربىدىن ئابدۇرېھىم ھاجى نېمە قىلىشىنى بىلمەي سەل تېڭىرقاپ قالىدۇ - دە، ئىشپىيونلارغا قاراپ: «مەن بىر ئاددىي پۇقرا جىگىبىي سىلىڭبۇنىڭ مەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان نېمە مۇھىم ئىشى بار ئىكەن» دەيدۇ. ئىشپىيونلار: «بارغاندا بىلىسىز» دەيدۇ - دە، ئابدۇرېھىم ھاجىنى قولتۇقىدىن يۆلىگىنىچە ماشىنىغا چىقىرىپ ئۇدۇل شىنجاڭ جىگىبىي سىلىڭبۇسىغا ئېلىپ بارىدۇ. سول تەرەپتىكى ئىشخانىدىن پاكار بويلۇق بىر ئۇيغۇر ياش چىقىپ كېلىدۇ. بۇ ياش ئابدۇرېھىم ھاجىغا تونۇش بولۇپ ئابدۇراخمان ئىسىملىك (خەنزۇچە ئىسمى ئاجەنشىن) نەنگۇەن تەۋەسىدە ئاتىغى چىققان ئىشسىز لۈكچەك ئىدى. كېيىن جىگىبىي سىلىڭبۇنىڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتناشقان. ئۇ ئابدۇرېھىم ھاجىنى ئىشخانى-

«قارا ھاجى»دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئىنتايىن ئوچۇق كۆ-
ڭۈللۈك بىلەن: «مېنىڭ تېرەم قارا بولغىنى بىلەن
قەلبىم قىزىل، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولغان دوست-
لارغا بولمىسۇن توغرا نىيەتتە مۇئامىلە قىلىمەن»
دەيتتى. 1949 - يىلى 26 - سېنتەبىر شىنجاڭ ئازاد
بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئىنتايىن خۇشال-
لانغان ھالدا خەنزۇ دوستلىرىغا «ئەندى سىلەر مېنى
قىزىل ھاجى دەپ ئاتىشىڭلار كېرەك، چۈنكى مېنىڭ
قەلبىم تېخىمۇ قىزىللاشتى!» دەيدۇ.

## 5. ئانتى رازۋېتچىك

ئابدۇرېھىم ھاجى «ھاجى» بولۇپ كەلگەندىن كې-
يىن ئۇندىمەستىن ئۆز تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
1946 - يىلى 6 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىلى
بىلەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ
تىنچلىق تەنپەنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، 7 -
ئايدا شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ
قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئەخمەتجان قاسىمى،
سەيپىدىن ئېزىزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق 3
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى دېموكراتىك بىرلەش-
مە ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى، لې-
كىن يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى

مەنىنىڭ ھەرىكىتىنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ.
1947 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۈرۈمچىدە 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىگە قارشى «25 ـ فېۋرال» ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەخمەتجان ئەپەندى غۇلجىغا قايتىش ئالدىدا ئابدۇرېھىم ھاجىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئۇنى 3 ۋىلايەتنىڭ كونترول قىلىدىكى شىخۇ ناھىيىسىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ. ئەخمەتجان ئەپەندى بارلىق ئىشلارنى ناھايىتى تېز لىكتە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىككىنچى كۈنىلا ئۇنى يوشۇرۇن شىخۇغا يولغا سېلىۋېتىدۇ. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتىگە قاتناشقان 3 ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىدۇ. ئابدۇراخمان غالجىر ئىنتەك تىمىسقىلاپ ئابدۇرېھىم ھاجىنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ بىر تال موينىمۇ تاپالمايدۇ.

## 6. بىرلىشىشلار

1949 ـ يىل 8 ـ ئاي، ئەخمەتجان قاسىمى 1 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن، بېيجىڭغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئابدۇرېھىم ھاجىغا خەت يېزىپ، خېتىدە: شىنجاڭ يېقىن ئا-

غا باشلاپ كىرگەندىن كېيىن ھىجايغان ھالدا: «× × ×
سىلىنىڭ ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى!» دەپ بولار – بولمايلا
ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇق قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئابدۇرېھىم
ھاجىنى ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر-
لايدۇ ھەمدە كونكرېت ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەينى
ۋاقىتتا ئابدۇرېھىم ھاجى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇ يەنە «تۇلپارنىڭ چۇلۋۇرى ئالۋاستىنىڭ
قولىدا» يالغاندىن ماقۇل بولۇپ يولۋاس ئېغىزىدىن
قېچىپ چىققاندىن كېيىن بىر ئامالىنى قىلمايمەنمۇ دې-
گەن نىيەتكە كېلىدۇ. ئابدۇراخمان ئۇنىڭ قاتنىشىشقا
قوشۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ئۇنى
ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن
ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆيىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ
ئىش ئىنتايىن مۇھىم، ئەخمەتجان قاسىمغا دوكلات قىل-
مىساق بولمايدۇ دېگەن قارارغا كېلىدۇ. ئەتىسى تاڭ
سۈزۈلمەستىلا ئابدۇرېھىم ھاجى خابا ئارقا كوچا بىلەن
ئەخمەتجان ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇ جايىغا بېرىپ، بولۇپ
ئۆتكەن ئىشلارنى تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ. ئەخمەت-
جان ئەپەندى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دۈشمەنىنىڭ
ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتى ئىچىگە كىرىپ ئىنقىلاب ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ. شۇندىن
ئېتىبارەن ئابدۇرېھىم ھاجى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا سادىق
«ئانتى رازۋېتچىك»بولۇپ ئەخمەتجان ئەپەندىگە دۈش-

قوشۇلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇستەقىل پائالىيىتىنى ساقلاپ قېلىش تەرىپىنى ئالىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى مەردانىلىق بىلەن ئۇلارغا: «بىز خەنزۇ سودىگەرلەر بىلەن ئەزەلدىن بىر ئۇيۇشما ئىدۇق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، 1946 ـ يىلىدىن كېيىنلا ئىككى ئۇيۇشما بولۇپ ئايرىلغان، ھازىر ئازادلىققا ئېرىشتۇق، كوممۇنىستىك پارتىيە بىزگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز لازىم.» دەيدۇ. ئۇزۇنغىچە قايتا ـ قايتا كېڭىشىش، مۇزاكىرە قىلىش نەتىجىسىدە ئىلگىرى مۇسۇلمانلار سودا ئۇيۇشمىسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان قىسمەن كىشىلەر لىشىخۇيدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، لىشىخۇي ئابدۇرېھىم ھاجىنى ۋاقىتلىق مەسئۇل بولۇشقا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۈرۈمچى مۇسۇلمانلار سودا ئۇيۇشمىسى ئاخىرى 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بىرلەشىدۇ، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكى ھەر مىللەت زاتلىرى ئابدۇرېھىم ھاجىنى بىردەك، بىرلەشكەندىن كېيىنكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن لىشىجاڭلىقىغا كۆرسىتىدۇ.

رىدا ئازاد بولىدۇ، ئازاد بولغاندىن كېيىن سىلى دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلار سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغايلا ھەمدە بارلىق تۇسالغۇلارنى يېڭىپ، مۇسۇلمانلار سودا ئۇيۇشمىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ بىرلىشىشىنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا ئاكتىپ تەييارلىق كۆرگەيلا دەپ يازىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇشاللىقىدىن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي ئازادلىق خەۋىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى خۇش خەۋەر بولماي ئەكسىچە ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بېيجىڭغا مېڭىش سەپىرىدە ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقى بولىدۇ. بۇ شۇم خەۋەر خۇددى چاقماق چاققاندەك ئۇنى ئىنتايىن قايغۇغا سالىدۇ.

1949 - يىل 26 - سېنتەبىر، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر ئاخىرى شىخۇغا يېتىپ بارىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1950 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئىككى سودا ئۇيۇشمىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشىغا پائال كىرىشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار سودا ئۇيۇشمىسىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان قىسمەن جاھىل ئۇنسۇرلار بىرلەشمەسلىك،

غانلىقىنىڭ بىر يىللىقى، پايتەختىمىز بېيجىڭدا تەن-تەنىلىك تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىز شىنجاڭدىكى 13 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 25 كىشى دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈمىدىكى» دەپ ئېلان قىلغاندا ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ قېنى ئۇرغۇپ بېيجىڭنىڭ ھەيۋەتلىك، گۈزەل مەنزىرىسى دەرھال ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ھاجى يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىدۇ. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇرېھىم ھاجى 24 ۋەكىل بىلەن بىرلىكتە ئىككى يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ (ئۇ چاغدا ئۈرۈمچى - لەنجۇ تۆمۈر يولى تېخى ياسالمىغان بولۇپ پويىز پەقەت تيەنشۈيگىچىلا قاتنايتتى) بېيجىڭغا بېرىش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. شىشەنگە بارغاندا پويىزغا ئالمىشىپ بىر كېچە-كۈندۈزدە بېيجىڭغا يېتىپ بېرىپ چيەنمېن ۋوكزالىدا پويىزدىن چۈشىدۇ، ئۇ تەلپۈنگەن بېيجىڭ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولىدۇ. «ئاھ، بېيجىڭ مەن ئاخىرى سېنىڭ قوينىڭغا كەلدىم!»

1950 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر 53 ياشقا كىرگەن بۇ غەربىي جۇڭگولۇقنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ بەختلىك بىر كۈن ئىدى، بۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن دۆلەت بايرىمى پاراتىنى كۆزدىن

## ٧. بېيجىڭغا بېرىش

ئابدۇرېھىم ھاجى كىنو ئېكرانىدىن بېيجىڭنى، ھەيۋەتلىك تيەنئەنمېن بىناسىنى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى نەقىشلىق مۇنارنى كۆرگەنىدى، بەزىدە كۆزىنى يۇمسا بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى، لېكىن بۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بېيجىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە ھامان ئەينى يىللاردا شىخۇدا ئۈرۈمچىنى ئويلىغىنىدەك زادىلا ئېسىدىن چىقمايتتى.

1950 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى، تەشكىل ئۇنىڭغا ئالاقە باشقارمىسىنىڭ مەجلىسخانىسىدا يىغىن بارلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش دەل ۋاقتىدا يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. بىراق بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلار يا سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار ياكى پۈتۈنلەي ئۈرۈمچىدىكى كىشىلەر بولماستىن بەلكى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ئىدى. ئابدۇرېھىم ھاجى «بۇ نېمە ئىشتۇر» دەپ ھەيرانلىق ھېس قىلدى. يىغىننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى باشقۇرغان بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىسىملىككە قاراپ 25 ئادەمنىڭ ئىسمىنى يوقلىما قىلىپ، ئاندىن، «بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇل-

غەمخورلۇقى، پايتەخت خەلقىنىڭ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. بېيجىڭدىن ئېلىپ كەلگەن ئالمىسىنى ئەندىلا تارقىتىپ بولۇشىغا، قاينام - تاشقىنلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى پايتەخت خەلقىنىڭ دۆلەت بايرىمى ناماييشىغا قاتناشقاندىكى ھەيۋەت - جاسارىتى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئاممىۋى قەسەميات يىغىنى ۋە ناماييشىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بېيجىڭنى كۆرۈپ كەلگەن ئادەم، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيىتى باشقىلاردىن ئېغىرراق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشكە ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى باشلىنىشى بىلەنلا 100 تۇياق قوي 500 يۈەن شىنجاڭ پۇلى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 2500 يۈەن) ئىئانە قىلىدۇ ھەمدە پائال تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى قىزغىن ئىئانە بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىدۇ.

ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قايناق ھېسسىياتى باشتىن - ئاخىر ئىزچىل تۈردە ئىپادىلىنىپ كەلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىلا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى تەشۋىق

كەچۈرۈشكە كەلگەن ئۆمەك ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە تيەنئەنمېننىڭ ئالدىدىكى پارات قوبۇل قىلىش سەھ‍ىسىدىن ئورۇن ئېلىپ ماۋجۇشى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، ليۇ شاۋچى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك ھەيۋەتلىك تاما يىش قوشۇنىنى كۆردى. دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىدىن كېيىن، ئۇلار بېيجىڭدىكى ئاتاغلىق ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ساياھەت قىلدى. نۇۋچې كوچىسىدىكى مەسچىت ۋە گۇاڭجى چوڭ بۇتخا‍ـنىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. گۇاڭجى بۇتخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا پېشقەدەم راھىپ ناھايىتى ھۆ‍ـزۈرخالىق ئېيتىپ ۋەكىللەرنى چىلان ۋە ئالما بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئابدۇرېھىم ھاجى بېيجىڭدىن ئاي‍ـرىلىش ئالدىدا گەرچە باھاسى ئۆزۈمچىنىڭكىدىن كۆپ قىممەت بولسىمۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن يوقلاپ كەل‍ـگەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن تارقىتىپ بېرىش ئۈ‍ـچۈن پايتەختنىڭ ئالمىسىدىن بىر خالتا سېتىۋالدى.

## 8. ۋەتەن سۆيەر قەلب

ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆزى بىلەن بىرگە دۆلەت بايرىمى مۇراسىمىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغان 24 ۋەكىل بىلەن بىللە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان سەمىمىي

دەپ بىلىدۇ، ئۇلار ئۇرۇمچىدە ئىشانە قىلىنغان پۇلىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئابدۇرېھىم ھاجىغا ئوخشاش ئۇنى رامكىغا ئېلىپ ئېگىز ئېسىپ قويۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسى قىلىشىدۇ.

1938 - يىلى 11 - ئايدا، ئۇرۇمچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئالتۇن تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدى، ئۇرۇمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، نەق پۇل، نەرسە - كېرەكلىرىنى سەلتەنەتلىك ئالتۇن تەقدىم قىلىش سەھنىسىگە ئاپىرىپ بەردى. ئابدۇرېھىم ھاجى قەلبىدىكى يالقۇننى باسالماي دادىسىدىن مىراس قالغان خوتەن گىلىمى بىلەن ئۆزى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تىككەن تۆلكە جۇۋىسىنى ئالتۇن تەقدىم قىلىش سەھنىسىگە ئاپىرىپ بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىشتىن تارتىپ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە قەدەر ۋەتەن، خەلققە پايدىلىق ئىشلا بولىدىكەن ئۇ ھامان باشلامچىلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ كەلدى. ئۇ دائىم: «مەن بىر ساۋاتسىز قارا تۇرۇك. لېكىن نەچچە ئون يىل جاھان كەزدىم، چوڭ داۋلىلارنى چۈشىنىمەن. مېنىڭ قەلبىممۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش

قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك
ئەكس سادا پەيدا قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ
نەنگۈەندە يەرلىك مەھسۇلاتلار سودا سارىيى بار ئىدى،
جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن يەرلىك مەھ-
سۇلات سودىگەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭ سودا سارى-
يىغا چۈشەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلغان ئىشانىسىنىڭ ھۆججەتلى-
رىنى رامكىغا رەتلىك تىزىپ سودىگەرلەرنىڭ كۆرۈشى
ئۈچۈن ھېساباتا ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغانىدى.
بۇ ھەرگىز ئۆزىنى تەشۋىق قىلىش بولماستىن، بەلكى
باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن باشقىچە يول
بىلەن قىلىنغان تەشۋىقات ئىدى. سودىگەرلەر بۇنى
كۆرگەندىن كېيىن ھەممىسى ئىلھاملىنىپ ئۆزلۈكىدىن
ئىئانە قىلىپ ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ تاپشۇرۇپ قويۇشىغا
ھاۋالە قىلىشىدۇ. ئابدۇرېھىم ھاجى ئىنتايىن ئەستايى-
دىللىق بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئىئانىسىنى بېجىرگۈچى
ئورۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھۆججىتىنى ئىگىسىگە بېرى-
دۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، ئىئانە قىلغۇچىلار-
نىڭ ئىسىم فامىلىسى ۋە پۇلنىڭ سانىنى سارايىنىڭ ئې-
لان تاختىسىغا يېزىپ ئېلان قىلىپ تورۇشنى ھېساباتچى-
سىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم ھاجىنىڭ
سارىيىغا چۈشكەنلىكى مېھمانلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى ئىنتايىن شەرەپلىك

ئابدۇرېھىم ھاجى ئۆمۈر بويى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ قانۇنغا رىئايە قىلدى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ھەققانىيەتتە چىڭ تۇردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشنى ئەسلا قىلمىدى. ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا ئۇنىڭ ئائىلىسى تونۇر كاۋىپى قىلىپ خەنزۇ يولداشلارنى كۈتۈۋالاتتى. مېھمانلار كەلگەندە ئالدى بىلەن قوينىڭ كاللىسىنى تارتىپ ئاندىن تونۇر كاۋىپىنى پارچىلاپ چوڭ تاۋاقلاردا ئېلىپ كېلەتتى، ئاخىرىدا قويرۇق مايىنى پىشۇرۇپ ئەكىرىپ نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتى، ئۇ مۇشۇنداق دەيتتى: «مانا بۇنى بېشىمۇ بار ئاخىرىمۇ بار دەيمىز، مەن ئۆمۈر بويى خەنزۇ دوستلار بىلەن ئارىلىشىپ ھەممىسى بىلەن ئىناق ئۆتتۈم، دۈشمەنلەشمىدىم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق ئۆتمەكچىمەن، بۇمۇ باش - ئاخىرى بار دېيىلەر». شۇنداق، ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ تونۇر كاۋىپى كۆپلىگەن ئادەملەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. لېكىن ئۇنىڭ تونۇر كاۋىپىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تونۇر كاۋىپى يېيىشكە قارىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولسا كېرەك.

ۋەتەننى سۆيىدۇ.» ـ دەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئاددىي ۋەتەنپەرۋەر قەلب سوتسىيالىستىك ۋەتەنىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

## 9. تونۇر كاۋىپى

تونۇر كاۋىپى پىشۇرۇش ئابدۇرېھىم ھاجىغا ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ھۈنەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مېھمانلارغا قىلىدىغان ئەنئەنىۋى تائامى. ئازادلىقتىن بۇرۇن شۇنداق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن تېخىمۇ شۇنداق بولدى. خەلق ئۇچۇن تىجارەت قىلغاندا شۇنداق ئىدى. ھۆكۈمەت خىزمىتى ئۆتىگىنىدىمۇ شۇنداق بولدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئابدۇرېھىم ھاجى ئايرىم ـ ئايرىم مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك مۇئاۋىن رەئىسى، 1956 ـ يىلى شەھەرلىك يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1957 ـ يىلى شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 87 يېشىدا كېسەل تۈپەيلىدىن قازا تاپتى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ، 1951 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇرۇمچى شەھەرلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتى ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىيەت ئەزالىقىنى ئۆتىدى. 1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭيى تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى بىر نەچچە كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە شەھىرىمىزدىكى تۇنجى جۇڭيى بىرلەشمە ئامبولاتورىيىسىنى قۇرۇپ، مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. 1959 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان. 1979 ـ يىلى جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىشلىقىغا سايلانغان. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى؛ جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن خوجايىنلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، 1982 ـ يىل 1 ـ ئىيۇلدا 89 ـ يېشىدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

يولداش چېن خاۋرەن نەچچە ئون يىللىق كىلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى توپلاپ، «陈浩然温病汤头歌诀» چېن خاۋرەننىڭ (ئىسسىق كېسەللەردە ئىشلىتىدىغان قايىنتىلمىلار نەزمىسى)، «临床疑难病案治疗总结» (كىلىنىكىدا ئۇچرايدىغان قىيىن كېسەللەرنى داۋالاشتىن خۇلاسە)، «论杂症» (چىگىش كېسەللەر توغرىسىدا) قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىلارنى

# ھاياتىنى جۇڭگو ئىشلىرىغا بېغىشلىغان چىن خاۋرەن

## لى فۇ

چىن خاۋرەن 1894 ـ يىلى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي 20 ـ يىلى) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىڭنىڭ ناھىيىسىدە نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنەندىكى «جىڭ شىگتەي» سودا دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى زەي زېجۇنىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مال ئېلىپ كەلگەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا كەلگەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، 1919 ـ يىلى ياڭ زېڭشىن ئاچقان جۇڭگو تىلى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ 3 يىل تەربىيىلەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە 63 يىل تەرجىمانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1987 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قازا تاپقان. ئۇ تىياننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى كېزىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كېسەللىكىنى داۋالاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى.

چاغدا چېن خاۋرەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك باگۋادىيەن
باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇ كو-
چا دوخمۇشلىرىدا ئولتۇرۇپ كېسەللەرنى كۆرۈپ
چىداپ تۇرالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇ-
رۇپ قېلىشقا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەنلىكتىن ئوقۇت-
قۇچىلىقتىن ۋاز كېچىپ تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش قارار-
غا كېلىدۇ - دە، 1919 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭيى سىنىپىغا
ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ. مەزكۇر سىنىپقا 40 ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، ھەر
بىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا ئۆلكە پۇلىغا 10 سەر ئوقۇش
ياردەم پۇلى، 6 سەر تاماق پۇلى بېرىلەتتى. جۇڭيى
سىنىپىنىڭ باش نازارەتچىلىكىنى ياڭ زىڭشىنىڭ ئۆزى
قوشۇمچە ئۆتىدى. سىنىپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا
ئۆلكىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر، زىيالىلار ۋە بەلگى-
لىك داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە تېۋىپلار قويۇلدى.
مەسىلەن، گاۋشاۋلەن (ئۆلكىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن)
سىنىپ مۇدىرلىقىنى، سۇڭ خۇەيشى (ئۆلكىلىك ئىمتىھا-
دىن ئۆتكەن)، سۇڭ چىڭچېڭ (زىيالى)، سۇڭ يۈكۈي (زى-
يالى)لار ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىت-
تىكى دەرسلىكلەر 《陈修园医书七十二种》(چېن شۇيۈەن
تىببىي كىتابلىرىدىن 72 خىل)، 《徐灵胎医书十六种》
(شۈي لىڭتەي تىببىي كىتابلىرىدىن 16 خىل)، 《温病条辨》
(ئىسسىق كېسەللەرنى ئىلغاش)، شۇنىڭدەك 《医方集解》

ئېلان قىلغان. 1983 ـ يىلى ھەربىي رايون باش دوختۇرخانىسىنىڭ جۇڭيى تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يارىدەم بېرىشتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭغا يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇپ «خەلقنىڭ غەمگۇزارى، ھارماس ئۇستاز» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان تەقدىرنامە ۋە لەۋھە تەغدىم قىلىنغان. ئۇ ھەقسىقەتەنمۇ جۇڭيى ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر تىرىشىپ كۈرەش قىلغان، بىر ئەۋلاد ئاتاغلىق دوختۇر.

چېن خاۋرەننىڭ جۇڭيى ئىشلىرىغا قوشقان ئاساسلىق تۆھپىسى تۆۋەندىكى 3 تەرەپتە كۆرۈلىدۇ. بىرىنچىدىن، جۇڭيى ئىشلىرى ئۈچۈن تايانچ كۈچلەر ۋە ئىزباسارلارنى يېتىشتۈردى؛ ئىككىنچىدىن، كلىنىكا تەجرىبىلىرى ۋە جۇڭيى ھەرقايسى بۆلۈم بىلىملىرىنى ئۆگەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، جۇڭيى تىبابەتچىلىكىگە دائىر مەخسۇس كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ جۇڭيى ئىلمىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن بەزى كلىنىكا تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش مەقسىتىنى ئېلىپ ئېيتقاندا غان بولساقمۇ، بۇ، 1917 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردىكى ئىش بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن «يول ئۈزۈلۈپ ئادەم شالاڭلاش» ئېھتىمالى كۈچلۈك ۋەزىيەت ئىدى. بۇ

لايدۇ، ئاز سانلىق مىللەت بىمارلىرىغا دورا بەرگەندە ئۇلارنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. 1927 ـ يىلى، ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يۇەنخۇ كۆلىگە ئاممىنىڭ كېسەللىنى داۋالاشقا ئەۋەتىلگەندە يەرلىك خەلق ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. شىڭشىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يىللاردا ئاتالمىش «توپىلاڭ قىلىش ئەنزىسى»نى ئۆزلۈكسىز ئويدۇرۇپ چىقاردى. 1937 ـ يىلى، چېن خاۋرەن تۇتقۇن قىلىنىپ 8 يىل تۈرمە ئازاۋىنى تارتتى. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنلا ئۇ تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپ ئۈرۈمچىدىكى مانجۇ قەلئەسى 1 ـ كوچا 3 ـ نومۇرلۇق قورۇدا ۋېۋۇسكا ئېچىپ تىبابەتچىلىك قىلدى.

1949 ـ يىلى، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. چېن خاۋرەن يېڭى مۇساپىغا قەدەم قويدى؛ ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن خەلقنىڭ كېسەللىنى داۋالىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاندى. ئۇ نەچچە 10 يىللىق كىلىنىكا داۋالاش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاچقا داۋالىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغان كېسەللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئىقتىسادىي كىرىمى كۆڭۈلدىكىدەك بولىسمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، بەلكى جۇڭيى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ كەڭ خەلق ئاممىسىنى كېسەل ئازاۋىدىن قۇ-

《تىببىي رېتسېپ توپلىمىغا ئىزاھات》(《本草备要》)، 《تىب-بىي تەسىراتلار》(《医学心悟》)، 《ئۇتۇق چۆپقا مۇسى قىسقارتىلمىسى》، 《تومۇر ئىلغاش بېتى》(《濒湖脉诀》)، 《قىيىن كېسەللىكلەر رىسالىسى》(《难经》) قاتارلىقلار ئىدى.

چېن خاۋرەن جۇڭگو سىنىپىغا ئىمتىھاندىن بېرىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، خۇددى بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ھەمدە ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ئازراق ۋاقىتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ، دەرسلىكنى پىششىق ئوقۇپ، تىبابەتچىلىكنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە دائىم جاپالىق ئىزدىنىپ ئاساسىي نەزەرىيۋى بىلىملەرنى ئىگىلىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى كۆرگەن يەرلىك دائىرىلەر ئۇنىڭ ئوقۇشىنى مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتتۈرگۈزۈپ ئالتايدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمدا ھەربىي ۋىراچ بولۇپ ئىشلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. 1922 - يىلى 6 - ئايدا، ئۇ، دىخۇاغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن يەرلىك دائىرىلەر يەنە ئۇنى كۇچۇك ناھىيىسىگە مەھكىمە دوختۇرى، قوشۇمچە چېچەك چېكىشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق خىزمەت 1928 - يىل 7 - ئايغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنى كۆڭۈل قويۇپ داۋا-

ئۆتتولدى. يولداش چېن خاۋرەن بۇ ئىككى قەرەل بى-
لىم ئاشۇرۇش سىنىپىنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىسى بولدى.
1952 - يىلدىن 1957 - يىلغا قەدەر، شەھىرى-
مىزدە جۇڭيى بىرلەشمە ئامبولاتورىيىمدىن يەتتىسى
قۇرۇلدى. ئۇ، بىرلەشمە ئامبولاتورىيىلەرنىڭ بارلىققا
كېلىشىدە بەلگىلىك پائال رول ئوينىدى.
1956 - يىلى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە ئىدا-
رىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتى 1-
قەرەل جۇڭيى سىنىپى ئېچىپ 18 كۇرسانت تەربىيىلىدى.
ئوقۇش مۇددىتى 4 يىللىق بۇ سىنىپقا (1) جۇڭيى نەزە-
رىيىسى دەرسىنى بىر تۇتاش ئۆتۈش؛ (2) دوختۇرلارنىڭ
يېتەكلىشى بىلەن كېلىنىك دىئاگنوز قويۇشنى ئۆگىنىش
ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 《内经》(ئىچكى كېسەللىكلەر
رىسالىسى)، 《伤寒》(كېزىك)، 《金匮要略》(جىنكۈي
ياۋلۈي — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كلاسسىك تېبابىي
ئەسىرى)، «温病条辨» (ئىسسىق كېسەللەرنى ئىلغاش)،
«中药学» (جۇڭيى دورىلىرى ئىلمى)، «方剂学» (رېت-
سېپلار ئىلمى)، «内科学» (ئىچكى كېسەللىكلەر ئىل-
مى)، «妇科学» (ئاللار كېسەللىكلىرى ئىلمى)،
«外科学» (تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى)، «儿科学»
(بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى)، «针灸学» (يىڭنە
سانجىپ داغلاش) قاتارلىق تېببىي كىتابلار ئاساسىي
دەرسلىك قىلىندى، چېن خاۋرەن، ليۇسىجۇن، ياۋشىگلىن،

تولدۇرۇشنى ئويلاپ ھەر تەرەپكە قاتراپ جۇڭيى تىبابەتچىلىكى ساھەسىدىكى ئەربابلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، جۇڭيى تىبابەتچىلىكى تەشكىلىنى قۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلدى. 1950 - يىلى 4 - ئايدا، ئۈرۈمچى جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا 34 خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى تىببىي دورا، جۇڭيى دورا دۇكىنى، 10 مىللىي دورا دۇكىنى، 101 جۇڭيى دوختۇرى بار ئىكەن. 1950 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ليۇجىڭۋۇ مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا، چېن خاۋرەن مۇئاۋىن مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا سايلاندى. يىغىندا جۇڭيى تىبابەتچىلىكىگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنىپ، جۇڭيى تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈردى.

1951 - يىل 8 - ئايدا، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى، سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل بولۇشى بىلەن ئوقۇش مۇددىتى 6 ئايلىقتىن ئىككى قەرەل جۇڭيى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئېچىلىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 80 كۇرسانت بىلىم ئاشۇردى. ئۇلارغا ئوتتۇرا دەرىجىلىك دوختۇرلارنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلىپ، بېيجىڭ شەھەرلىك جۇڭيى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى تۈزۈپ چىققان ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن دەرس

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكى، چېن خاۋرەن قاتارلىق پېشقەدەم جۇڭيى دوختۇرلىرىنىڭ پائال تەشەببۇسى بىلەن 1962 - يىلى ئەسلىدىكى 7 جۇڭيى بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيە مەبلەغ توپلاپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى. مەزكۇر دوختۇرخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 9363 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئامبۇلاتورىيىدە جۇڭگوچە داۋالاش، جۇڭگوچە ۋە غەربچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن تۇغۇت، بالىلار كېسەللىكلىرى، يىڭنە سانجىپ داۋالاش، ئۇۋۇلاش، فىزىكىلىق داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش شۇنىڭدەك يۈرەكنى ئېلېكترونلۇق تەكشۈرۈش، تەجرىبىخانا، B ئۇلترا ئاۋازدا تەكشۈرۈش قاتارلىق 15 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ بالنىسى بولۇپ جەمئىي 300 كېسەل كارىۋىتى بار. يولداش چېن خاۋرەن، دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيىسى 1962 - يىلى 8 - ئايدا كېسەل كۆرۈشكە باشلىغاندىن باشلاپ، تا ئاخىرغىچە دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرۈش، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

يولداش چېن خاۋرەن ئۆمۈر بويى پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدىكى 4 چوڭ قەدىمكى كلاسسىك ئەسەر «ئىچكى كېسەللىكلەر رىسالىسى»، «كېزىك»، «جىن كۈي»، «ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى»نى ئاساس قىلىپ، ئۇنى كلىنىكىدا تەج-

شۆيزىڭشۇۋ قاتارلىق پېشقەدەم ئاتاقلىق دوختۇرلاردەرس
ئۆتتى. ھازىرقى جۇڭيى تىبابەتچىلىك سېپىدىكى تا-
يانچ دوختۇرلاردىن لىي تىيەندې، خەن ئېنجۇن، ۋاڭدوراڭ،
شى ۋىنگې قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 1 - قەرەللىك جۇڭ-
يى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى. 1960 - يىلى 9 - ئايدا،
2 - قەرەللىك كۇرس ئېچىلدى. بۇنىڭ ئوقۇش مۇددى-
تى 5 يىل بەلگىلىنىپ، 20نەچچە ئادەم ئوقۇش پۈتتۈردى.
بۇ ئىككى قەرەلنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن
شەھەرگە قاراشلىق ئىككى جۇڭيى دوختۇرخانىسىغا، بىر
قىسمى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىغا تەقسىم قىلىن-
دى، بۇ ئوقۇغۇچىلار كېيىن شىنجاڭنىڭ تېبىبىي ساھە-
سىدىكى داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتىدىكى
تېخنىكا تايانچلىرى ۋە رەھبەرلەر بولۇپ قالدى. بۇ-
نىڭ ئىچىدە باش دوختۇر، مۇئاۋىن باش دوختۇر،
بۆلۈم مۇدىرى، دوختۇرخانا باشلىقى قاتارلىقلار بار.
1980 - يىلدىن ئىلگىرى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخا-
نىسى 3 قەرەل سېستىرا يېتىشتۈرۈش كۇرسى، دوراكۇر-
سى ۋە سېستىرا سىنىپى ئېچىپ 100دىن ئارتۇق ئادەمنى
تەربىيىلىدى. بۇ كۇرسانتلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھرىمىز-
دىكى جۇڭيى دوختۇرخانىلاردىكى دورىگەرلىك، سېس-
تىرالار سېپىدىكى تايانچ بولۇپ قالدى، بۇ تېبىبىي خا-
دىملارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشى چېن خاۋۇەن قاتارلىق پې-
شقەدەم دوختۇرلارنىڭ سىڭدۈرگەن قان تەرىدىن ئايرى-
لالمايدۇ.

ىلىپ دورا بېرەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تىبابەتچىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىپ يەكۈنلىگەن 16 خەتلىك تەسىراتى:

辛凉透表，甘寒养阳。
清温解毒，逐秽开窍。

تەمى ئاچچىق تەبىئىتى سوغۇققا مايىل دورىلار بىلەن
تاشقى بەدەندىكى ئىللەتلەرنى قايتۇرۇش؛ تەمى تاتـ
لىق تەبىئىتى سوغۇق دورىلار بىلەن مەنفىلىك (ئايـ
لىق)نى تەربىيەت قىلىش؛ ئىسسىقنى تازىلاپ زەھەر
قايتۇرۇش؛ توسالغۇلارنى ئېچىش ــ نى ئوقۇغۇچىلارغا
ئەستايىدىل ئۆگەتتى.

1985 ـ يىلى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي
جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى،
جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمـ
چى شۆبىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى
بىرلىكتە چېن خاۋرەننىڭ تىبابەتچىلىك بىلەن شۇـ
غۇللانغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى
ئاچتى. ئۇ ئىنتايىن تەسىرلەنگەن ھالدا بىر كۇپلېت
شېئىر يېزىپ ئۆزىنىڭ پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمغا بولـ
غان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتىـ
نى ئىپادىلىدى.

1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، 90 ياشقا
كىرىپ قالغان پېشقەدەم دوختۇر چېن خاۋرەن شەرەپ
بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. «شىنـ
جاڭ گېزىتى»نىڭ خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

رىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، جۇڭيى تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسىگە پۇختا ئاساس سالدى، ھەممە ئېلىمىزنىڭ جىن، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى تىبابەتچىلىك ئىلمىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە قېرىنداش مىللەتلەر تىبابەتچىلىكنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ دىئاگنوزى توغرا، ئىشلەتكەن دورىلىرى شىپالىق ئىدى.

چىن خاۋرەن، يېڭى بىر ئەۋلاد جۇڭيى ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۆز بىلىمىنى قىلچە قالدۇرماي ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىل ئۆگەتتى. ئۇ دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، مەن چەكلىك ھاياتىمدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنىڭ ھەممىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كېتىمەن». شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىسسىق كېسەللەرگە ئىشلىتىلىدىغان قايىنىتىلمىلار نەزمىسى» «كلىنىكىدا ئۇچرايدىغان قىيىن كېسەللەرنى داۋالاشتىن خۇلاسە»، «چىكىش كېسەللەر توغرىسىدا» قاتارلىق نەزەرىيىۋى بايانلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا قايتا - قايتا سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندىن تاشقىرى،ھەر قېتىم كلىنىكا دىئاگنوز قويۇش ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا بىر - بىردىن كۆرسىتىپ ئۆگەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن داۋالاش پىكرىنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە مۇھاكىمە قى-

بەرلىكىدىلا دۆلىتىمىزنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ [illegible]الچىقى بولىدۇ. گەرچە مەن 90 ياشتىن ھالقىپ قالغان بولسامۇ، يەنىلا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزەمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، جان - دىلىم بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، كوممۇنىزم ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىمەن!».

1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 31- كۈنى، «كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن شەرەپلىك نام ۋە باش جۇڭيى دوختۇر دېگەن كەسپىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن يولداش چىن خاۋرەن بىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ۋىدالاشتى. بىراق ئۇنىڭ يېڭى جۇڭگونىڭ جۇڭيى تىبابەتچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

«چېن خاۋرەن 1917 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، 60 يىل تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، مول كىلىنىكا تەجرىبىسىگە ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسىدە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاپتونوم رايون، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئۈچۈن بىر تۈركۈم جۇڭيى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ جۇڭيى ساھەسىدىكى تايانچلاردىن بولۇپ قالدى.... ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يولداش چېن خاۋرەن زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خىزمەتنى ئاساس قىلىپ، ئامبولاتورىيىدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى ئۇنى ئاقلاپ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭ خىزمەتتىكى غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.... ... ئۇ ياچېيكا يىغىنىدا تەسىرلەنگەن هالدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن كونا جەمئىيەتتە نەچچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرۈپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىقچۈچۈكىنى تېتىغان، ئازادلىقتىن كېيىنلا يېڭى هاياتقا ئېرىشتىم. مەن ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىن شۇنى چوڭقۇر هېس قىلدىمكى، كوممۇنىستىك پارتىيە بولغاندىلا يېڭى جۇڭگو بولىدۇ. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھ-

# ئۈرۈمچى تارىخ ماتېرىياللىرى

**(6)**

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئۈرۈمچى شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى تۈزگەن

7220 - زاۋۇتدا بېسىلدى

1989 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى

---

باھاسى: 2 يۈەن

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن ئەمەت
مۇقاۋىنى رىن مېڭفېي لايىھەلىگەن
ھۆسنىخەتنى ھوشۇر ئەلى يازغان

**乌鲁木齐文史资料**

维文第六辑

中国人民政治协商会议乌鲁木齐市委员会
文史资料委员会编
七二二〇工厂印刷
1989年10月

---

定价：2.00元